ئىقبال تۇرسۇن

# ئۇيغۇرلاردا كىنو-تېلېۋىزىيە
# مەدەنىيىتى




شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئىقبال تۇرسۇن 1969 ـ يىلى
9 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدە سەن-
ئەتكار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.
1991 ـ يىلى ۋە 1994 ـ يىلى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر
ئەدەبىيات كەسپى بويىچە باكالاۋر-
لىق ۋە ماگىستىرلىق ئىلمىي
ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ھازىر شىن-
جاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوت-
سېنتى، شەرقىي جۇڭگو پېداگو-
گىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا فىلولو-
گىيە كەسپى بويىچە دوكتور ئاس-
پىرانت.

ئاپتورنىڭ شىنجاڭ ياشلار ـ
ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن
1997 ـ يىلى «ئۇيغۇر كلاسسىك




بۇ كىتاب شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ئەسەرلەرنى

نەشر قىلىش فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن

本书获新疆师范大学学术基金资助

ئىقبال تۇرسۇن

# ئۇيغۇرلاردا كىنو-تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔族影视艺术欣赏/伊克巴尔·吐尔逊著.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2005.7
ISBN 7-228-09488-3

Ⅰ.维… Ⅱ.伊… Ⅲ①维吾尔族—电影—欣赏—新疆—维吾尔语（中国少数民族语言）②维吾尔族—电视—艺术—欣赏—新疆—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.J905.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 082595 号

责任编辑：艾克巴尔·艾力
再米拉·裴达依
责任校对：赛娜瓦尔·伊布拉音
封面设计：米尔扎提·塔吉

**维吾尔族影视艺术欣赏** （维吾尔文）
伊克巴尔·吐尔逊著

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001）
新疆新华书店经销
新疆生产建设兵团印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 7.25 印张
2005 年 8 月第 1 版 2005 年 8 月第 1 次印刷
印数：1 — 2500

---

ISBN 7-228-09488-3 定价:12.00 元

# كىرىش سۆز

ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇر كىنو سەنئىتىدە بولغان قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە «ئۇيغۇر كىنوچىلىقى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» ناملىق ئوبزورنى يېزىش ئارقىلىق كىنوچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىلىلىرى ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ كىنو ــ تېلېۋىزىيە سەنئىتى تەتقىقاتى مېنىڭ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىمنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ كەلمەكتە. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بوسۇغىسىدىن كىرىپ كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغۋار غايە ئىستەكلىرىمنى ئىزدەشكە باشلىغاندىن تارتىپ تا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغانغا قەدەر، بولۇپمۇ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا خىزمەتكە چۈشكەندىن بۇيان، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى، مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىكا تەتقىقاتى مېنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات دائىرەم بولۇپ كەلدى. جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ھېچقانچە قىزىقىشىنى قوزغىمايدىغان كىنو ــ تېلېۋىزىيە سەنئىتى تەتقىقاتىنى قانداقلارچە قىزىقىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگىنىمگە ئۆزۈممۇ بىرنېمە دەپ بېرەلمەيمەن. ئون نەچچە يىل داۋامىدا كىنو ــ تېلېۋىزىيە سەنئىتىگە دائىر 50 ــ 60 پارچە ئوبزور ۋە ماقالە يېزىپتىمەن، ئوبزور ۋە ماقالە-

لىرىمنىڭ بەزىلىرى جەمئىيەتتە ياخشى ئىنكاسلارنى قوزغىغان، يەنە بەزىلىرى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتتا پايدى- لىنىش رولىنى ئويىنىغانمۇ بولدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قولىغا سۇنۇۋاتقان بۇ كىتاب مېنىڭ ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە ئون نەچچە يىلدىن بۇيان يازغان ماقالە، ئوبزورلىرىمنى مەلۇم دەرىجىدە قايتا رەتلەش ئاساسىدا تۈزۈلگەن، ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپى- سى، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى، مەدەنىيەت ۋە ئېس- تېتىك ئالاھىدىلىكى، قىممىتى شۇنداقلا ئۇنىڭ نۆۋەت- تىكى ئەھۋالى بىلەن تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەققىدە خېلى چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان ئەسەر.

كىنو - تېلېۋىزىيە - دۇنيادا ئەڭ كېيىن پەيدا بولغان ۋە ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان، شۇنداقلا ئەڭ تېز يېڭىلىنىپ بېرىۋاتقان زامانىۋى ياش جەلپكار سې- ھىرلىك سەنئەت. ئۇ ئىنسانىنىڭ قەلبىگە ئازادىلىك، گۈزەللىك ئارامبەخش ئەتكۈچى روھىي ئوزۇق، دۇنيا- نى چۈشىنىشنىڭ جاھانىنەمىسى.

ئۇيغۇرلار كىنو - تېلېۋىزىيە بىلەن تونۇشقىلى ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرگىلى 70 — 80 يىللار بولغان بولسىمۇ، كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك مۇھىم رول ئويناپ باقمىغان. ئۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇش شەكلىمىز، ياشاش ئۇسۇلىمىز، مەدەنىيەت ۋە روھىي دۇنيايىمىزغا بۇگۈنكىدەك چوڭقۇر تەسىر قىلمىغان. ئۇ بارغانسېرى ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلانماقتا. يېرىم ئەسىرلىك كىنو - تېلېۋىزىيە سەن- ئىتى مۇساپىسىدە، ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئى-

تىنىڭ ئۇتۇقلىرى، مەغلۇبىيەت - ساۋاقلىرىمۇ، چەكلىمىلىك ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىمۇ بار. مېنىڭچە، بىر مىللەتنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى — شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، مىللىي روھىيىتى ۋە ئەخلاقىي ئېستېتىكىلىق قىممەت قاراشلىرىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەش ئارقىلىق شۇ مىللەتنى باشقىلارغا، دۇنياغا تونۇشتۇرىدىغان كۆزنەك. ئۇ ئاددىيلا ئويۇن - كۈلكىنىڭ ۋاستىسى ئەمەس. مۇھىمى ئويۇن - كۈلكە ئىچىدە مەلۇم مەدەنىيەت ئېڭى - ئىدىيىسى ھېسسىياتى بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدىغان، ئويلاندۇرىدىغان سەنئەت تۈرى.

كىنو - تېلېۋىزىيە ئۆزىگە خاس سەنئەت ۋە ئېستېتىك قائىدە - پرىنسىپلارغا تايىنىپ ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان، تەسىرلەندۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان جانلىق شەكىل. بىر مىللەت ياشلىرىنىڭ ھېسسىيات، كەيپىيات، ئىرادە روھىنى ئالىيجاناب ھېسسىيات ۋە ئەخلاق ئىچىدە چېنىقتۇرۇش، مۇكەممەل كىشىلىك خاراكتېر ۋە دۇنيا قاراشنى تىكلەشتە كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى كەم بولسا بولمايدىغان دەرس. شىنجاڭدا كىنو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى، سەنئەت ئىجادىيىتى ھەر مۇقامدا يورغىلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ فىلولوگىيە كەسپى، سەنئەت مەكتەپلىرى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ساھەلىرىدە كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنى بىر پەن، بىر ئىلىم دەپ تونۇش، توغرىراقى مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي مائارىپنىڭ مۇھىم ھالقىسى دەپ قاراش ئېڭى بەكمۇ كەمچىل. كىنو - تېلېۋىزىيىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولىغا نىسبەتەن كۆزقاراش مۇجمەل ۋە

بىر تەرەپلىمە بولغانلىقتىن، بۇ سەنئەتنى نەزەرىيە
جەھەتتىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا تازا ئەھمىيەت بې-
رىلمەي كەلدى. كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى نەزەرى-
يىسى ۋە ئىجادىيىتى، كىنو - تېلېۋىزىيە ئېستېتىكى-
سى ۋە تەنقىد، كىنو - تېلېۋىزىيەدىن زوقلىنىش ۋە
مەنىۋى ساپا تەربىيىسى مەيلى مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا بول-
سۇن ياكى سەنئەت ساھەسىدە بولسۇن كىشىلەرنىڭ
ئانچە دىققىتىگە سازاۋەر بولالمىدى. لېكىن ھازىر ئۇي-
غۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئىجادىيىتى بازىرى-
نىڭ بارغانسېرى قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى بىر
ئەمەلىيەت. مېنىڭ بىرمۇنچە ۋاقىتنى بۇ ھەقتىكى
تەتقىقات ۋە ئويلىنىشقا سەرپ قىلىشىم ئۇيغۇر كىنو
- تېلېۋىزىيە سەنئىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مائارى-
پى قۇرۇلۇشىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم
بىر قىسمى دەپ قارىغانلىقىمدىندۇر.

بۇ كىتابنى ماقالىلەرنىڭ مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن
بابلارغا ۋە كىچىك ماۋزۇلارغا بۆلۈپ سىستېمىلىق
ھالەتكە كەلتۈردۈم. ئۇنىڭ ئىچىدە خېلى يىللار بۇرۇن
يازغان بەزى ئوبزۇر - ماقالىلەر ھازىرقى ئوقۇغۇچى-
لارغا ئانچە يېڭى تۇيۇلماسلىقىمۇ مۇمكىن، ئەمما بۇ
مۇلاھىزىلەر ئاشۇ ۋاقىتتا ھەم ئالدى - كەينىدىكى
ماقالىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ قارالسا، ئۇنىڭ قىممىتى
مەلۇم بولىدۇ. بەزى ماقالىلەر مەزمۇن جەھەتتىن ئاد-
دىي ۋە يۈزە بولغان بولۇشى مۇمكىن، نېمىلا بولمى-
سۇن ئۇ مېنىڭ شەخسىي پىكىر خاھىشىمغا ۋەكىل-
لىك قىلىدۇ. يەنە كېلىپ مەن كىنو - تېلېۋىزىيە
سەنئىتى كەسپىدە ئوقۇمىغان، بۇ ساھەگە ئىشتىن
سىرتقى ھەۋەس بىلەن كىرىپ كەلگەن، گەرچە كىنو

- تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارزۇيۇم كۈچلۈك بولسىمۇ ۋە بۇ جەھەتتە مەلۇم ئاساسىم بولسىمۇ ھازىرغىچە ۋاقىت ھەم شارائىت سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن بۇ ئارزۇيۇم ھېلىمۇ شۇ پېتى قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن بۇ كىتابتا كىنو - تېلېۋىزىيىنىڭ كەسپىي نەزەرىيىۋى قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم. ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىگە ئائىت مۇھىم مەسىلىلەرگە باشتىن - ئاخىر خالىس، توغرا مەيداندا تۇرۇپ، ھەققانىي، ئادىل باھا بېرىشكە ئەھمىيەت بەردىم. ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنى مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىكا جەھەتتىن ئىنچىكە، چوڭقۇر ۋە ئەستايىدىل شەرھلەشكە كۈچ سەرپ قىلدىم.

دۇنيا كىنوچىلىقىنىڭ مەيدانغا كەلگىنىگە 100 يىل، جۇڭگو كىنوچىلىقىغا 80 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، مەن «ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى» ناملىق بۇ كىتابنى ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق مۇساپىسىگە، كەڭ كىنو - تېلېۋىزىيە خادىملىرىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر ئەسىردىن بۇيان زور ھەسسە قوشقان بوۋام ئابدۇللا تۇردى ۋە ئۇنىڭ ئىزىنى باسقان جەمەتىمىزدىن يېتىشىپ چىققان بۈگۈنكى سەنئەتكارلىرىمىزغا بېغىشلايمەن.

ئاخىردا دەيدىغىنىم، بۇ كىتاب ئەگەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ساھەسىدىكى كىشىلەرگە ئازدۇر - كۆپتۇر تەسىر قىلالىسا، كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى تەتقىقاتىغا ئاز -

تولا تۆرتكە بولالىسا، كەڭ ياشلىرىمىزنىڭ بۇ ساھەگە قىزىقىشىنى قوزغىيالىسا مېنىڭ مەقسىتىمۇ ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، نۆۋەتتە پۇل ۋە ئىقتىسادىي قىممەتنى قوغلىشىپ ئىلمىي كىتابلارنى چىقىرىش تەسلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، كىتابنى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەكبەر ئېلىغا، زەمىرە خانىمغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن. كىتابنىڭ مەزمۇنلىرىدا توغرا بولمىغان بەزى تەرەپلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ۋە تۈزدتىپ ئوقۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ مۇساپىسى ۋە مەدەنىيەت، ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى

بىرىنچى باب ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت، ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى ........................ 1
1 . ئۇيغۇر كىنو سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى مۇساپىسى ................................ 1
2 . 80 - يىللاردىكى ئۇيغۇر كىنو ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى ................................ 6
3 . 90 - يىللاردىن بۇيانقى ئۇيغۇر كىنولىرىدا مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە چېكىنىش ........................................ 12
ئىككىنچى باب ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىدە مىللىي مەدەنىيەت ئېڭى ...... 21
1 . ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە كىنو ئىجادىيىتىمىزدە يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسى ... ........................................ 21
2 . كۆلىگە يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت پسىخىكىمىز ۋە كومېدىيىلىك فىلىم ئىجادى-

يىتى ........................................ 33

3 . ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىدە مىللىي مەدەنىيەت ئېڭىنى تىكلەش ۋە

ئۇنىڭ قىممىتى ........................ 42

ئۇچىنچى باب ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت خاھىشى ............ 55

1 . بۈگۈنكى ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە سەنئىتىگە نەزەر ........................................ 55

2 . ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ ئىجادىيەت خاھىشى ........................ 64


# ئىككىنچى بۆلۈم كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىدىن ئېستېتىك زوقلىنىش ۋە تەنقىد


تۆتىنچى باب كىنو سەنئىتىنىڭ ئېستېتىك پرىنسىپ ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ............ 70

1 . كىنو ئېستېتىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ........................................ 70

2 . كىنودىكى پېرسوناژ ئوبرازى............ 75

3 . كىنودىكى مونتاژ ........................ 81

4 . كىنونىڭ قۇرۇلمىسى ................... 87

5 . كىنو ۋە مۇزىكا........................... 94

6 . كىنو ۋە شېئىر ........................... 97

بەشىنچى باب كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىدىن زوقلىنىش ۋە تەنقىد ............ 104

1 . كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىدىن زوقلىنىش ۋە تەنقىد ........................ 104

2 . ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىد ـ
ئوبروزچىلىقىنىڭ هازىرقى ئەھۋالىغا
باها ............................... 111
3 . ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچى-
لىكى ھەققىدە ئويلىنىش............. 118
**ئالتىنچى باب تەسىرات، تەنقىد ۋە**
**موھاكىمە : ئېكراندىن تۇغۇلغان ئويلار... 125**
1 . كومېدىيىلىك كىنو فىلىمىدىكى خاراكتېر
توقۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتى
................................................ 125
2 . «بۆرە كۆلەڭگىسى»دە ئويغانغان ئەپ-
سانىۋى روھ ........................ 130
3 . تارىخىي چىنلىق ۋە بەدىئىي گۈزەللىك-
نىڭ يارقىن نامايەندىسى............. 136
4 . تارىخىي تېمىدىكى فىلىم تارىخقا ئۇيغۇن
كېلىشى كېرەك ..................... 141
5 . زېمىن ۋە غايە .......................... 150
6 . مەھكۇملۇق ۋە دوزاخ .................. 156
7 . زىيالىيلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ئويلى-
نىش ................................ 162
8 . شىنجاڭ مىللىي كىنوچىلىقىنىڭ كۆزنى-
كى ................................... 168
9 . ئۇلۇغ روھقا ئوقۇلغان مەدھىيە ...... 174
10 . خەلق قەلبىنى تىترەتكەن ئوبراز ... 179
11 . ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى
قۇدرەت تاپقۇزۇش.................... 182
12 . تارىخنىڭ ئەينەن تەسۋىرى........... 187
**يەتتىنچى باب ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە**

**سەنئەتنىڭ ئېستېتىك يۈزلىنىشى ۋە مىللىي مەدەنىيەت مائارىپىدا تۇتقان ئورنى** ........................................ 193
1 . يېڭى ئەسىردىكى خىرىس ۋە تاللاش : رەقەم تېخنىكىسى دەۋرىدە كىنو ئېستېتىكىسىنىڭ تارىخىي بۇرۇلۇشى ۋە ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ چىقىش يولى ........................................ 193
2 . «كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى» ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات نىشانى .......... 201
3 . كىنو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ئەخلاقىي ئېستېتىك تەلىم ـ تەربىيە ............... 206
4 . ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى ............ 211

# بىرىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ مۇساپىسى ۋە مەدەنىيەت، ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى

## بىرىنچى باب ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت، ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى

### 1. ئۇيغۇر كىنو سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى مۇساپىسى

21 - ئەسىرگە قەدەم قويغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى يېڭى تېخنىكا ۋە ئىقتىساد، ئۇچۇر ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش بىلەن مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكى شارائىتىدىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىش ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تېمىسىغا ئايلانماقتا. كىنو - تېلېۋىزىيە بۇنداق ئالاھىدە تارىخىي مۇھىتتا شۇبھىسىزكى، بىر خىل ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋاسىتىسى سۈپىتىدە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قىياپىتى ھەم ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ جانلىق، تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

دۇنيادا تۇنجى كىنو 1894 - يىلى پەيدا بولغاندىن بۇيان، بىر ئەسىرلىك تەرەققىيات تارىخىدا ھازىرقى

زامان پەن ـ تېخنىكىسىنى ئاساس قىلىپ ئۇچۇر تورى ، رەقەم تېخنىكىسى ۋە سەنئەتنى مۇكەممەل بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ ئۆزىنىڭ يۇكسەك بەدىئىي ئىپادىلەش قۇدرىتى ۋە ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى . ئۇيغۇرلارنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىنى 1930 ـ يىلى ئۇرۇمچى ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئاۋازسىز كىنو فىلىملىرىنىڭ قويۇلغىنىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا بۇگۈنگە قەدەر 70 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى . پۇتكۇل ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تارىخىغا نىسبەتەن گەرچە بۇ تولىمۇ قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ ، لېكىن ئۇيغۇرلار بۇ جەرياندا كىنونى چۈشىنىش ، كىنو تېخنىكىسى بىلەن تونۇشۇشتىن تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى سۈرەتلەنگەن ھۆججەتلىك فىلىم ۋە ھېكايە فىلىملەرنى مۇستەقىل ئىشلەشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى . شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ 1956 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە شىنجاڭ كىنو ستۇدىيىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1962 ـ مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن ھېكايە فىلىم ئىشلەش توختىتىلىپ فىلىم تەرجىمە قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەنگە قەدەر ، شىنجاڭدا ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشى تېما قىلىنغان «بوستانلىقتىكى تەنتەنە» (شاڭخەي بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن ، 1958 ) ، «ئىككى ئەۋلاد» (1959 ) ، «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» (1960 ) ، «ئانارخان» (1961 ) قاتارلىق ھېكايە فىلىملەر ئىشلەندى . بۇ شىنجاڭ مىللىي كىنوچىلىق ئىشلىرىنىڭ جانلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى كىنو ئېكرانىدا ئەكس ئەت-

تۈرۈشتىكى دەسلەپكى سىناق ۋە ئىزدىنىشنىڭ نەتىـ-
جىسى بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھۆ-
كۈم سۈرگەن 60 — 70 - يىللاردا، شىنجاڭدا
فىلىم تەرجىمە قىلىش كىنوچىلىقىنىڭ مۇھىم ۋەزىپى-
سىگە ئايلىنىپ قېلىپ كىنو ئىجادىيىتى توختاپ قالغا-
نىدى. ئون يىل داۋاملاشقان سىياسىي كۈرەش ئاخىر-
لىشىپ يېڭى بىر سىياسىي تۈزۈلمە ۋە مەدەنىيەت دەۋ-
رى يېتىپ كېلىش بىلەن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى يېڭى تارىخىي بۇرۇ-
لۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ
1979 - يىلى 11 - ئايدا «شىنجاڭ تەرجىمە فىلىم
ستۇدىيىسى» دىن نامى ئۆزگەرتىلگەن «تەڭرىتاغ كىنو
ستۇدىيىسى» رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ
مىللىي كىنوچىلىقىمۇ يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا
كىردى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، 20 - ئەسىر-
نىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 80 - يىللارنىڭ
باشلىرى جۇڭگو جەمئىيىتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى» دىن كېيىنكى يېڭى بىلەن كونا ئورۇن ئالمىشى-
ۋاتقان، مەدەنىيەت بالايىئاپىتىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە
قالدۇرغان ئېغىر مەنىۋى جاراھەت ۋە ئازابى كۈچلۈك
تەسىر كۆرسىتىۋاتقان، كونا تۈزۈلمىگە تەۋە مەدەنىيەت
ئامىللىرى يېڭى بىر دەۋردىكى سىياسىي يېڭى مەدەنى-
يەتنىڭ ھاياتىي كۈچى ئالدىدا ئىلاجسىز سەھنىدىن
چۈشۈۋاتقان چوڭ تارىخىي ئۆزگىرىش پەيتىدە تۇرات-
تى. بۇنداق شارائىتتا، ئەدەبىيات - سەنئەت دۆلەت
ۋە مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدە
ئىدېئولوگىيىلىك فورمىسى سۈپىتىدە كونا مەدەنىيەت

ۋە ئىدىيە قۇرۇلمىسىنى تەنقىد قىلىش ھەمدە ئىسلاھ قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىش جەھەتتە ئۆز بۇرچى ھەققىدە ئويلانمىسا بولمايتتى . ئۆتمۈش تارىخ ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئىدىيە ھالىتى ئۈستىدە ئويلىنىش ئەسلى پەلسەپىنىڭ بۇرچى بولسىمۇ ، ئەمما خەلقىمىزنىڭ پەل-سەپىۋى ئاڭ تەپەككۇرى يۇزە ۋە نامرات شارائىتتا بۇ ۋەزىپە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى زىممىسىگە يۈكلەنگەن . يېڭى دەۋردىكى ھايات رىتىمىنىڭ جىددىي ئالغا سىلجىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى تارىخ-تىكىدەك بىر نەچچە داڭلىق دانىشمەن پەيلاسوپىنىڭ ئۇ-گۈت نەسىھەتلىرى بىلەن ئويغىتىلىشۋاتقىنى يوق ، بەل-كى پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ بەدى-ئىي تەسىرلەندۈرۈش ۋە ئويلاندۇرۇش كۈچى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىنى چۈشەنمەكتە . كى-نو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ھەققىدە ئويلىنىشتەك تارىخىي مە-دەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئەدەبىياتقا قارىغاندا قەدىمى كېيىن ، سۈرئىتى ئاستا بېسىلغان بولسىمۇ ، قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇ ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە ئويلىنىش ئېقىمىغا كىرىپ كەلدى . ئۇي-غۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئالاھىدە سىياسىي ۋە مەدەنىيەت بۇرۇلۇش دوقمۇشىدا تۇرۇۋاتقان ئۇي--غۇر خەلقىنىڭ مۇرەككەپ خاراكتېر - پسىخىكى-سى ، ئىدىيە - ھېسسىياتى ۋە مەدەنىيەت ، ئېستېتىك ئەنئەنىلىرىنى ئېچىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى .

ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تۇر-مۇشنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىكى بولغىنى-

دەك ، ياش جەلپكار سەنئەت ـــ كىنونىڭمۇ ئادەمنى ئەكس ئەتتۇرۇشتە ئۆزگىچە تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ھەم ۋاسىتىسى بار . ئەڭ مۇھىمى تۇرمۇش ۋە ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېكران كۆرۈنۈشىدە كىنو تېخنىد- كىسى ۋە كىنو تىلى ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق جانلىق ، تىپىك ، تەسىرلىك بىۋاستە ، ئەينەن سۈرەتلەشتىن ئىبارەت . كىنودا مىللىي خاراكتېر ، مىللىي روھنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئىپا- دىلەش ، مەلۇم مىللەتنىڭ كونا مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئۇنىڭ زامانغا خاس ئىندىۋىدۇئال تەرەققىياتىنى جانلىق ، تەسىرچان يارىتىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم .

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى «مەدەنىيەت كۆرىشى» نىڭ قىسمەتلىرى تېما قىلىنغان «جاراھەت ئەدەبىياتى» غا ياندىشقان ئۇيغۇر كىنوچىلىقى 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بۇ دەۋردىكى مەنىۋى «جا- راھەت» نى ، بوران - چاپقۇنلار ئىچىدە ئازار يېگەن شەخس قەلبىدىكى ھەسرەتلىك پىغان ، داغ ، ھەسرەت- لەرنى چىن ئىنسانىي گۈزەللىك ، كىشىلىك قەدىر - قىممەت ، مۇھەببەت ۋە ئائىلە ، ھايات ۋە بەخت ، بىلىم ۋە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ تۇرمۇش پاجىئەسىنى بىرقەدەر چىن ، ھېسسىياتلىق سۈرەتلەپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ھايات ئۆزگىرىشلىرىنىڭ شەخس روھىدىكى ئىنكاسىنى ، مە- دەنىيەت ۋە ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە بۇرۇلۇشىد- نى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ساقلانغان خىلمۇخىل ناچار خاھىش مەسىلىلەرنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى . «ئارتىس بولمايدىغان قىز» ناملىق فىلىم دەل بۇ «مەدەنىيەت

ئىنقىلابى »نىڭ جاراھىتى تېمىسىنى تەسىرلىك يورۇت-
قان ياخشى فىلىملەرنىڭ بىرى . بۇ فىلىمدە 60 —
70 - يىللاردىكى سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ
تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە غايەت زور بۇزغۇنچىلىق قىلىپ
مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى چېكىندۈرۈۋەت-
كەنلىكى ، ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتى ، ھوقۇقىنى
دەپسەندە قىلغانلىقىنى سىياسىي تۈزۈم ۋە جەمئىيەت
نۇقتىسىدىن پاش قىلغان . ئەدەبىيات - سەنئەتتە
«ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ھەممە ئېقىملار
بەس - بەستە سايراش» تەرەققىيات يۆنىلىشى بىلەن
ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ،
شىنجاڭ ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ۋە
مىللىي ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش-
تىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش ۋە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقى-
يىتى يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ مىللىي كىنو - تېلېۋى-
زىيە سەنئىتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى بارلىققا
كەلتۈردى . بۇ بىزگە مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىك گۈزەل-
لىك قىممىتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر كىنوچىلىق ئىجادى-
يىتىگە نەزەر سېلىش ، باھا بېرىش ۋە ئۇ ھەقتە ئويلى-
نىش ئىمكانىيىتىنى بەردى .

## 2 . 80 - يىللاردىكى ئۇيغۇر كىنو ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى

80 - يىللاردا ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى
سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇي-
غۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى سەھنىسىدىكى يازغۇچى -
شائىرلار ۋە سەنئەتكارلىرىمىز ئۆز ئىجادىيىتىدە بىر
تەرەپتىن خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى ، يېقىنقى ۋە ھازىرقى
زامان تارىخىدىكى سىياسىي ، ئىجتىمائىي سەرگۈزەشت-

لىرنى ، تۇرمۇش ئىچىنى ئەكس ئەتتۇرسە ، يەنە بىر
تەرەپتىن بۈگۈنكى دەۋردىكى مىللەتنىڭ بارغانسېرى
ئېچىۋېتىلىۋاتقان ، ئۆزگىرىۋاتقان مەدەنىيەت ۋە گۈ-
زەللىك ئېڭىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ئېچىپ بېرىش
ئۈچۈن دادىل ئىزدەندى . ئەدەبىيات ساھەسىدە يېڭىچە
ئەپسانىۋى تىياتىرلار ، يېڭى شېئىر ، ئىزلەنمە ھېكايە-
لەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر كىنوچىلىقى مىللىي مەدەن-
يەت ئەنئەنىسى ۋە مىللىي ئېستېتىك ئالاھىدىلىك جە-
ھەتتە ئىزدىنىپ مىللىي مەدەنىيەت ھەققىدىكى ئويلى-
نىشنى تېخىمۇ جانلىق ئىلگىرى سۈردى . روشەنكى ،
ئادەمنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان بەدىئىي ئالاقىسى
كۆپ قۇرۇلمىلىق بولىدۇ . بۈگۈنكى ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىنساننىڭ
ئۆزىنى قايتا ئىختىرا قىلىش ، ئىنساننىڭ ھاياتلىق
تەجرىبىسى ، ئەقلىي بىلىمى ۋە ھېسسىياتى ئارقىلىق
ئۆزىنى مەدەنىيەت ئىچىدە ھەقىقىي تۇردە قايتا چۈشە-
نىشتىن ئىبارەت . شۇڭا ، ئادەمنىڭ مۇھەببەت -
نەپرىتى ، ھەقىقىي ئىنسانىي خىيال - تۇيغۇسى ،
ئارزۇ - ئىستەكلىرى مىللىي خاراكتېر ۋە ئېستېتىك
ئۆزگىچىلىك بىلەن يارىتىلىش سەنئەتتىكى ئوبرازنىڭ
مۇكەممەللىكى ، چىنلىقىنىڭ يۈكسەكلىكى ، مىللىي
خاسلىقىنىڭ روشەنلىكىدىكى ئىنايىن مۇھىم شەرت .
ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ،
مىللىي ئېستېتىك ئالاھىدىلىك ھەم دەۋر روھى جەھەت-
تىكى ئىزدىنىش ۋە دەسلەپكى ئۇتۇقلىرى ئۇنىڭ تار
قېلىپبازلىق ، مەدھىيەۋازلىق رامكىسىدىن قۇتۇلۇپ
ئادەمنى تۇرمۇش ئىچىدە يارىتىشقا قايتقانلىقىدىلا ئە-
مەس ، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ، كىنو - تېلېۋىزىيىدىن

ئىبارەت ئىنسانىيەتكە ئورتاق بۇ سەنئەتنى مىللىيلەش-
تۈرۈش يولىدا ئىزدەنگەنلىكىدە . بىز بۇ مەدەنىيەت ۋە
ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنىڭ تارىخىي تېمىدىكى
«غېرىب - سەنەم» (1950) ، «سىرلىق كارۋان»
(1985) «ساھىبجامالنىڭ ئۆلۈمى» (1986) ، «خا-
نىش ئامانىنساخان» فىلىملىرىدىن ، ھازىرقى زامان
رېئال تۇرمۇش تېمىسىدىكى «رەنانىڭ تويى»
(1982) ، «ئارتىس بولمايدىغان قىز» (1983) ،
«نۇرنىسا» (1984) ، «تىنچسىز قۇمباغ»
(1985) ، «غەربىي دىياردىكى ئۇسسۇل مەستانىلى-
رى» (1988) ، «يالقۇنتاغدىن كەلگەن داپچى»
(1991) شۇنداقلا كومېدىيىلىك ھېكايە فىلىملىرىدىن
«نەسىردىن ئەپەندى» (1980) ، «بەخت ناخشىسى»
(1981) ، «پۇل دېگەن نەرسە» (1985) ، «مەمەت
ھەققىدە پاراڭ» (1988) ، «بويتاقلار ئائىلىسى»
(1988) ، «موللازەيدىن» قاتارلىق كىنو فىلىملىرى-
دە مەزمۇن ، قۇرۇلما ، ئوبراز يارىتىش كىنو تېخنىكا
جەھەتتىن خېلى زور دەرىجىدە يەكسەلگەنلىكىنى ئې-
نىق كۆرەلەيمىز . 80 - يىللاردىكى ئۇيغۇر كىنوچى-
لىقنىڭ تارىخ ۋە رېئال تېمىدىكى يۇقىرىقى ۋەكىللىك
فىلىملىرى بىرلىشىپ ، بىزنىڭ ئۆتمۈش ۋە بۈگ-
ۈنكى ھاياتىمىز بىلەن مەدەنىيەت پىسخىك دۇن-
يايىمىزنى بىر قەدەر چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە
قىلدى .

تارىخقا نەزەر سالساق ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنى-
يىتىدە مۇھەببەت ، نىكاھ ، ئائىلە ۋە كىشىلىك مۇنا-
سىۋەتكە باغلىق بولغان قائىدە - يوسۇن ، ئۆرپ -
ئادەت ۋە ئەخلاقىي رامكا - پرىنسىپلار بىرقەدەر كۆپ .

ئەخلاق ۋە ئادەمگەرچىلىك — ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ
مۇھىم قىممەت ئۆلچىمى. چەت يېزا - قىشلاق
سەھرالاردىن چوڭ شەھەرلەرگىچە ئۇيغۇر تۇرمۇشى
كۈچلۈك دىنىي ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەخلاق پۇرىقىغا
تولغان. ئەرلەر ۋە ئاياللار، ياشلار ۋە ياشانغانلار ھەر
خىل ھۈنەر - كەسىپ ۋە ساپادىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئا-
را مۇناسىۋىتى مۇشۇ دىنىي ئەخلاقى ئادىمىگەرچىلىك
مىزانى ئاساسىغا تىكلەنگەن ۋە شۇ ئەنئەنىۋى پرىنسىپ-
نىڭ چەكلىمىسىدە بولۇپ كەلگەن. بىزنىڭ ئېتى-
قاد، مۇھەببەت، مەنپەئەت، كىشىلىك قەدىر -
قىممەت، مېھىر - شەپقەت، دوستانىلىك، ساختى-
لىق، قارا كۆڭۈللۈك ھەققىدىكى ئەخلاقىي ئېڭىمىز
ۋە مەيدانىمىز ئەنە شۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە دىنىي
ئەخلاق ئۆلچىمى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇ تەرزدە
ئۆزگەرگەن، بەزىدە پەردازلانغان ۋە ھەتتا ساختا كۆ-
رۈنۈشمۇ ئالغان. بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا باتۇرلۇق،
مەردلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىق، دوستانىلىك،
سەمىمىيلىك، قىزىققانلىق بىلەن تەڭ يەڭگىلتەكلىك،
مەنمەنلىك، جاھىللىق، ئۆزۈمچىللىك، بىخۇدلۇق،
خۇراپىيلىق، ئىچى تارلىق، مەزھەپ، مەھەللىۋازلىق-
قا ئوخشاش پىسخىكىلىق ئامىللار ئوخشىمىغان دەرى-
جىدە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ياكى ئادەت كۆرۈنۈشىدە
ئارىلىشىپ كەتكەن ھەمدە مىللەتنىڭ بەختسىز قىس-
مەتلىرى، كۆز يېشىغا ھەمراھ بولۇپ بۇگۈنگىچە دا-
ۋاملىشىپ كەلگەن. كونىلار «ئىللەت تۇزەلمىگۈچە
مىللەت تۇزەلمەس» دەپ ئېيتقىنىدەك، بۇ قەدىمىي
ئەمما ناتىۋان مىللەت ئۆز چەكلىمىلىكىدىن قۇتۇلۇپ
ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مەدە-

نىيىتى ۋە تارىخىنى ئۆگىنىپ ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قى-
لىپ ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلى-
نىشنى ئۆگىنىۋېلىشى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ،
ئۆز مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە پسىخىكىسىدىكى زەئىپ-
لىك ، ناچار ئىللەتلەرنى بايقاپ ئۇ ھەقتە ئويلىنىش ،
ئۇنى پاش قىلىشقا ، ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلالىشى
ۋە ئۇنىڭدىن قول ئۈزەلەيدىغان بولۇشى كېرەك . شۇنى-
داق ئىكەن ، ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى-
نىڭ بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش
ئۇنىڭ يۈكسەك بۇرچى بولۇپ ، ئەھمىيىتى چوڭ
ئىش . 80 ــ 90 - يىللاردا ئىشلەنگەن «غېرىب -
سەنەم» ، «خانىش ئامانىنىساخان» ، «سىرلىق كار-
ۋان» قاتارلىق تارىخىي تېمىدىكى فىلىملەر ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇش ، مە-
دەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتى ، ئۆزگىچە پسىخىكىلىق
خاراكتېرىنى ئىپادىلەشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ، ئۇ-
لارنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە ئېستېتىك گۈزەللىك
قاراشلىرىنى ، ھەققانىيەت ، باراۋەرلىككە ، گۈزەل
ئەركىن ھاياتقا ، چىن مۇھەببەتكە تەلپۈنۈش بىلەن
تۇرلۇك ئىجتىمائىي تەبىقە ۋە گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى
كۆزگە كۆرۈنمەس دەرىجە پەرقى ، فېئوداللىق چىرىك
ئەخلاقىي قاراش ۋە قىممەت قارىشىنىڭ مۇرەككەپ
توقۇنۇشىنى كۆرسىتىپ بەردى . ئەپسانىۋى تۇس ئال-
غان قەدىمىي ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەشەمەتلىك ، كۆركەم
ۋە جانلىق مەنزىرىسىنى گەۋدىلەندۈردى . بۇ باسقۇچتى-
كى رېئال تۇرمۇش تېما قىلىنغان كىنو فىلىملىرى
بىلەن كومېدىيىلىك ھېكايە فىلىملەر ئۇيغۇر كىنوچى-
لىقىنىڭ 80 - يىللاردىكى گۈللەنگەنلىكىنىڭ بەلگى-

سى . 90 ـ يىللاردىكى كىنو فىلىملىرى يېڭى سىيا-
سىي ، مەدەنىيەت بۇرۇلۇش پەيتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
زامانىۋىلىشىش قەدىمىدە يولۇققان ئەخلاق ۋە كىشىلىك
قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ،
كونىلىق بىلەن يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ،
چۈشىنىش ۋە بۇرۇلۇش جەريانىدىكى ھېسسىيات پو-
زىتسىيىسىنى خېلىلا روشەن كۆرسىتىپ بەردى .

ئەنئەنىۋى ئائىلە ئەخلاقى ۋە نىكاھ ، مۇھەببەت
مەسىلىلىرىدە ئەرلەرنىڭ نوپۇزى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
بەلگىلىشى ئالدىدا قىز ـ ئاياللارنىڭ ئۆز ئارزۇسىغا
خىلاپ بولسىمۇ ئىتائەتمەنلىك ، بويسۇنۇش ۋە سۈكۈت
قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە
ھايا — ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئاياللار ئەخ-
لاقىغا مۇناسىۋەتلىك تىپىك بىر ئالاھىدىلىكىدۇر .
ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق چۈشەنچىسىگە مەنسۇپ
بەزى ئادەت ۋە ئىدىيە قاراشلار يېڭى دەۋردىكى مىللەت-
نىڭ ئىلغار مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا توسالغۇ شۇنداق-
لا پاسسىپ ئامىل . «بەخت ناخشىسى» ، «رەنا-
نىڭ تويى» ، «نۇرنىسا» قاتارلىق فىلىملەردىكى ئۇي-
غۇر قىز ـ ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى رامكا ۋە
قائىدە ـ يوسۇن ئالدىدا ئىتائەتچانلىق بىلەن بويسۇنۇش
ياكى قارشىلىق ئارىسىدا تېڭىرقاش ، چېكىدىن ئاشقان
ئىتائەت قىلىش ئەخلاقىي پرىنسىپتىن پەيدا بولغان
ئائىلە ، نىكاھ بەختسىزلىكى يۇقىرىقى فىلىملەرنىڭ
مۇھىم ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىدۇر .

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي
پسىخىكىسى ، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ، ئېستېتىك ئەن-
ئەنىسى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى شۇ مىللەتنى باشقا

مىللەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىك، ئۇ شۇ مىللەتنىڭ مىللىي روھىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىپادىسى. تۇرمۇش تولىمۇ كەڭ ۋە مۇرەككەپ ئۇنىڭدا چىنلىق بىلەن ساختىلىقنىڭ، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ، ساداقەت بىلەن ۋاپاسىزلىقنىڭ كۈرىشى ھامان دولقۇنسىمان ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ يادروسى بولغان ئادەم مۇئەييەن مىللىيلىك ۋە تىپىكلىكتە سەنئەتتە قايتا يارىتىلغاندا ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان بولىدۇ. كىنو فىلىمىدىكى ئوبرازنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە دىئالوگىدا ئىپادىلەنگەنلىكتىن، كىنودا ۋەقەنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىقى بىلەن مەنزىرىسىنىڭ قۇرۇق، مەنىسىزلىكى، ھەشەمەتلىكىنى قوغلاشماي، ئوبرازنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. 80 - يىللاردىن 90 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ئىشلەنگەن كىنو فىلىملىرى بىرقەدەر تەسىرلىك، تىپىك، مىللىي ئوبراز ۋە مىللىي خاراكتېرنى ئۇتۇقلۇق يارىتىپ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت — ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر مىللەت كىنو تاماشىبىنلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولدى ھەمدە شىنجاڭ مىللىي كىنوچىلىقىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى.

### 3. 90 - يىللاردىن بۇيانقى ئۇيغۇر كىنولىرىدا مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە چېكىنىش

90 - يىللاردىن بۇيان، خىلمۇخىل مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشى-

گە ئەگىشىپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر مىللىي كىنوچىلىقى
بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئېڭى ،
مۇھەببەت ۋە كىشىلىك ھايات قاراشلىرىدىكى ئۆزگى-
رىش ۋە داۋالغۇشنى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى قىلغا-
نىدى . شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقى بى-
لەن مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئارىلاشمىلىقى ، ھەر
خىل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ سۈركىلىش ئىچىدە بىر -
بىرىگە ئۆتۈشۈش ھەمدە ماسلىشىپ رول ئوينىشى
شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ بىر چوڭ ئالا-
ھىدىلىكى . ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇش شەكلى ،
ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت ئېڭىدا ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئېتى-
قاد ۋە قىممەت قاراشلىرىدا بۇ خىل ئارىلاشمىلىق
تېخىمۇ روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا . 90 - يىللار-
دا ئىشلەنگەن «غەربىي دىياردىكى ئۇسسۇل مەستانىلى-
رى » ، «خۇشال زامان » ، «مۇھەببەت مەستا-
نىلىرى » ، «ئوتتەك چاقنىغان ياشلىق » قاتارلىق كىنو
فىلىملىرى شىنجاڭنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئارىلاشما مەدە-
نىيەت مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇپمۇ ياش-
لارنىڭ مىجەز - پىسخىكىسى ، روھىي دۇنياسى ، مە-
دەنىيەت ئېڭى ۋە ئېستېتىك قىممەت قارىشىدا يۈز
بەرگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت
ۋە ئەخلاق بىلەن ئۇلارنىڭ رەڭگارەڭ زامانىۋى مەدەنى-
يەتكە قىزىقىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈرەشنى
كۆرسىتىپ بەردى . كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدى-
غىنى شۇكى ، بۇنداق «ئارىلاشما مەدەنىيەت » مۇھىتى-
دىكى ئارىلاشما تۇرمۇش ۋە ئوبرازلار تەسۋىرى مەزمۇن
ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە سەنئەت ئىجادىيىتى پرىنسىپ-
لىرىغا ئۇيغۇن بولمىغان ياسالما ، سۈنئىي ، ئاددىي

شۇنداقلا خېلى كۆپچىلىكى نوقۇل سىياسىي تەشۋىقاتقا ئايلىنىپ قالغانلىقتىن كەڭ تاماشىبىنلار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىدى .

بىر رايون مەدەنىيىتى قانچىلىك كۆپ خىل ، كۆپ مەنبەلىك ئارىلاشما بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولىدۇ . ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيىتى مەلۇم بىر چوڭ ئېقىندىن چىقمىغان ، بەلكى خېلى ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ئۆز مەنبەسى ئاساسىدا كۈچىنى زورايتىپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن ھەم ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان . شۇڭا ئۇمۇ شۇ خىل ئەنئەنە ۋە ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا مەدەنىيەت فورمىسىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ . مەيلى ئەدەبىي ئىجادىيەت ياكى سەنئەت ئىجادىيىتىدە بولسۇن مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت قارىشىنى ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى قىلغىلى بولمايدۇ . ھەر خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا بىر - بىرىنى چۈشىنىش ، بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا كەم جايلىرىنى تولۇقلاش ، ئىسلاھ قىلىش — مىللىي مەدەنىيەتنىڭ توغرا تەرەققىيات يولىدۇر .

ئازادلىقتىن كېيىن ، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى مىسلىسىز تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشىپ باراۋەر ، ماس ھالدا راۋاجلاندى . ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ مىللىي مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇشتىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ، مىللەتلەرنىڭ چوڭقۇر

دوستلۇقى ، ئىتتىپاقلىقى ۋە تەڭ ئىلگىرىلەش مۇساپە-
سىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى . ئەمما ئاز ساندىكى بىر
قىسىم ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىدا ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرگەندە مەقسەت-
لىك ياكى مەقسەتسىز هالدا ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت
ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئەنئەنىسىنى ئۆز خاهىشى بويىچە
بۇرمىلايدىغان ، كەمسىتىدىغان ، چۆكۈرىدىغان هەتتا
ئاشكارا مەسخىرە قىلىدىغان ناچار ئىستىل ۋە خاهىش
بىر قەدەر گەۋدىلىك ساقلىنىپ كەلدى . ئۇلار
شىنجاڭنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ قالاق ، نادان ، ئاڭسىزلىقىنى كۆپ-
تۇرۇپ ياكى پەردازلاپ بۇ خەلقنىڭ ئۆزىدىكى كۈچ ـ
قۇدرەت ، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە تىرىشچانلىقىنى ، ئەسلى-
دىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە گۈزەللىك قاراشلىرى-
نىڭ هاياتىي كۈچى ۋە رولىنى زادى تىلغا ئالمايدىغان
ئېغىر يېتەرسىزلىككە يول قويدى . كىنو ـ تېلېۋى-
زىيە سەنئىتىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى گەۋدىلەندۈ-
رۈشكە ئۆلۈك ئۇرۇنغاچقا ، بۇ ئەهۋال كىنو فىلىملى-
رىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى چۈشۈرۈپ ، ئۇنى تەسىر-
لەندۈرۈش ۋە زوقلاندۇرۇش كۈچى يوق قۇرۇق تەشۋى-
قاتقا ئايلاندۇرۇپ قويغاندىن تاشقىرى مىللىي ئۆرپ ـ
ئادەت ۋە ئېستېتىك ئالاهىدىلىكىنى بۇرمىلاشقا نىسبە-
تەن ئاممىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى .

مىللىي خاراكتېر توغرىسىدا 19 ـ ئەسىردە ياشى-
غان مەشهۇر رۇس يازغۇچىسى گوگول : «هەقىقىي
مىللىي خاراكتېر يېزا ئايالىنىڭ يەڭسىز ئۇزۇن چاپى-
نىنى تەسۋىرلەش ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭدا مىللىي روه-
نىڭ بولۇشىدا » دېگەنىدى . بۇ سۆز كىنودا مىللىي

خاراكتېرنى قانداق يارىتىش توغرىسىدىمۇ ئاممىباب جاۋابتۇر . چۈنكى ھەرقانداق نەرسە چىنلىقى بىلەن قىممەت تاپسا ، مىللىيلىكى بىلەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ . تۇرمۇش مەيلى قايسى تەرەپتىن ئەكس ئەتتۇرۇلسۇن ، يارىتىلىۋاتقان ئوبرازغا شۇ مىللەتنىڭ خاراكتېرى سىڭدۇرۇلۇشى كېرەك . فىلىمنى مۇۋاپىق كۆرۈنۈشكە ئاجرىتىشتىن شۇ كۆرۈنۈشكە باب مەنزىرە تاللاشقىچە ، ھەربىر پېرسوناژنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن ئۇنىڭ ئىچكى پسىخىك ئالاھىدىلىكىگىچە ئىنچىكىلەپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ . 90 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىنوچىلىقىدا مىللىي خاراكتېر يارىتىش ، كۆرۈنۈشنى مۇۋاپىق تاللاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن تارتىپ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىغىچە چېچىلاڭغۇلۇق ، سۇنئىيلىك ، دوگمىچىلىق ، مەدھىيەۋازلىق ، ساختا ھېسسىيات ، پۈچەك ئىدىيە قاتارلىق ناچار خاھىش بىرقەدەر گەۋدىلىك . 60 ـ يىللاردا ئىشلەنگەن «ئانارخان» فىلىمىدە قۇربانىنىڭ ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن سۇ ئېلىپ ئىچكەن كۆرۈنۈشى كىشىلەرنى كۆلكىگە سالغانىدى . بۇنى شۇ چاغدىكى سېنارىست ياكى رېژىسسورنىڭ ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش ئادىتىگە بولغان چۈشىنىشىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن كۆرۈشكە بولاتتى . لېكىن 80 ـ يىللاردا ئىشلەنگەن «بەخت ناخشىسى» فىلىمىدە قىزنىڭ يىگىتنى قوغلىشى ، «رەنانىڭ تويى» دىكى تويى بولغان يېڭى كېلىنىنىڭ ھالقا دەۋاسى قىلىپ ماشىنىغا چىقماي تۇرۇۋېلىشى ، ياسىن بىلەن رەنانىڭ باغچە تېپىلمىغاندەك قەدىمكى ئىدىقۇت خارابىلىكىدە مۇھەببەتلىك كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشى قاتارلىق دېتاللار مىللىي

تۇرمۇش ئادىتىدىن خېلىلا چەتنەپ كەتكەن . سېنا-
رىست ، رېژىسسور ۋە ئارتىستىن ئىبارەت ئاساسىي
ھالقا چوقۇم تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ، تۇرمۇشتىكى
ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ، مىللەتكە
مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئىزدىنىشى كېرەك .
«قاچقۇن ، قىزچاق ، ئىت» فىلىمدە يېڭى دەۋردىكى
ياشلارنىڭ ئوخشىمىغان ھەۋىسى ، قىزىقىشى سېلىشتۇ-
رۇلغان ، لېكىن باشتىن - ئاخىر فىلىمدە تۇتامغا
چىققۇدەك تەسىرلىك ۋەقە يوق . فىلىم قاچقۇننىڭ
رەزىل ھەرىكەتلىرى ، چۆلدە قىزغا ئۇچراش ، قۇملۇق-
تا ئۆلەر ھالدا تۇرۇپمۇ ئىچكىرىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇر-
مۇشىنى ، گۈزەل دېڭىز ساھىلىنى ، جازىبىدار قىزلار-
نى ، تاراقلاپ تۇرغان پۇلنى چۈشەپ ئاھ ئۇرۇش ، شۇ
چاغدا قۇملۇقتا ئۇسسۇزلۇقتىن جان تالىشىۋاتقان تۇ-
رۇقلۇق سەۋدايىلارچە خىيالغا پېتىپ «تەڭرىتاغ كۈي-
لىرى»نى يېزىۋاتقان بىر خەنزۇ ياشقا سېلىشتۇرۇش
قاتارلىق چوڭ ئىككى لىنىيە بويىچە راۋاجلانغان بول-
سىمۇ ، ئەمما بىر پۈتۈن ئىزچىللىق ھەم باغلىنىش
يوق . قىمارخانىدىكى ياشلار ، قۇملۇقتا ئىز قوغلاۋات-
قان ج خ ساقچىلىرى ، قاچقۇن ۋە قىز ، بوۋاي بىلەن
ھېلىقى دونكىخوتچە بىھۇدە جاپا تارتقۇچى ياش ئوتتۇرد-
سىدىمۇ باغلىنىش يوق . قىزنىڭ ھەرقانچە قىلىپمۇ
دېڭىزنىڭ زادى قانداقلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقى
ئارقىلىق ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ نادانلىقى مەسخىرە قى-
لىنغان . بۇ فىلىم ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە ، ساختا ،
بىمەنە ئويدۇرمىلار بىلەن تولغان . بۈگۈنكى دەۋر ساخ-
تا ئىزدەنگۈچىلەرگە ئەمەس بەلكى ھەقىقىي جۈرئەت
بىلەن قول سېلىپ ئىشلەيدىغان ، ئەمەلىي نەتىجە كۆر-

ستەلەيدىغان ئىجادكارلارغا موھتاج ! تەڭرىتاغ ئۈستى-
دە گۈزەل غايە بىلەن قۇرۇق قەغەزنى لەيلىتىپ ئۇنى
گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن قان - تەر
ئاققۇزۇپ چۆللەردە ھالىدىن كەتمەيدىغان ھەقىقىي
ئوغلان كېرەك ! سەنئەتتىكى دوگمىچىلىق ، شەكىل-
ۋازلىق تەنقىد قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە سەلبىي
ھەم ئىجابىي پېرسوناژغا ئېنىق چەك قويۇپ ، مۇقىم
ماركا چاپلاپ بازارغا سېلىش ، شۇنداقلا ساختا يارىتىل-
غان بۇ ئوبرازنى مەدھىيىلەش كىشىنى تولىمۇ ئەپ-
سۇسلاندۇرىدۇ . بۇ فىلىم ئىلگىرىكى «ئېزىتقۇ»دىن
كېيىنكى ئىككىنچى «ئېزىتقۇ» دېيىلسە ھەرگىز ئار-
تۇق بولمايدۇ . چۈنكى فىلىم باشتىن - ئاخىر ئاشكارا
سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى قالاقلىقتا ، ئاڭ-
سىزلىقتا ، ياۋايىلىقتا ، شەھۋانىيلىقتا ، پۇلپەرەسلىك-
تە ئەيىبلەش ۋە مەسخىرە قىلىش بىلەن تولغان . ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىي ياندىن سۈرەتلەنگەن «يېتىم قىز-
نىڭ مۇھەببىتى» ھازىرقى زامان مىللىي ئىنقىلاب
تارىخىغا بېغىشلانغان ياخشى تېما بولسىمۇ ، لېكىن
قۇرۇلمىسى ، ۋەقە ئىزچىللىقى ، دېكوراتسىيە ، كىيىم
قاتارلىقلار شۇ دەۋر شارائىتىغا ماس كەلمىگەن ، بۇ
فىلىمنىڭ چىنلىقىغا زور نۇقسان يەتكۈزگەن . ئامان-
نىڭ باشتىن - ئاخىرقى ھەرىكەت ، گەپ - سۆزلى-
رى ، مىجەزى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى — قانداق ئا-
دەملىكىنى كۆرسىتىپ بولغاندا فىلىمدە ئىسكەندەر بى-
لەن ئامان ئوتتۇرىسىدا تۈيۈقسىز خاراكتېر ئۆزگىرى-
شى پەيدا قىلىنىپ كىنونىڭ ئېستېتىك تەسىرى بىر-
دىنلا سۇسلىشىدۇ . رېژىسسورنىڭ نېمە مەقسەتكە
يەتمەكچى بولغانلىقىنى ئۇققىلى بولمايدۇ .

ئىلگىرى «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان»، «ئانارخان»، «غېرىب ـ سەنەم»، «ئارتىس بولمايدىغان قىز»غا ئوخشاش خېلى كۆپ كىنو فىلىملىرىنىڭ رېژىسسور ياكى سېنارىستلىرى باشقا مىللىي سەنئەتكارلار ۋە يازغۇچىلاردىن ئەستايىدىل ئۆگەنگەن. ئۇلاردىن مەسلىھەت پىكىر ئالغان، تۇرمۇشقا چۆككەن. مىللىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلغانلىقتىن يۇقىرىقى فىلىملەر ئومۇمەن ياخشى ئىشلەنگەن. ئەمما 90 ـ يىللاردىكى كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە مىللىي ئەنئەنە ۋە تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىسىنى ئۆز خاھىشى، ھېسسىياتى بويىچە بىر تەرەپ قىلغانلىقتىن نەتىجىدە نۇرغۇن كىنو فىلىملىرى ئۆز تاماشىبىنلىرىدىن ئايرىلىپ پۈتۈنلەي پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئەمەلىيەتتە مەيلى تۇرمۇش مۇھىتىدىن بولسۇن ياكى مەدەنىيەت ئىجادىيىتىدە بولسۇن ھەرقايسى مىللەتلەر بىر ـ بىرىنىڭ مەدەنىيىتى، ئەنئەنىسى، تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە ئورنىنى توغرا تونۇش، چۈشىنىش، ئېتىراپ قىلىش، ھۆرمەت قىلىش كېرەك. سەنئەت ئەسىرىدە بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يولى ئىجادىيەتتە مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىك ئەنئەنە ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا، جانلىق، ئەينەن، ھەقىقىي ھېسسىيات بىلەن قايتا نامايان قىلىشتا. پەقەت شۇنداق قىلالىغاندىلا سەنئەتنى مىللىي ھەم دۇنياۋىلىققا، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغىلى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئۆز مىللىتى ئىچىدىن چىققان رېژىسسور، سېنارىست، ئوپېراتور ۋە سەنئەتكارلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە پسىخىكىلىق خاراكتېرىنى

ياخشى چۈشەنگەنلىكتىن خەلق ئۇلارنىڭ كۆزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇش قىياپىتىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى، ئېستېتىك قاراشلىرى، روھىي دۇنياسى، مىللىي خاراكتېرى ئالاھىدىلىكىنى ئەينەن كۆرەلەيدۇ. دەل شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مىللىي رېژىسسور، ئوپېراتور، سېنارىستنى بىر گەۋدە قىلغان كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئەتكارلىرى قوشۇنىنىڭ سىستېمىلىق تەربىيىلىنىش ۋە بالدۇرراق يېتىشىپ چىقىشىنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتمەكتىمىز.

# ئىككىنچى باب ئۇيغۇر كىنو ـ تې- لېۋىزىيە سەنئىتىدە مىللىي مەدەنىيەت ئېڭى

## 1 . ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە كىنو ئىجادىيىتىمىزدە يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسى

ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ بەدىئىي- لىك ۋە ئىدىيىۋىلىكىنى قانداق قىلىپ يۇقىرى كۆتۈ- رۈش مەسىلىسى كىنو ئىجادىيەتچىلىرى ۋە نەزەرىيە- چىلىرىنىڭ ئىزچىل مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ كەلمەك- تە . بەزىلەر مىللىيلىكنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلسا يەنە بەزىلەر دۇنيا كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى- نىڭ ئېسىل ئۆرنەكلىرىدىن ئۆگىنىش كېرەك دەيدۇ . ئەمما ، كىنو ـ تېلېۋىزىيىنىڭ مىللىيلىكىنى قانداق قىلىپ كۈچەيتىش ۋە چەت ئەلنىڭ فىلىملىرىدىن نې- مىلەرنى ئۆگىنىش كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا يەنىلا ئاي- دىڭ ئەمەس .

مېنىڭچە ، شىنجاڭدا ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز دەيدىكەنمىز ، چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز ، مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، كلاسسىك مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنى نۇر چاچقۇزۇشىمىز كېرەك .

خۇددى بىز ئېكراندىن كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك ،

هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى-
نىڭ بەدىئىي يۈكسەكلىكى ئۆز دۆلىتى ۋە مىللىتىنىڭ
سەنئەت ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.
مەيلى غەربتىكى ئامېرىكا، مېكسىكا، فرانسىيە، تۈر-
كىيىنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيىلىرى بولسۇن ياكى شەرق-
تىكى مىسىر، ھىندىستان، پاكىستان، ئۆزبېكىس-
تان، ياپونىيىلەرنىڭ فىلىملىرى بولسۇن، شۇ مىل-
لەتلەرنىڭ ھېسسىيات، پسىخىك خاراكتېرى، كىشى-
لىك ئالاقە، سۆز ـ ھەرىكەت، ئىدىيە ئالاھىدىلىكلى-
رى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. دەرۋەقە، كىنو بىلەن
تونۇشقان دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇ دۆلەتلەرمۇ چەت
ئەللەرنىڭ نادىر كىنو فىلىملىرىنى كىرگۈزگەن ۋە
ئۇلارغا تەقلىد قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن فىلىم
ئىشلىگەن. ئۇزاق بىر تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزلىرى-
نىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى كىنو ـ تېلېۋىزىيىدە
ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىنونى مىللىي سەنئەتكە ئايلاندۇر-
غان. بۇنداق ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا تۈرلۈك ئەمەلىي
قىيىنچىلىققا يولۇققان بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇلار
ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى ئىگىلەپ، كلاسسىك مەدە-
نىيەت مىراسلىرىنىڭ ساغلام ئامىللىرىنى قوبۇل قى-
لىپ، كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئەڭ ياخشى
نەمۇنىلىرىنى قايتا پىششىقلاپ ئېكرانغا ئېلىپ چىقىش-
نى ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتكىرانە بۇرچى سۈپىتىدە ئىشقا
ئاشۇردى.

ئۇيغۇرلار كىنو سەنئىتىنى بىلگىنىگە 80 يىل، «تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى» قۇرۇلغانلىقىغا يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئەدە-بىيات ـ سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆ-

گىنىپ ، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مەدەنىيەت قىممىتىنى
يارىتىش جەھەتتە ئىزدىنىش بەك تۆۋەن بولدى . قىس-
قىسى ، كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى بىلەن ئۇيغۇر
مەدەنىيىتى بىر گەۋدىگە ئايلىنالمىدى . كىنو - تېلې-
ۋىزىيە سەنئىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن بىرلە-
شىش مۇمكىنچىلىكى شۇ يەردىكى ، بۇ يېڭى سەنئەت
شەكلى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى بىردەك .
قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا خىسلەت-
لىك «جاھاننەما ئەينىكى»نى يارىتىپ ئۆز ئارزۇلىرد-
نى جەلپكار چۆچەكلەردە سېھىرلەشتۈرگىنىدەك ، بۇ
ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا كىنودىن ئىبارەت يېڭى سەنئەت-
نى قوبۇل قىلغانىدى . ئالايلى ، ئۇيغۇرلار تارىختا ئې-
تىقاد قىلغان بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنلىرى سىرتتىن
قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەت ئىدى . لېكىن ، ئۇيغۇرلار
بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندا بىرمۇنچە مەدەنىيەت ۋە
ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى شۇ دىن ئاساسىدا ياراتتى .
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ، بۇددا دىنى-
نىڭ قالدۇق ئىزنالىرى ئاساسىدا ئىسلام مەدەنىيىتى
يىلتىز تارتتى . بۇ دىنىي ئېتىقادلار تارقىلىش داۋامى-
دا ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە قوشۇلۇپ ، ئۇيغۇر
مىللىي پسىخىكىسىغا لايىقلاشقان ھالدا ساقلىنىپ قال-
دى . شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، چەت ئەل كىنو - تېلې-
ۋىزىيىسىنىڭ نادىر ئۇلگىلىرىنى ئۆرنەك قىلغان ھالدا
كىنو سەنئىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش
كېرەك .

ئۇيغۇر كلاسسىك مەدەنىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى —
كلاسسىك ئەدەبىيات بولغاچقا ، كىنو - تېلېۋىزىيە ئى-
جادىيىتىدە كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئۆگىنىش زۆرۈر

بولۇپلا قالماستىن بەلكى تولۇق مۇمكىنچىلىككە ئىگە. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەزىلەر كىنو سەنئىتى هازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ مەهسۇلى، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى تېخنىكىغا باغلىق، كلاسسىك ئەدەبىيات دېگەن قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ مەهسۇلى، ئىككىسى ئوخشىمىغان سەنئەت شەكلىگە مەنسۇپ تۇرسا قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن دېيىشى مۇمكىن.

ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىيات تارىخىدا ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى سەنئەتنىڭ ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى هەم ئوخشىمىغان سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈشى تەبىئىي. كىنو سەنئىتىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەنئەنىسىنى هەرقايسى دەۋرلەردە ۋارىسلىق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىر قانۇنىيەت، مىسال ئالايلى، «غېرىب - سەنەم» دەسلەپ ئۇيغۇرلاردا پەيدا بولغان مۇهەببەت داستانى بولسىمۇ، ئۇنىڭ باش تېما، سۇژىت، ئوبراز، تىل، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى قاتارلىقلار سەهنە ۋە ئېكران تەلىپىگە ماس كەلگەنلىكتىن 50 - يىللاردىن تارتىپ قايتا - قايتا سەهنىلەشتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر 80 - يىللاردا رەسمىي كىنو قىلىپ ئىشلىنىپ، خەلققە تېخىمۇ جانلىق ۋە چوڭقۇر لەززەت ئاتا قىلدى. «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرهات - شېرىن» ۋە «يۈسۈپ - زىلەيخا»غا ئوخشاش قەدىمكى ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا كەڭ ئومۇملاشقان داستان قىسسىلەر ئاساسىدا مىسىر «يۈسۈپ - زۆلەيخا» فىلىمىنى، تۈركمەنىستان «لەيلى - مەجنۇن» فىلىمى، موسكۋا كىنو ستۇدىيىسى «پەرهات - شېرىن»نى كىنو قىلىپ ئىشلەپ ناهايىتى

زور ئۇتۇق قازاندى .
جۇڭگو كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيەتچىلىرىمۇ بۇ ساھەدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى «غەربكە ساياھەت» ، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» ، «سۇ بويىدا»غا ئوخشاش مەشھۇر رومانلىرىنى ھەمدە جۇگېلياڭ ، لى بەي . . . قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرگە بېغىشلانغان تەزكىرەۋى فىلىملەرنى ئىشلەپ جۇڭگونىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنى كىنو ـ تېلېۋىزىيە ۋاسىتىسىدە ئەكس ئەتتۇرۇشنىڭ ياخشى ئۈلگىسىنى تىكلىدى .

شىنجاڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە مىللىتىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى يورۇتۇش جەھەتتە «خانىش ئامانىنساخان» ناملىق تارىخىي فىلىم ۋە شۇ ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى كىنوچىلىقتا كلاسسىك مەدەنىيەت ـ سەنئەتتىن ئۆگىنىش ، ئۆز ـ ئارا بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇتقان بولسىمۇ ، ئەمما كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ يېتەرلىك دىققىتىگە ئېرىشەلمىدى . كىنونىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇشتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ۋاسىتىسى بار . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت قانۇنىيىتى جەھەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت ياكى باشقا سەنئەت ئىجادىيەتلىرىدىن پەرقلىنىدۇ . ئەمەلىي تۇرمۇشنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەش ، خەلقلەر روھى دۇنياسىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى نامايان قىلىشتا ھەرقانداق دەۋرنى ، ھەرقانداق خەلق تۇرمۇشىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ . ھەرقانداق سەنئەت تۈرى بىلەن ماسلىشالايدۇ . شۇڭا كىنو ئىجادىيىتىدە ئالدىنقىلارنىڭ ئىجادى-

يەت تەجرىبىلىرىدىن ئۆگىنىش، قەدىمكىلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت نەتىجىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، كىنو ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تامامەن مۇمكىن.

«تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى» قۇرۇلۇپ ئۆز ئىشىنى باشلىغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئوخشىمىغان مىللەتتىن بولغان سېنارىست، رېژىسسور، ئوپېراتور ۋە ئارتىسلار ئۇيغۇر تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن كىنو فىلىم ئىجادىيىتى ھەققىدە ئىزلىنىپ كەلدى. دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىشلەنگەن «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان»، «ئانارخان»، «بوستانلىقتىكى تەنتەنە» فىلىملىرىنىڭ رېژىسسور، سېنارىستلىرى باشقا مىللەتتىن بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرى، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادىتى ۋە خەلق سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشتە خېلى كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگەندى.

80 - يىللاردىن باشلاپ ئىشلەنگەن «غېرىب - سەنەم»، «نەسىردىن ئەپەندى»، «رەنانىڭ تويى»، «ئارتىس بولمايدىغان قىز»، «ساھىبجامالنىڭ ئۆلۈمى»، «سىرلىق كارۋان»، «خانىش ئامانىساخان» قاتارلىق فىلىملەردە ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ مىللىيلىكى ئۈچۈن داۋاملىق سىناق ئېلىپ باردى ۋە مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشتى. تارىخي ۋە رېئال تېمىلار يېزا - شەھەر تۇرمۇش تېمىسى، بالىلار تېمىلىرى ۋە كومېدىيىلىك تۇرمۇش تېمىلىرى يورۇتۇلدى. شىنجاڭ كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يارىتىش، مىللىيلىكنى، خاسلىقنى يارىتىش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىرى ئاز، مەغلۇپ بولغانلىرى كۆپ. كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە

بۇنداق ئوسال ھالەتنى ئۆزگەرتىش ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنۈشىنى ئېكراندا كۆرسىتىپ بېرىش ئۇچۇن چوقۇم تارىخىي ئەنئەنە ، دەۋر بىلەن كىنوچىلىقنىڭ تەلىپىنى بىرلەشتۈرۈش ، دۇنيانىڭ سەنئەت نەمۇنىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىش بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن چوڭقۇر ئۆگىنىش ، رېژىسسور ۋە ئارتىس ئۆزلىرى تەسۋىرلەۋاتقان تۇرمۇشنىڭ «ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش» ئىكەنلىكىنى تونۇش ، مەسئۇل بولۇش ، ئۇنداق بولمىسا ۋاز كېچەلەيدىغان روھقا ئىگە بولۇش كېرەك .

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە شېئىرىيەت ئاساسىي ئېقىم ، تىياتىرچىلىق ۋە نەسرىي ئەدەبىيات كېيىنرەك راۋاجلانغان . شۇنداقتىمۇ كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئارىسىدا ۋەقەلىك قۇرۇلۇشى ، بايان ، تىل ، تەسۋىر ، ھەرىكەت ، قىياپەت ، توقۇنۇش ، خاراكتېر جەھەتلەردىن تىياتىر ياكى سېنارىيە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە داستان ـ قىسسەلەر خېلىلا كۆپ . بۇ ئەسەرلەرنىڭ كىنو تەلىپىگە ماس كېلىدىغان بىر تەرەپى قەھرىمانلارنىڭ تەقدىرى ئۆزگىچە ، سەزگۈزەشتىسى ئەگرى ـ توقاي ، زىددىيەتلىرى كەسكىن ، بايان ئۇسلۇبى گۈزەل ، پېرسوناژلىرى مۇرەككەپ ، ئىچكى كەچۈرمىش تەسۋىرلىرى نازۇك ۋە ئىنچىكە ، تىل تەسۋىرلىرى جانلىق ھەم مۇڭلۇق ، رىتىمى ئىتتىك ، شەخسلەرنىڭ شارائىتى ئېنىق ھەم تەسىرلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 — 5 ـ ئەسىرلەردە پەيدا بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» ، «پادىچى شىراق» ، «باتۇر مەلىكە تۇمارىس» قاتارلىق ئەپسانە

رىۋايەتلەرنىڭ ۋەقەلىكى تولۇق ، دراماتىك ئامىللارغا ئىگە . پېرسوناژلارنىڭ پائالىيىتى ، دەۋر شارائىتى رو-شەن ، زىددىيەت توقۇنۇش كەسكىن بولغانلىقتىن خۇد-دى كىنو كۆرۈنۈشلىرىدەك جانلىق ، تەسىرلىك ، كىنو قىلىپ ئىشلەشكىمۇ تولىمۇ باب كېلىدۇ . مەسىلەن ، «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ باش قەھرىمانى ئوغۇزخاننىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى قىياپىتى ئەسەرنىڭ بېشىدا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ :

بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورۇدى .
ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى ،
بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز - چىرايى كۆك ئىدى .
ئاغزى چوغدەك قىزىل ، كۆزلىرى هال ،
چاچلىرى ،
قاشلىرى قارا ئىدى . ئۇ هۆر - پەرىلەردىن-مۇ چىرايلىقراق ئىدى . بۇ ئوغۇل ئانىسى-نىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا ئىككىنچى ئەمى-دى .

باش قەهرىماننىڭ چىراي تۈرقى ۋە خاراكتېرى يۇقىرىقى جۈملىلەردە ئاممىباب ، جانلىق سۈرەتلە-نىپ ، خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلىشكە باشلىغان . ئۇ ئۇيغۇرلارغا خاقان بولۇپ ، ئەتراپ ئەللەرگە يۈرۈش باشلاپ ئورۇسنىڭ يېرىنى ئالغاندىن كېيىن ، ئورۇس-بەگنىڭ ئوغلى ئوغۇزخانغا مۇنداق دەيدۇ :

ئېھ ، سەن مېنىڭ خاقانىمسەن ،
ئاتام بۇ شەھەرنى ماڭا بەرگەن ھەمدە
شەھەرنى قوغدىشىڭ كېرەك ، ئۇرۇش باش-لىغاندىن كېيىنمۇ ؟
شەھەرنى قوغداپ قېلىشىڭ كېرەك دېگەن .

ئەگەر ئاتام خاپا بولۇپ قالسا ،
مېنىڭ ھالىم قانداق بولۇر .
مەن سېنىڭ يارلىقىڭنى ئىجرا قىلىشقا تەيـ
يارمەن .
بىزنىڭ بەختىمىز ، سېنىڭ بەختىڭ .
بىزنىڭ ئۇرۇقىمىز .
سېنىڭ دەرىخىڭنىڭ ئۇرۇقىدىن ،
تەڭرى ساڭا
پۈتۈن زېمىننى ئاتا قىلماقتا ، مېنىڭ جىسـ
مىم ۋە بەختىم ساڭا مەنسۇپ ، مەن ساڭا
تارتۇق تارتىپ تۇرۇپ ، دوستلۇقتىن چىقـ
مايمەن ، دېدى .
ئوغۇز خاقانغا يىگىتنىڭ سۆزى
ياقتى ، شادلىنىپ كۈلدى .

بۇ تەسۋىردە ئۆز ئېلى ۋە خەلقىگە سەمىمىي - سادىق ، قەھرىمان ، مەردانە بىر يىگىتنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەنگەن . دىئالوگ ۋە مونولوگ ئۆزئارا بىرلىشىپ ئوغۇزخان بىلەن يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ، ئۇلارنىڭ شۇ ھالدىكى پسىخىك كەيپىياتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن . ئەسەر تىلى ئاممىباب ، ئۇقۇملۇق . ئۇنىڭ تىلى ئېكراندىكى ئوبرازنىڭ تىلىغا ئوخشايدۇ . بۇنداق ئەسەرلەردىن 14 - ئەسىرلەردىكى لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدىكى ئەسەر ۋەقەلىكىمۇ كىنو قىلىپ ئۆزگەرتىشكە ماس كېلىدۇ . مەلۇم جەھەتتىن «ئوغۇزنامە» نىڭ ۋەقەلىكى مىسىرنىڭ «مىسىرلىقلار» فىلىمىگە ، نەۋائىي ۋە نىزارىنىڭ «لەيلى - مەجنۇن» ، «پەرھاد - شېرىن» ، «رابىـ يە - سەئىدىن» ، «سەبئەي سايىيار» داستانلىرى ئەنگـ

لىيىنىڭ «سىرلىق ئەتىرگۈل غارى» ، شېكىسپىرنىڭ «خاملېت» ، «ئوتېللو» ، «ماكبېت» فىلىملىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ «گۆر ئوغلى» ، «رابىيە — سەئىدىن» ، «نۇزۇگۇم» داستانلىرى ئۇيغۇرلار ئېكراندا ئوبرازنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ كېلىۋاتقان كىنو ماتېرىياللىرىدۇر . شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە شائىر موللا بىلال ئۆزلىرىنىڭ ئىسيانكار تراگېدىيىلىرى «رابىيە — سەئىدىن» بىلەن «نۇزۇگۇم» دا تراگېدىيىلىك توقۇنۇشنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ ، يۈكسەك تراگېدىيىلىك ئېستېتىك قىممەت يارىتىدۇ . ئەسەرنىڭ ھەربىر دېتال تەسۋىرلىرىدە تۈرمۈش كۆرۈنۈشلىرى ، مۇھىت ۋە پىسخىك خاراكتېرنىڭ خاسلىقى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ . ھەر ئىككى ئەسەردە زىددىيەتنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ ئاياغلاشتۇرىدۇ . بۇ كىنو ئىجادىيىتىمۇ مۇھىم قۇرۇلما مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ .

ئەمما كىنودىمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكىدەك قۇرۇلما كونكرېت بولىدۇ . سۇژېت تېز راۋاجلىنىدىغان قۇرۇلمىمۇ ، ئەگرى — توقاي ، دولقۇنسىمان ئىلگىرىلەيدىغان قۇرۇلمىمۇ بولىدۇ . ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى كۆپچىلىك ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولۇپ ، مونتاژلاشتۇرۇشقا ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ . ئۇيغۇر كلاسسىك داستان ، قىسسە ، ھېكايىلەرنىڭ ۋەقەلىكى ۋە باش پېرسوناژنىڭ ھەرىكىتى ئۆتكۈر توقۇنۇش ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىرىدە يېتىلىدۇ . چوڭ زىددىيەت توقۇنۇشى ئىچىدە يەنە كىچىك توقۇنۇشلارمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . رىتىمى ئىتتىك ، شۇڭلاشقا قۇرۇلما ، تەسۋىر ، تىل ۋە رىتىم

جەھەتتىن يۇقىرىقىدەك ئەسەرلەرنى ئېكرانغا ئېلىپ چىقىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدە كۆزنى چاقنىتىدىغان رەڭدار، باي سەنئەت نەمۇنىلىرى بۈگۈنكى كىشىلەرگە زوق ۋە ئىلھام بېغىشلاش بىلەنلا قالماي يەنە بۈگۈنكى زامان سەنئىتىنىڭ ژانىرى، شەكىل ۋە قۇرۇلمىسىغا يېڭىچە تەپەككۇر ئۈلگىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن كىنونىڭ ئۇيغۇنچانلىقى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ:

بىرىنچى، پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگى

كىنو پېرسوناژنىڭ تىل مەسىلىسى غەربتە ئاۋازسىز كىنو پەيدا بولغاندىن تارتىپ تا ئاۋازلىق كىنو ئومۇملاشقانغا قەدەر ئىزچىل مەسىلە بولۇپ كەلگەن، جىمجىتلىق، سۈكۈت، خىيال ۋە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتى ھەم ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تاماشىبىنلارغا ئېستېتىك لەززەت ئاتا قىلغان. ھازىرقى زامان دۇنيا كىنوچىلىقىدا پېرسوناژنىڭ دىئالوگلىرى بارغانچە ئازىيىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بەزى سەنئەتكارلار دىئالوگ، كىنو ئىجادىيىتىدە مۇھىم ھەتتا بەزىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ دەپ تونۇيدۇ. كىنودا گەپ قانچە ئاز بولسا، كىنودىكى كۆرۈنۈش ۋە پېرسوناژلار پائالىيىتىنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرى ئىچكى ھېسسىياتقا باي، لىرىكىلىقلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق ۋەز ئېيتىشتىن خالىي، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ھەرىكەت تەسۋىرچانلىقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، كىنوغا ماسلىشىشچانلىقىنى ئىلگى-

رىلەپ ئىسپاتلايدۇ .

ئىككىنچى ، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى

سەنئەتكار بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ ھېسسىيات ئال-ماشتۇرۇش ۋاسىتىسى ئېكراندۇر . ئېكراندىكى ئوبراز — ھېكايە ، شېئىرلاردىكى ئوبرازغا ئوخشاش تەدرىجىي بايان قىلىش ئاساسىدا يارىتىلمايدۇ . بەدىئىي ئەسەرلەردىكى ئوبراز كىنودا بىۋاستە جانلىق ، ھېس-سىياتلىق ئوبرازغا ئايلىنىدۇ . شۇڭا تاماشىبىنلار ئېكراندىن ، يەر - زېمىننى تىترىتىپ ، چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا ئاتلانغان ھەيۋەتلىك قوشۇنلارنى ، رەڭگارەڭ نۇر چېچىپ تۇرغان رومانتىك مۇھىتتىكى كىشىنى مەس قىلغۇدەك شېرىن سۆھبەتلەرنى ، ئۆر-كەش ياساپ مەۋج ئۇرۇپ كۆك بىلەن قوشۇلۇپ كەت-كەن دېڭىز - ئوكيانلارنى ياكى ئادەم قېنىدا بويالغان دەريالارنى ، يۇلتۇزلار چاراقلىغان كېچىنىڭ سۇزۇك ئاسمىنىغا ئېسىلغان تولۇن ئاينى ، سۇكۇتكە چۆمگەن شەرقنىڭ گۇگۇم پەيتلىرىنى ، ئازادە ، گىرىمسەن كو-چىلارنى ، سۆيگۈ ھېسلىرىغا تولغان كۆزلەرنىڭ ئىنتى-زارلىق بىلەن سېھىرلىك تىكىلىشىنى ، قەلب بۇلاقلى-رىدىن ئېتىلىپ چىقىپ مۇڭلۇق يۇزلەرنى بويىغان مارجاندەك ياش تامچىلىرىنى ئېكراندا ئېنىق ۋە تولۇق ھېس قىلالايدۇ . كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى بۇنداق ئوبرازلارنى ئۆزگىچە بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىسى ئارقىلىق نامايان قىلىپ ، تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۇ-رۇشتە كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ۋا-ستىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى بىلەن زىچ باغلىنىدۇ .

ئۇچىنچى ، مەنزىرە تەسۋىرى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى شە-

كىنولىرىدە مەنزىرە تەسۋىرلەش ئالاھىدە تەرەققىي قىلدغان . كلاسسىك داستان ۋە لىرىك غەزەللەردە تاغ ، دەريا ، ئورمان ، دالا ، گۈل - چېچەك ، تۆت پەسىل ، ھايۋانات ، ئۇچار قۇشلاردىن تارتىپ ، شەھەر ، قورغان ، ئۆي ، ئوردا ، ساراي قاتارلىقلارغىچە كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن تەسۋىرلەنگەن . بۇ مىساللار كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە ، مەنزىرە كۆرۈنۈشلەرنى يارىتىشتا ئالاھىدە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە . «تۇرا قوشىقى» دا تەسۋىرلەنگەن تەبىئەت مەنزىرىسى ئاجايىپ يارقىن بولۇپ كېيىنكى دەۋرلەردە ھەممە شائىر ، يازغۇچىلار دېگۇدەك ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەش جەھەتتە ئىجادىيلىق ياراتقان . مۇبادا ، كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە ئاشۇ ئىجادىيلىققا ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ ۋە زامانغا ماسلاشتۇرۇپ جارى قىلدۇرساق ، ھازىرقى زاماندىكى تۈركىيە ، فرانسىيە ، ھىندىستان ، پاكىستان فىلىملىرىگە ئوخشاش بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىگەن بولاتتۇق . ئەجدادلارنىڭ سەنئەت ۋە ئىجادىيەت مۇساپىسىدىكى تەجرىبىلەردىن ئۆگىنىش بىزنىڭ ھازىرقى زامان كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىدۇر .

### 2 . كۈلكىگە يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت پسىخىكىمىز ۋە كومېدىيىلىك فىلىم ئىجادىيىتى

ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى بىلەن مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى ئۇلارنىڭ پسىخىك كەيپىياتىنى تەڭشەپ ، قەلبىگە ھۇزۇر بەخش ئېتىدىغان كومېدىيىلىك فىلىملەرنى مەيدانغا كەلتۈردى . 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى چارلىز چاپلىننىڭ داڭلىق

كومېدىيە فىلىملىرى دۇنيانى قاپلىغاندىن تارتىپ ، كىنو ساھەسىدە ھەرىكەت كومېدىيىسى ، ھەجۋىي كومېدىيە ، يېنىك كومېدىيە ، تۇرمۇش كومېدىيىسى ، ناخشا - ئۇسسۇللۇق كومېدىيە ، تراگېكومېدىيە ، ئەپسانىۋى كومېدىيە قاتارلىق خىلمۇخىل كومېدىيە فىلىم شەكىللىرى مەيدانغا چىقتى . خۇددى كىنو نەزەرىيىچىسى سېتىف نېر : «كومېدىيە بىلەن تراگېدىيە ئارىستوتېل زامانىدىن باشلاپ تەڭ شەكىللىنىپ بىرنەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تۇرمۇشنى ئىپادىلەشكە ئەڭ باب كېلىدىغان سەنئەت تۇرىگە ئايلاندى » دەپ كۆرسەتكەندەك ، ھازىرقى زامان كومېدىيىلىك فىلىملەرنىڭ گۈللىنىشى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان سەنئەت شەكلىگە ئايلانغانلىقىدا ئەمەس ، بەلكى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردىكى مىللەتلەرنىڭ پسىخىك خاراكتېرىنى ، يۇمۇرلۇق قەلب دۇنياسىنى كۆلكە ئىچىدە تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكىدىندۇر .

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك ، 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 90 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى تېما قىلىنغان «نەسىردىن ئەپەندى» ، «بەخت ناخشىسى» ، «پۇل دېگەن نەرسە» ، «موللا زەيدىن» ، «مەھەممەت ھەققىدە پاراڭ» ، «بويتاقلار ئائىلىسى» ، «ئەزىمەتلەر تانىسخانىسىدىكى ئايال ناخشا چولپىنى» ، «غەربىي دىياردىكى ئۇسسۇل مەستانىسى» غا ئوخشاش كومېدىيىلىك فىلىملەرنى تاماشىبىنلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندى .

بۇ كومېدىيىلىك فىلىملەرنىڭ نەتىجىلىرى شۇ-

كى ، مىللىي تېمىدىكى كومېدىيىلىك فىلىملەر
سان ـ سۈپەت جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي
قىلدى . تۇرمۇشنىڭ بىرقەدەر كەڭ سەھنىسىگە بۆ-
رۇلدى . كومېدىيىلىك تۇس بىرقەدەر قويۇق ئىپادى-
لەندى . تۇيغۇن ئەھمىدى قاتارلىق رېژىسسورلار ، تۇر-
سۇن يۇنۇسقا ئوخشاش سېنارىيە يازغۇچىلىرى ھەمدە
تۇيغۇن ئەھمىدى ، مەمتىمىن نورۇز ، ئاپرېل سەمەت
قاتارلىق داڭلىق كومېدىيە فىلىم ئارتىسلىرى يېتى-
شىپ چىقتى . يېتەرسىزلىكى شۇكى ، كىنو ئىجادىيەت-
چىلىرىمىزنىڭ كومېدىيىلىك فىلىم ھەققىدىكى بىلى-
مى ، كومېدىيىلىك فىلىملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ، پرىن-
سىپى ۋە مەقسىتىگە بولغان تونۇشى يۈزە ، جەمئىيەت-
تىكى بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ فىلىملەردىكى ۋەقە ، پېر-
سوناژ خاراكتېرىنى چۈشىنىشى ۋە ئۇلارغا بولغان پو-
زىتسىيىسى بىر تەرەپلىمە ھەم بىمەنە . بەزى كىشىلەر
كومېدىيىلىك فىلىملەرنىڭ «كۈلكە» ئىچىدە تۇرمۇش-
تىكى يارىماس ئادەم ۋە ناچار ئىللەتلەرنى ھەجۋىيلەش-
تۈرۈپ ئىجتىمائىي ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدىغان قى-
زىقارلىق سەنئەت شەكلى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەچ-
كە ، كومېدىيە فىلىم ئارتىسلىرىنىڭ شەخسىي تۇرمۇ-
شى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىززەت ـ غۇرۇرىغا زەربە بې-
رىپ ، رېژىسسورلار ۋە ئارتىسلارنىڭ بۇنداق فىلىم-
لەرنى ئىشلەش قىزغىنلىقىغا مەلۇم دەرىجىدە سوغۇق
سۇ سەپتى .

80 ـ يىللاردىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ كۈن-
سېرى چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر كومېدىيە-
لىك فىلىم ئىجادىيىتى خېلى جانلاندى . «نەسىردىن
ئەپەندى» فىلىمىدە دانىشمەنلىكى بىلەن خەلقىمىز ئا-

رىسىدا نامى يادلىنىپ كەلگەن نەسىردىن ئەپەندىنىڭ يۇمۇرلۇق ئوبرازى ، قىزىقارلىق ھەرىكىتى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل ئارقىلىق كىشىلەرگە بىرمۇنچە تۇرمۇش ھەقىقىتىنى كۆرسەتتى . «رەنانىڭ تويى» ، «بويتاقلار ئائىلىسى» ، «پۇل دېگەن نەرسە» قاتارلىق كومېدىيە- لىك فىلىملەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقان يېڭى مۇھىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت ، ئائىلە ، نىكاھ ، كىشىلىك ئەخلاق - پەزىلەت ، ئىنسانىي خا- راكتېر قاتارلىق ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ناچار ئەھۋاللارنى تەنقىد قىلدى ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مول ۋە رەڭدار روھىي قىياپىتى ئېچىپ بېرىلدى . ئەمما 90 - يىللاردا ئىش- لەنگەن «غەربىي دىياردىكى ئۇسسۇل مەستانىسى» ، «خۇشال زامان» ، «ئەزىمەتلەر تانسىخانىسىدىكى ئايال چولپان» قاتارلىق كومېدىيىلىك فىلىملەردە دەۋر بى- لەن باش تېمىنىڭ بىرلىكى ئاساس قىلىنغان بولسى- مۇ ، ئەمما كومېدىيىلىك ئېلېمېنتلىرى بىلەن تاشقى ئىپادىلەش شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تازا دىققەت قىلىن- مىغان . كومېدىيىلىك ئوبراز ، كومېدىيىلىك سۇژىت ھەم كومېدىيىلىك خاراكتېر زىچ بىرلىشەلمىگەن- لىكتىن ، تاماشىبىنلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەل- مەيلا قالماي ، ئەكسىچە مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى .

كومېدىيىلىك خاراكتېر — ئۇيغۇر مەدەنىيەت پسىخىكىسىدىكى قاتلاملىق ئالاھىدىلىكنىڭ بىرى . كومېدىيىلىك پسىخىكا ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىل- لىرى خەلقىمىز روھىي دۇنياسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلى- شىگە ئەگىشىپ دەۋرىمىزگە كەلگەن . شۇڭا ، ئۇيغۇر

كومېدىيىلىك فىلىملىرىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى دەل بۇ قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پسىخىك قاتلىمىنى قانچىلىك سىڭدۈرۈش ۋە يورۇتۇشقا باغلىق.

ئۇيغۇرلار — پەم - پاراسىتى بىلەن يۇمۇرلۇق پسىخىكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ھېسسىيات قاتلىمىنى تۇرمۇشىدا ئىپادىلەپ كەلگەن ئوچۇق - يورۇق، ئۈمىدۋار، قىزغىن، كۈلكىگە ئامراق، ھەجۋىي تىلغا باي، جاسارەتلىك مىللەت. ئۇيغۇرلار ئازاب - ئوقۇبەتنى كۆپ چەككەن، ئېغىر تەقدىر - قىسمەتلىرىنى يۇمۇرلۇق روھىدىن ياڭرىغان «كۈلكە» لىرى ئارقىلىق كىنايە قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئۈمىد ۋە تەسەللى بېغىشلاپ كۆتۈرەڭگۈ ياشاپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، شامانىزم، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئوخشاش دىنىي ئېتىقاد ئاساسىغا قۇرۇلغان. جۇغراپىيىلىك شەرت - شارائىت، تارىخىي كەچۈرمىش ۋە دىنىي ھېسسىياتنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىسىدا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى، لەتىپە، چاقچاق، يۇمۇر مەسەللەردە تراگېدىيە ۋە كومېدىيىلىك ئامىللىرى بۇرۇنقى زامانلاردىلا ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر مۇقام - مەشرەپلىرىدىكى «گۈل تۇتۇش» ئويۇنى، سامسا يېقىش ئويۇنى، پوتا ئويۇنى قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كومېدىيىلىك خاراكتېر پسىخىكىسىنىڭ خەلق سەنئىتىدىكى يارقىن جۇلاسىدۇر. مىلادىيە 6 — 8 - ئەسىرلەرگە تەۋە «مەڭگۈتاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى»دا ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۈچلۈك «مۇڭ» كەيپىياتى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ۋە زېمىن تەقدىرى ئېڭىنىڭ ئەسلىي پسىخىك ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەھرىمان شەخس-

لەرنى چوڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئىلھاملاندۇرغان . ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دىنىي ھەم تراگېدىيە كەيپىياتى كۇچىيىپ كەتتى . ئوتلاقچىلىق ھاياتى دەۋرىدىن كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قىزغىن ، جۇشقۇن ، مەردانە ، يۇمۇرلۇق ، كەيپىيات تۆۋەنلىدى . «ئازاب» ئېڭىغا مەھكەم باغلانغان ئىدراكىي پەلسەپە قاراشلىرى ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىك قاتلىمىنىڭ يادروسىنى تەشكىللەپ ئۈزلۈكسىز تۈردە چوڭقۇرلاشتى .

9 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلاردىكى تارىخىي پاجىئەدىن باشلاپ ، مۇڭلۇق ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى كېيىنكىلەر تولۇق ھېس قىلىپلا قالماي ، ئۇنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ قايتا جانلىنىشىنىڭ ئۇندۇرمىسى دەپ قاراپ ۋارىسلىق قىلدى ھەم راۋاجلاندۇردى . نەسىردىن ئەپەندى ، سەلەي چاققان ، مۇللا زەيدىن قاتارلىق خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ تىمساللىرى ۋە ئۇلارنىڭ فېئودالىزم ئىللەتلىرىنى قامچىلايدىغان ، خەلق روھىنى كۆتۈرىدىغان لەتىپە - چاقچاقلىرى بۇنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر . ئۇزاق ئۆتمۈش يوللىرىنى باسقان بۇ مىللەت ھېسسىياتى تاۋلانغان ، پاراسەتتە يېتىلگەن ، مەنىۋى دۇنياسى بېيىغان ، كىشىلىك تۇرمۇش سەنئىتىدە پىشقان ، كۆكسى - قارنى كەڭ ، ئەپۇچان ، ئوچۇق - يورۇق ، قىزغىن مىللەتكە ئايلاندى . شۇڭا ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى كۈلكىدىن ئايرىلالمايدۇ . ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ مۇڭ - ھەسرىتى ، كۆز ياشلىرىدىمۇ كۈلكىنىڭ شولىسى جىلۋە قىلىدۇ .

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، ئۇيغۇر كومېدىيە-

لىك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ پەيدا بولۇش ھەم تەرەققىيات مۇساپىسىدە بىر خىل تراگېدىيىلىك دەۋرىي ئارقا كۆرۈنۈش مەنبەلىك رولىنى ئوينىغان. ئۇ تراگېدىيىلىك ئۆتمۈشتە تراگېدىيىلىك ئاڭ بىلەن بىرلىشىپ گاھى تراگېدىيىنى، گاھى تراگېكومېدىيىلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ كەلدى. «كۈلكە» ئارقىلىق قەلبىدىكى غەم ـ قايغۇ، كۆڭۈلسىزلىك، زېرىدكىش ھەم تېگىرقاشلارنى يەڭگەن. «كۈلكە» گە ئۆز قەلبىدىكى خورسىنىش، ئېغىر تىنىقلىرىنى يوشۇرۇۋېتىپ گۈزەل ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىگەن.

بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىز بۇ مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى ھېس قىلسۇن ياكى ھېس قىلالمىسۇن، ئۇلار يېزىۋاتقان سېنارىيە، كىرىشتۈرۈۋاتقان فىلىم ۋە ئېلىۋاتقان روللىرىدا شۇنداق بىر مىللىي مەدەنىيەت پىسخىك قاتلىمى مەۋجۇت ھەم ئۇنى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىش كېرەك. مەشھۇر كومېدىيە فىلىم ئارتىسى، رېژىسسورى چارلىز چاپلىن: «مەن ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ تراگېدىيىسىنى چىقىش قىلىپ ئۆزۈمنىڭ كومېدىيە سىستېمامنى ياراتتىم، مەسخىرە كۈلكىسى بىر خىل قارشىلىق پوزىتسىيىسىدۇر. ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالمىغان چاغدا، بىز جەزمەن مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن تەبىئىي كۈچكە قارشى تۇرىمىز، ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز سەۋدايى بولۇپ قالىمىز» دېگەنىدى.

بىزنىڭ ھازىرقى تاماشىبىنلىرىمىزنىڭ، ھەتتا بەزى سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ كاللىسىدا كومېدىيىلىك فىلىم پەقەت «كۈلكە» نى ۋاستە قىلىپ تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ قىم-

مىتى تىياتىر ياكى ئېپىزوتلاردىكى سۆز ـ ھەرىكەتلىـ
رىگە ئوخشاش دەيدىغان قاراش قېتىپ قالغان . كومېـ
دىيە فىلىمى ئارقىلىق بىر جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ـ
ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى ، بىر مىللەتنىڭ پسىخىكىـ
سى ۋە تارىخىنى ئىپادىلەش مەقسىتىنى دىققەتتىن چەتـ
تە قالدۇرغان .

كۈلكە — كومېدىيىلىك فىلىمنىڭ ئالاھىدىلىكى
ئىكەنلىكى راست . لېكىن ، كومېدىيىلىك فىلىملەر
تاماشىبىنلارنى «كۈلكە» گىلا زورلاپ ، تەبىئىي كۈلكە
ئىچىدە ئويلاندۇرالمىسا ، يەنى بۇ «كۈلكە» دىن پايدىـ
لىنىپ پسىخىك جەھەتتە تاماشىبىنلارنىڭ ئويغىنىشىـ
نى ئىلگىرى سۈرۈپ ، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشتىكى رەـ
زىل ، خۇنۇك ھادىسىلەرنى پاش قىلىپ تەنقىدلىمىسە ،
ئۇ چاغدا «كومېدىيىلىك فىلىم» كىشىلەرگە قانداق
تەسىر بېرىدۇ . تەبىئىيكى ، كىشىلەر مۇشۇمۇ كىنو
بولدىمۇ ؟ دەپ مەسخىرە قىلىدۇ ، خالاس .شۇ جەھەتـ
تىن ئېيتقاندا ، كومېدىيىلىك فىلىمدىكى «كۈلكە»
بىر دەملىك خۇشلۇق ئەمەس ، بەلكى خەلقنىڭ سىياـ
سىي ۋە جەمئىيەتكە قويغان تەلىپىنىڭ ئەپچىل ئىپادىـ
سىگە ئايلىنىش كېرەك .

يېقىنقى يىللاردا ئىجتىمائىي قىممەت يارىتىشتىن
ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش شىنجاڭدىكى بىر قىسىم
مونوپول رېژىسسورلارنىڭ كاللىسىنى چۇلغىۋالغانلىقـ
تىن ، كومېدىيىلىك فىلىم ئىشلەش مودا بولۇپ قالـ
دى . ھالبۇكى ، بۇ كومېدىيىلىك فىلىملەرنىڭ كۆپـ
چىلىكىدە تېتىقسىز ھەرىكەت بىلەن نازۇكلۇق ، يۇمـ
شاقلىق ، تۇتۇرۇقسىز سۆز ، شاللاقلىق كۆپرەك گەۋـ
دىلەندى . قىلچە كومېدىيىلىك خاراكتېرى بولمىغان

باش قەھرىماننىڭ ئالىجوقا، ئېتىقسىز سۆز ـ ھەرد-
كەتلىرى كومېدىيىلىك توقۇنۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش
ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا دېتاللارنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن
زىددىيەت توقۇنۇشنىمۇ مۇۋاپىق تەشكىللىيەلمىگەن.
كومېدىيىلىك فىلىم ئىجادىيىتىدە چەت ئەلنىڭ كۆپلى-
گەن مۇنەۋۋەر فىلىملىرى بىزگە ناھايىتى زور ئېستې-
تىك زوق بېغىشلاپلا قالماي يەنە ئۆرنەكلىك رول ئوي-
نايدۇ. شۇنداقتىمۇ مېنىڭچە بۇنداق ناچار ھالەتنى
ئۆزگەرتىشتە بىز ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىد-
كى كومېدىيىلىك ئالاھىدىلىك بىلەن يۇمۇرلۇق خا-
راكتېرىمىزنى ھەقىقىي تونۇپ، ئۇنى پىسخىكىمىز بى-
لەن بىرلەشتۈرۈپ، كومېدىيىلىك فىلىمنىڭ قانۇنى-
يىتى ۋە پرىنسىپلىرى بويىچە ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ بەدى-
ئىي ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇشىمىزغا
توغرا كېلىدۇ.

پۇشكىن: «قانۇننىڭ شەمشىرى يېتىپ بارالماي-
دىغان جايغا ھەجۋىي قامچىسى يېتىپ بارالايدۇ» دەپ
كۆرسەتكەندەك، خېلكىن: «ھېچ شۇبھىسىزكى،
كۇلكە — ئەڭ ئۇنۇملۇك قارشى تۇرغۇچى قورالنىڭ
بىرى» دەيدۇ. دېمەك، كومېدىيىلىك فىلىمنىڭ ئۆز
ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا ماتېرىيال، دېتال ۋە كومېدىيى-
لىك ئوبرازلارنى يارىتىپ، بۇ ئوبرازلارنىڭ كومېدى-
يىلىك خاراكتېرىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش
ئىنتايىن مۇھىم. كومېدىيىلىك فىلىملەرنى مىللىي-
لاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تراگېدىيىلىك تىپنى
كومېدىيىگە بىرلەشتۈرۈشكە سەل قارىماسلىق كې-
رەك. دەۋر تەرەققىي قىلغانسېرى كىشىلەرنىڭ ھېس-
سىيات دۇنياسى بىلەن بەدىئىي ھالدا ئىپادىلىنىدىغان

دۇنياسى موللىشىدۇ ۋە رەڭدارلىشىدۇ . كومېدىيىنىڭ ئارىلاشمىلىقىمۇ روشەنلىشىدۇ . شۇڭا ھازىر تراگېكو-مېدىيە ، ۋەھىمىلىك كومېدىيە ، سېھىرلىك كومېدى-يە ، غەلىتە كومېدىيە ، پسىخىك كومېدىيە قاتارلىقلار-نىمۇ سىناق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . كومېدىيە فىلىم ئىجادىيىتىدە ئەمەلىي ئىزدەنسەكلا ، ئۇيغۇر تۇرمۇشى تېما قىلىنغان كومېدىيىلىك فىلىملەرنىڭ ھەقىقىي مەدەنىيەت قىممىتىنى يارىتالايمىز .

## 3 . ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىدە مىللىي مەدەنىيەت ئېڭىنى تىكلەش ۋە ئۇنىڭ قىممىتى

بۈگۈنكى كۈندە ئۆز مەدەنىيىتىنى چۈشىنىپ ۋە باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى تاللاپ قو-بۇل قىلىپ يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يې-تىلدۈرگەن مىللەت — ئۆزىنى ئەقلىي جەھەتتىن ما-ھىيەتلىك تونۇغان كەلگۈسى پارلاق مىللەتتۇر . ئىنسا-نىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن ئايانكى ، بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنى-شىدا شۇ مىللەتنىڭ ئاڭلىق مەدەنىيەت ئېڭى ھەل قىلغۇچ ئورۇن تۇتىدۇ . يېقىنقى ئەسىرگە كىرگەن ئۇي-غۇرلار ئۆز مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تارىخىي پۇرسىتىنى كۈتۈۋېلىش بىلەن بىللە ، خەلقئارا ئىقتى-ساد ۋە كۆپ خىل مەنبەلىك تۇرمۇش شەكلى ھەم ياۋروپا كۈچلۈك مەدەنىيىتىنىڭ خىرىس ۋە رىقابىتى ئالدىدا مىللىي مەدەنىيەت سەنئىتى بىلەن ئەخلاقىي ئىجتىمائىي قىممەت قاراشلىرىنى ساقلاش جەھەتتە مە-دەنىيەت ئېڭى بوھرانىنىڭ ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتمەكتە . شۇڭا بىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ساھە-سىدە مىللىي مەدەنىيەت ئېڭىنى تەكىتلىشىمىز دەل

نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش سەھنىسىدە مىللىي
مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى قوغداش ، جارى قىلدۇرۇش ،
تەشۋىق قىلىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنىڭ بارغانسېرى تۆ-
ۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىندۇر .

دەرۋەقە ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى غەربـ
نىڭ رەڭگارەڭ ئىجادىيەت ئېقىمى ، ئۇسلۇب مېتودى
بىلەن ئىنسان تەبىئىتى ۋە نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى
ئىپادىلەش ئۇچۇن ئىزدەنمەكتە . لېكىن بىر قىسىم
يازغۇچى ـ شائىرلار ۋە سەنئەتكارلار ئۇيغۇر مىللىي
تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش ئۇ-
چۇن ئىزدەنگەندە كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىنىڭ قانداق
مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە دىنىي ئەخلاقى مۇھىتتا تۇرۇپ
كىم ئۇچۇن ؟ نېمە ئۇچۇن يېزىشتەك مەدەنىيەت قىمـ
مەت مەيدانىنى ئۇنتۇپ قېلىپ غەرب مەدەنىيىتى ۋە
ئەخلاقىي ئەندىزىسى ھەم قىممەت قارىشى تەرەپكە ئۆ-
تۇپ كېتىشتى . بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىنى
ئالا چەكمەن قىلىۋەتكەن غەربنىڭ ھازىرقى زامان مە-
دەنىيىتى ئىچىدىكى بەزى تەرەپلەر ئەمەلىيەتتە پۇل ـ
ھوقۇق ، مەنپەئەت ، شەخسىي شان ـ شەرەپكە چەمبەر-
چاس باغلانغان ، ئەخلاقىي مىزان ۋە دىنىي ئىشەنچ
تۇۋرۇكىدىن ئايرىلغان روھىي ئېچىرقاپ كەتكەن كى-
شىلەرگە مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەت بېرەلمىگەن چۇشكۇن
ۋە ساختا ، چىرىك مەدەنىيەت . بۇ خىل غەربچە تۇر-
مۇش ۋە ئەخلاقىي قىممەت ئەندىزىسىنىڭ بەزى ئەدىب
ـ سەنئەتكارلارنىڭ ئېڭىغا شىددەت بىلەن سىڭىپ كى-
رىش ئارقىسىدا ، ئۇلار بىرنەچچە مىڭ يىللىق ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىنىڭ ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ۋارىسـ
لىق قىلىش ، ئۇنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى تەشەببۇس

قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى فېئودالىلىق كونا خۇراپىي ئا-
دەت ، يېڭىلىقنىڭ توسالغۇسى دەپ قاراپ ھېچقانداق
مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى يوق شالغۇت ئىدىيە
ۋە قاراشنى يېڭىلىق ، ئىجادىيەت ، تەرەققىيات ۋە زاما-
نىۋىلىق دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ ، ئاخىرى غەربچىمۇ ،
شەرقچىمۇ ئەمەس ، ئۇيغۇرچىمۇ ئەمەس ، ئېتىقادسىز
بىر مەدەنىيەت مۇھىتىغا ئۆزلىرى تۇيمايلا كىرىپ
قېلىشتى . نەتىجىدە ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۈگۈن-
كى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئېتىقادى ، ئىشەنچىسى ، مەدەنى-
يەت ئېڭى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى تىكلەشكە يول
باشلاش رولىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئوينىيالمىدى .
ناۋادا ، غەربنىڭ ھەممە نېمىسى قالتىس ۋە ئې-
سىل كۆرۈنۈپ تاللىماي قوبۇل قىلىۋېرىلسە بۇنداق
ئاتالمىش يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىش قانداقتۇر يېڭى
مەدەنىيەتكە تېز ماسلىشالايدىغان ماھارەت ، مەدەنىيەت
ئېڭى ياكى مەدەنىيەت ئىقتىدارى بولماي ، بەلكى مەدە-
نىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى پاسسىپ ماسلىشىش ، مەدە-
نىيەت ئېڭىنىڭ كەمتۈكلۈكىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر . بۇ
خىل مەدەنىيەت ئاڭسىزلىقى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ
باشقىلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش ، يوقىلىشى ئىلگى-
رىلىتىدۇ ، خالاس . شۇڭا ئۇيغۇر سەنئەت ئىجادىيىتى-
دىمۇ چوقۇم مىللىي مەدەنىيەت ئېڭىنى تىكلەشنىڭ
تەخىرسىزلىكىنى تونۇش كېرەك .
ئۇيغۇرلارنىڭ كىنو بىلەن تونۇشۇشى ئۆتكەن ئە-
سىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ
ئاۋازسىز ھۆججەتلىك فىلىملىرىنى قويۇشىدىن باشلان-
غانىدى . ئەينى يىللاردا خەلق ئارىسىدا لاتا ئويۇنى ياكى
شەيتان سۈرىتى دەپ ئاتالغان رەڭسىز ، ئاۋازسىز ھۆج-

جەتلىك كىنو فىلىمىنىڭ قويۇلۇشى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا خۇشاللىق، يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەن. 30 ـ يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «فرونتتىكى سولدات»، «چاپايېۋ» قاتارلىق فىلىملىرىنىڭ قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تەرەققىيپەرۋەر سودىگەر ـ كارخانىچىلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا كىنو تېخنىكىسىنى تارقىتىپ ئىلگىرى ـ كېيىن كۆپلىگەن كىنو شىركەتلىرىنى قۇردى. 30 ــ 40 ـ يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئاممىۋى كۇلۇب، كىنوخانا ۋە ئويۇن قويۇش سورۇنلىرى قۇرۇلغان. شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ مىللىي تۇرمۇشى تېما قىلىنغان قىسقا ھۆججەتلىك فىلىملەرمۇ ئىشلەنگەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مىللىي كىنو سەنئىتى ئىجادىيىتى بىرقەدەر تېز ئىلگىرىلىدى. 1953 ـ يىلى دۆلەت ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت تۇرمۇشى تېما قىلىنغان تۇنجى فىلىم «خەسەن-جەمىلە» شاڭخەي كىنو ستۇدىيىسى تەرىپىدىن سۇرەتكە ئېلىنىپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن باشلاپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغانغا قەدەر، شىنجاڭ مىللىي كىنوچىلىق سەنئىتى پەيدىنپەي شەكىللەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنى سەھنە ۋە ئېكراندىن ئايرىپ زور زىيانكەشلىك قىلغان ھەتتا بىمەھەل ھاياتىدىن ئايرىغان بولسىمۇ، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ كۆپ كۇلپەت چەككەن كونا بىر ئەۋلادلار ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئەتكارلىرى كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش،

تونۇشتۇرۇش ئۇچۇن يۇرەك قانلىرىنى سەرپ قىلدى .
شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيىچىلىكىنىڭ
يېڭى گۇللەنگەن تەرەققىيات مەنزىرىسىنى بارلىققا
كەلتۇردى . شۇنىڭدەك ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيىچى-
لىكىنى بىرقەدەر مۇنتىزىم ، سىستېمىلىق ھالغا كەل-
تۇردى . 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى پۈتۈن مەم-
لىكەتتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى
ئومۇميۈزلۈك قېزىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن راۋاج-
لاندۇرۇش تەلىپىنىڭ تۈرتكىسىدە ، قىسقىغىنا 10
يىل ئىچىدە ئۇيغۇر تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن 20 دىن
ئارتۇق ھېكايە فىلىم ئىشلىنىپ جامائەت بىلەن يۈز
كۆرۈشتى . بۇ فىلىملەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئېس-
تېتىك ئالاھىدىلىكى بىلەن 80 - يىللىرى ئۇيغۇر
كىنوچىلىقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىك مۇۋەپپەقى-
يىتىنى نامايان قىلىپ بەردى . ئۇنىڭدىن باشقا 80 -
يىللاردا ئىشلەنگەن «ئۇچ ياش» ، «نەسىردىن ئەپەن-
دى» ، «باغ» 90 - يىللاردا ئىشلەنگەن «كۈتۈلمىگەن
توي» ، «تىمتاس گۇگۇم» ، «قوغۇنچىنىڭ ھېكايى-
سى» ، «خانىش ئامانىنىساخان» ، «تۇمانلىق سەھەر» ،
«ئاخىرقى كۆل» ، «دوزاخقا سەپەر» قاتارلىق كۆپ
قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە
سەنئىتى ئىجادىيىتىنىڭ تېما ، ئىدىيىۋى مەزمۇن ، بە-
دىئىيلىك جەھەتتىن بارغانسېرى يېڭىلىنىۋاتقان-
لىقىنى ، تارىخ ۋە رېئال ھايات ھەققىدە مىللىي مەدەنى-
يەت ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئەھمى-
يەت بېرىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسەتتى . 90 - يىل-
لاردا شىنجاڭ كىنوچىلىقى توختاپ قېلىش ۋە چېكى-
نىشكە يۈز تۇتقان بىر چاغدا ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە فىلىم

ئىجادىيىتى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى . بولۇپمۇ ، خۇ-
سۇسىي مىللىي كارخانىلار خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە
ئېستېتىك ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ ، ئۆزلىرى
مەبلەغ سېلىپ ، كۈچ تەشكىللەپ ئۇن - سىن فىلىم-
لىرىنى ئىشلەپ ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيىچىلىكىنىڭ
يېڭى ئەسىردىكى بىر خىل مەۋجۇتلۇق يولىنى ئىزدە-
مەكتە . مەلۇم دەرىجىدە بۇ فىلىملەر بۇگۈنكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ سەنئەتكە ، يېڭىلىققا تەلپۈنۈش ، ھاياتتىن ھۇ-
زۇرلىنىش ئېھتىياجىدىن چىقىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما
ئىقتىسادىي پايدىنى كۆزلەپ كەسىپ ئەھلى بولمىغان-
لارنىڭ بۇ ساھەگە ئارىلىشىشى قاتارلىق بىرمۇنچە سە-
ۋەبلەردىن ئىشلەنگەن فىلىملەرنىڭ قۇرۇلمىسى بەك
ئاددىي ، يۈزەكى ۋە بەدىئىيلىكى تۆۋەن ، مەزمۇنىنىڭ
تايىنى يوق ، ۋەقەلىكى پۇچەك ۋە چۇۋالچاق ، ئۇيغۇر-
لارنىڭ بۇگۈنكى ئائىلە ، ھاياتلىق ، مۇھەببەت ۋە ئېتىد-
قاد قاراشلىرى بىرگە گەۋدە قىلغان مۇرەككەپ روھىي
دۇنياسىدىكى يۈزلىنىشى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرال-
مايدۇ .

بەزىلەر كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىنىڭ يۈك-
سەلمەسلىكىنى مەبلەغنىڭ كەمچىل بولۇشى ، تېخنىكا
ۋە تۈزۈلمە ئامىللىرىغا باغلاپ قارىشىدۇ . دەرۋەقە بۇ
سەۋەبمۇ بار . لېكىن مەسىلىنىڭ تېخىمۇ مۇھىم تەرد-
پى شۇ يەردىكى ، كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە
بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە تۇرمۇش ئالا-
ھىدىلىكىنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىزدە-
نىشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى ، مىللىي مەدەنى-
يەت ئېڭىنى ئاڭلىق تىكلىيەلمىگەنلىكىمىز بىلەن بە-
ۋاستە مۇناسىۋەتلىك .

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ سەنئەتتى تارىخىي تە-
رەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى
شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ مىللىي ئېستېتىك ئەنئەنە ۋە
ئالاھىدىلىك شۇ مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇر-
مۇش، ماكان شارائىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، پەلسە-
پە، ئىجتىمائىي ئەخلاق قاراشلىرىدىن تەشكىللەنگەن
بولىدۇ. ئۇ يەنە تارىخىي شەكىللەنگەن مىللىي پسىخىد-
كا، قائىدە - يوسۇن ۋە ئېستېتىك قاراشنىڭ
چەكلىمىسىدە بولىدۇ. كىنو - تېلېۋىزىيىدىن ئى-
بارەت بۇ ياش مەدەنىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت زې-
مىنىدا بىخ سۇرۇپ ئۆسۈش داۋامىدا مىللىي سەنئەت-
كارلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا تۇرتكە بولۇپ كەلگەن-
دى. كىنو - تېلېۋىزىيە باشقا سەنئەت شەكىللىرىگە
قارىغاندا، تاۋارلىق قىممىتى يۇقىرى، بىۋاستە، ئوب-
رازلىق زامانىۋى ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر سەنئىتى بولغاچ-
قا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشى ۋە ئېتى-
راپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، چوقۇم تاماشىبىن-
لارنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياج - تەلەپلىرىنى چىقىش
قىلىش ۋە ئۇنىڭغا لايىقلىشىش كېرەك. كىشىلەر
«كونا قۇدۇق»، «جۇدۇ»، «قىزىل قوناقلىق»،
«چيۇجۇنىڭ ئەرز قىلىشى»، «ئەپيۇن ئۇرۇشى»،
«سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «ئۈچ
پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «تەشنالىق»،
«مېھرى - مۇھەببەت قەرزى»، «ئاتا - ئانىمىز»،
«كاڭشى خانىدانلىقى» قاتارلىق جۇڭگو كىنو - تېلې-
ۋىزىيە فىلىملىرىنى ياقتۇرۇپ كۆرىدۇ. بۇنىڭدىكى
سەۋەب، بۇ فىلىملەردە جۇڭگو كىنو - تېلېۋىزىيە
سەنئەتكارلىرىنىڭ خەنزۇ خەلقىنىڭ مىللىي تۇرمۇ-

شى ، تارىخى ، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ، مۇرەككەپ پسى-
خىك خاراكتېرى ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىنى كۈچلۈك
مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يورۇتۇشى ئۈچۈن
ئەستايىدىل ئىزدەنگەنلىكىگە باغلىق . ئۇيغۇرلار ئادەتتە
ھىندىستان ، پاكىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ
مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە سەنئەت پۇرىقى
قويۇق ناخشا - ئۇسسۇللۇق كىنو - تېلېۋىزىيە
فىلىملىرىنى ياقتۇرۇپ كۆرىدۇ . چۈنكى بۇ فىلىملەر
كىشىلەرگە گۈزەللىك ، شاد - خۇراملىق ، ئازادىلىك
ۋە ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسى بېغىشلاپ شۇ مىللەتلەرنىڭ
مەردانە ، قىزغىنلىقى ، باتۇرلۇق جاسارىتى ۋە مۇھەب-
بەت ھېسسىياتلىرىنى تەسىرلىك نامايان قىلىپ بېرە-
لىگەن . بۇ تەرەپلەر مىللىي سەنئەتنىڭ تەرەققىيات
نىشانى ۋە چىقىش يولى دەل مۇۋاپىق زامانىۋى شەكىل
ۋاستىلەر بىلەن كۈچلۈك مىللىي مەدەنىيەت خاسلى-
قىنى گەۋدىلەندۈرۈش ، مىللىي ئېستېتىك قىممەتكە
ئىگە قىلىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

ئەگەر ئۇيغۇر مىللىي كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى
ئۆز تاماشىبىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا ، رېژىسسور ،
ئوپېراتور ۋە ئارتىسلار مىللىي مەدەنىيەتكە مەسئۇللۇق
بۇرچىنى ، ئۇنتۇسا ئوخشاشلا ئۆزلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرالمايدۇ . چۈنكى ، كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنى
ئۇلار ئۆزلىرى كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى پۈتكۈل
جەمئىيەت ، مىللەت - خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىش
ھاياتىغا ئۈمىد - ئىستەك ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىشلەي-
دۇ . ئۇلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان ، ئۇلارغا باقىدى-
غان ، ئالقىش ياڭرىتىپ مەدھىيىلەيدىغان ، ئۇلاردىن
سۆيۈنىدىغان تۇگىمەس شان - شەرەپ بېرىدىغانمۇ تې-

گى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ خەلقى — ئۇنىڭ
تاماشىبىنلىرى ! شۇنداق ئىكەن ، ئۇلار ھەر ۋاقىت
شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەككى ، مىللىي كىنو -
تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ، ئىلگىرى-
لىشى ياكى يوقىلىشىنى ، بازىرى ئىتتىك ياكى بازىرى
كاسات بولۇشىنى ، مىللىي تاماشىبىنلىرىنىڭ ئېستې-
تىك ئېھتىياج تەلەپلىرىنى چىقىش قىلىش ، مىللىي
مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىش رولىنى ئويناش - ئوينى-
يالماسلىقى بەلگىلەيدۇ . مۇبادا ، مىللىي كىنو - تېلې-
ۋىزىيە سەنئىتىنى مىللىي روھنى ئويغىتىدىغان مىل-
لىي مەدەنىيەتنى ئاڭلىق ، ئىلمىي ، ساغلام تونۇشتۇرى-
دىغان سەنئەت مائارىپى دەپ قارىماي ، يۈزەكى ھالدا
كۆڭۈل ئاچىدىغان ، بىر - بىرىنى ماختاپ نېمىنى تاپسا
شۇنى كۆككە كۆتۈرىدىغان ، نام چىقىرىپ كۆپرەك پاي-
دىغا ئېرىشىش كويىدا ساختىپەزلىك قىلىشنىڭ دەس-
تىكى ، ئالاھىدە ۋاسىتىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ ئىدىيە-
ۋىلىكى ساغلام ۋە چوڭقۇر بولمىغان سۈپەتسىز فىلىم-
لەرنى بازارغا سېلىشقا ئالدىراپ «مىللىي سەنئەتنى
قوللاش » ۋىۋىسكىسى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ھېسسىياتى-
نى ئالداپ ، يانچۇقىدىكى پۇلنى ئەپلەپ ئېلىۋېلىش
كويىدا سەنئەتنى پېتىقلاپ يۈرسەك بۇ ئېنىقكى ،
كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى تەرەققىياتىغا توسالغۇ
بولۇپلا قالماي ، خەلقىنىڭ ئېڭىنى ھەر خىل مەدەنىيەت
ئەخلەتلىرى بىلەن تېخىمۇ بۇلغايدۇ .

مېنىڭچە ، ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى —
ئۆز مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت - سەنئەتنى پۈتۈن
كۈچ بىلەن مەدھىيىلىشى ، تەشۋىق قىلىشى ، دۆلەت
ئىچى - سىرتىغا تونۇشتۇرۇشى ، ئۇيغۇر مىللىتى-

نىڭ ئوبرازىنى مەدەنىيەت جەھەتتىن توغرا ، ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشىنى ئۆز ئىشلىرىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى قىلىش كېرەك .

ھازىرقى ئادەملەر تۇرلۇك - تۈمەن تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت شەكىللىرى ئارىلىشىپ كەتكەن جاز مۇزىكىسى ۋە تولغىما ئۇسسۇلدا بىرپەس سەۋدايىلىقتىن كېيىن ئۆزىگە كېلەلمەي تېنەپ يۈرگىنىدە ، كىنو - تېلېۋىزىيە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ھاياتىي كۈچىنى قايتا تونۇتىدىغان ، ئۇنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ۋە قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەدەنىيەت روجىكى . ھەربىر دەۋردە ، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ قاتلىمىدا گۈزەل ھاياتقا تەلپۈنۈش ، قەھرىمانلىرىغا چوقۇنۇش ، ھەقىقەت باراۋەرلىك ، ئەخلاق ، ئىلىم - مەرىپەتكە تەلپۈنۈش غايىسى ۋە خىياللىرى جۇغلانغان بولىدۇ . ئەگەر كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى ئوبرازلار بۇ خىل ئاڭنى تەبىئىي ھاياجان ئىلكىدە ئىختىيارسىز كىشىلەر قەلبىگە تەقدىم قىلالىسا ، فىلىمدىكى كۆرۈنۈش پېرسوناژلار ئۆزىگە يىغقان مىللىي ئاڭنى بىر خىل مەدەنىيەت ئېستېتىك ئۇچۇر سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ تاماشىبىنلىرى قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرالىسا ، ئۇ چاغدا بۇ فىلىمدىكى مىللەت ۋە مەدەنىيەت باشقىلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ياخشى مەدەنىيەت ئوبرازى بولۇپ كۆرۈنىدۇ . بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ، كىنو - تېلېۋىزىيە مىللەتنىڭ ئوبرازى ۋە ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان قورال . ئەگەر بۇ قورالنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم بەرمىگەنلىكىنى پۇل ياكى تېخنىكىدىنلا كۆرۈپ ، مەدەنىيەت روھى جەھەتتىن سەنئەت مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلالمىغانلىقىمىزنى يو-

شۇرساق ، مەسىلىلەرنى ئۆزىمىزگە ئالغۇمىز كەلمە-
سە ، ئۇ چاغدا هازىرقى ئۇن - سىن بازىرىنى قاپلاپ
كەتكەن كۆچۈرمىچىلىك ، تەقلىدچىلىك ، ئۆزلەشتۇ-
رۇش بىلەن ئالدىراش «پىششىقلاپ» ئىشلەپ ئۆزىنىڭ
«ئىجادىيىتى» قىلىۋالغان بىر ئىككى لېنتىنى قۇراش-
تۇرۇپ بىر كېچىدە «چولپان» بولۇش چۈشىنى چۈ-
شىگەن ئاتالمىش «ياش - پېشقەدەم تالانتلىق» ،
«تۇغما ئىقتىدارلىق» ، «سەنئەتكار» ، «چول-
پان»لارغا نېمە دەيمىز ؟ ئۇنىڭدىن باشقا بايقالمىغان
«رېژىسسور» ، «ئوپېراتور» ۋە سەھنىگە چىقىپ باق-
مىغان «چولپان»لارنىڭ قولىدىن چاقماق تېزلىكىدە
چىقىپ ئۇن - سىن بازارلىرىدا لەيلەپ يۈرگەن سۈپەت-
سىز VCD فىلىملىرىنى نېمە دېيىش كېرەك ؟ !

نۆۋەتتىكى كىنو - تېلېۋىزىيە ، ئۇن - سىن ،
ناخشا - ئۇسسۇل مۇزىكىچىلىقتىكى مۇنداق ناچار خا-
ھىشنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى ، كىنو - تېلېۋىزىيە
ساھەسىدىكى بىر قىسىم خادىملار ۋە سەنئەتنى بىلمەي-
دىغان «سەنئەتكارلار» نىڭ مىللىي سەنئەتكە ئۆزىنى
بېغىشلاش روھىدىن كۆرە بىر كېچىدە «چولپانغا ئايلى-
نىش» نام چىقىرىش غەرىزىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ،
شۇنداقلا پۇلنىلا ئويلاپ مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەت-
نىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلىشىنى ئۇن-
تۇپ قېلىۋاتقان بىر قىسىم ئۇن - سىن كارخانىچى
سودىگەرلەرنىڭ يەڭگىللىكى ، ئالدىراڭغۇلۇقىنىڭ ئاقى-
ۋىتىدۇر . شۇڭا بۇ يەردە ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ
تەرەققىياتىغا باغلىق بولغان سەنئەت ئىستىلى ، سەنئەت
ئەخلاقى ۋە سەنئەت روھىغا ئائىت بىرمۇنچە مەسىلىلەر
مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ .

دەرۋەقە ، مەيلى ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ياكى سەن-
ئەت ئىجادىيىتى بولسۇن ھەرقانداق سەنئەتكار ياكى
يازغۇچى ئىجادىيەت مۇساپىسىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچ-
لىرىدا ئۆگىنىش داۋامىدا باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-
رايدۇ ۋە تەقلىد قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ . ئەمما
تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ، ئۇسلۇبىنى دوراش بىلەن
كۆچۈرمىچىلىك قىلىش ۋە تەقلىدچىلىكنى كەسپكە
ئايلاندۇرۇش ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار . ئە-
گەر سەنئەتكار ياكى يازغۇچى مۇستەقىل ئىجاد قىلىش
پىسخىكىسى ھەم ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرمىسە ، مەسىلى-
لەرنى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىپ ، ئۆز ئالدىغا يەكۈن
چىقىرالمىسا ، كۆپ خىل مۇرەككەپ مەسىلىلەردىن
يېڭىچە بىر نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويماي ھامان بۈگۈن
بۇنى ، ئەتە ئۇنى دوراپ باشقىلارنىڭ ئىجادىيىتىنى كۆ-
چۈرۈپ ، ئۆزلەشتۈرۈپ ، جان بېقىش نام چىقىرىپ
«دەۋر سۈرۈش» تەمەسىدە يۈرسە ، ئۇ ئۆمۈر بويى
تەقلىدچى بولىدۇكى ھەرگىزمۇ سەنئەت قەسىرىگە كى-
رەلمەيدۇ .

شۇ جۈملىدىن ئېيتقاندا ، ئۇيغۇر — كىنو -
تېلېۋىزىيە سەنئىتىدە مىللىي مەدەنىيەت ئېڭىنى تىك-
لەشنىڭ مۇھىم ۋە زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەندە ، كىنو
- تېلېۋىزىيە سەنئەتكارلىرى ۋە خادىملىرىنىڭ ئومۇ-
مىي مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقىنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن
بىرگە ، مىللىي سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ يېڭىلىق
يارىتىش ، مۇستەقىل ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنى تەربى-
يىلەشنى ھەر ۋاقىت تەكىتلەش زۆرۈر .

يالغۇز سەنئەتنىڭ تاشقى شەكلى جەھەتتىكى با-
يان ، تەسۋىر ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى خەلق تۇرمۇشىغا

بەكرەك يېقىنلاشتۇرۇپ ، خەلقتىن ئۆگىنىپلا قالماي
مەزمۇن جەھەتتە ئۇيغۇر مىللىي ئېستېتىك ئەنئەنىلە-
رىنى تارىخ ۋە رېئاللىقنىڭ باغلىنىشىدىكى ماھىيەت-
لىك مەسىلىلەرنى تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ بې-
رەلىسە ، شۇ چاغدا ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى
ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچىنى خەلققە چوڭ-
قۇر ھېس قىلدۇرالايدۇ .

# ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت خاھىشى

## 1. بۈگۈنكى ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە سەنئىتىگە نەزەر

ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە ئېكرانىدىكى رەڭگارەڭ تۇرمۇش مەنزىرىلىرى بىزنى بىر تەرەپتىن قاتتىق قىزىقتۇرسا يەنە بىر تەرەپتىن شەرق - غەربنىڭ ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى تۇرمۇش ۋە ئەخلاق چۈشەنچىسىگە خىرىس، ۋەھىمە ھەم بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى بىزنى تەشۋىش ئىچىدە ئويلاندۇرماقتا. ھەر خىل سەنئەت پروگراممىلىرىدىكى نازۇك، ئەۋرىشىم ھېسسىيات، يىغلاڭغۇلۇق، ئازاب، جاراھەت، قىز - يىگىتلەرنىڭ زەيپانە، مىشچان، ناخشا - ئۇسسۇللىرى، ياۋروپاچە يالىڭاچ بەدەنلىك ئۇسسۇللار، تەقلىدىي ناخشا - مۇزىكىلار ھەمدە تۈگىمەس ئېلانلار كىشىلەرنى توختىماي قانال يۆتكەيدىغان، ئۆزى ياقتۇرىدىغان پروگراممىنى ئىزدەيدىغان قىلىپ قويدى. مەلۇم مەنىدە تاماشىبىنلىرىنى زېرىكتۈردى. ئۇيغۇرچە پروگراممىلارنىڭ كىشىلەرنى قانائەتلەندۈرەلمەسلىكى ياكى بىزار قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى مېنىڭچە تېلېۋىزىيە سەنئىتى پروگراممىلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەش كېرەك.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر تېلېۋىزىيىچىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۇ-

چۈن 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ ھازىرغىچە تېخنىكا ، تارقىتىش ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ رەڭدار تۇسكە كىرىپ كۆپلىگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ئىشلەندى . تېلېۋىزىيە قاناللىرى بارغانسېرى كۆپەيتىلىپ تارقىتىش ۋاقتى ئۇزارتىلدى . تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىملىرى ، ھۆججەتلىك فىلىملەر ، MTV ناخشىلىرى ، چەت ئەل ئەدەبىيات ـ سەنئەتتى قاتارلىقلار تېلېۋىزىيە ئېكرانىنى قاپلىدى . تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا سىياسىي ، ئىقتىسادىي ئۇچۇرلار ، قانۇن ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتىن تارتىپ تۇرمۇش ، سەنئەت ، مائارىپ ، كۆڭۈل ئېچىش ، ئىستېمال ، ئېلان ـ تەشۋىقاتقىچە خالىغانچە كۆرگىلى بولىدۇ . شۇغىنىسى ، ھازىرقى ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا پەقەت ئاممىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىياجىدىن چىقىشنى قوغلىشىپ ياۋروپاچە تۇرمۇش ۋە قىممەت قارىشى ئىپادىلەنگەن فىلىملەرنى ھەددىدىن زىيادە تەشۋىق قىلىۋەرسە ياكى پروگراممىلارنىڭ شەكلىنى تولا ئۆزگەرتىپ ، مەزمۇنىنىڭ ئىلمىي ، مىللىي ، تەربىيىۋى شەكلىگە سەل قارالسا بۇنداق ئۇرۇنۇپ كېتىشنى ساغلام رىقابەت ئېكى دېگىلى بولمايدۇ . ئۇيغۇرچە پروگراممىلىرى خەنزۇچە پروگراممىلارنىڭ شەكلىنى دوراپ كۆپەيتىپ زامانىنىڭ مودىسىغا ئەگەشسىلا بۇ تاماشىبىنلارنىڭ پسىخىك ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقانلىق بولۇشى ناتايىن . خەنزۇچە تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى ۋە ئۇنىڭ پروگراممىلىرىنى دوراپ ، ئوخشىتىپ بەزى سەنئەت پروگراممىلىرىنى بازارغا سېلىش ياكى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ «يېڭىلانغان» بەزى پروگراممىلار بىزگە تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ بۇرچى ، ۋەزىپە ئالاھىـ

دىلىكى ۋە نىشانىنى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق نەرسىنى ھەقىقىي ياقتۇرىدىغانلىقىنى سوغۇق قانلىق بىلەن مۇستەقىل ئويلىنىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىر تېلېۋىزىيە سەنئەت پروگراممىسىنى قانچىلىك ئادەمنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشى مەلۇم نۇقتىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك مايىل قىلىش كۈچىنىڭ بارلىقىنىڭ بەلگىسى. بولۇپمۇ، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى كۈچلۈك رىقابەت بىلەن كۆپىيىپ ۋە بېيىتىلىپ جەمئىيەتتە تەسىر قوزغاشنى نىشان قىلىۋاتقان چاغدا، مەلۇم بىر پروگراممىنى جەمئىيەتتە قانچىلىك ئادەمنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشى بۇ پروگراممىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولغان ـ بولمىغانلىقى، مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا پروگراممىلار ئۆزىنى ئۆزى تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن تېلېۋىزىيە مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرىدىغان «ئېلان سەنئىتى» دەك سەنئەتلىك جەلپكار ھەم شەكلىنىڭ يېڭى، نەپىسلىكىنى قوغلىشىدۇ. لېكىن شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، تاماشىبىنلارنىڭ ھېسسىياتىنى قىزىقتۇرۇش، ئۇلارنىڭ «كۆڭۈل ئېچىش» ئېھتىياجىدىن چىقىش تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ بىردىنبىر مۇھىم ئۆلچىمى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كۆپ خىل ئىقتىدارى ۋە رولىنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپى. كۆڭۈل ئېچىش پروگراممىسىنى ئادەتتە كۆپ كىشىلەر كۆرسىمۇ، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ياخشى ئۇنۇم يارىتالىشى ناتايىن. تېلېۋىزىيە سەنئىتى بىر خىل تەشۋىقات قورالى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر خىل تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى مىللىي مەدەنىيەت، تۇرمۇش ۋە مائارىپ مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى،

تەشۋىق قىلىشى ۋە تەلىم - تەربىيە رولىنى ئوينىشى تېخىمۇ زۆرۈر . ئۇنىڭدىن باشقا پروگراممىلار ئارقىلىق خاراكتېر-نىڭ ئوخشىماسلىقىمۇ ئۇنىڭ تاماشىبىنلىرى ۋە جەم-ئىيەتتىكى تەسىرىنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشىنى بەلگى-لەيدۇ . شۇڭا جەمئىيەتتىكى قانچىلىك ئادەمنىڭ كۆ-رۈش - كۆرمەسلىكى ، تاماشىبىنلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكى-گە قاراپلا پروگراممىنىڭ مۇھىم ياكى ئەمەسلىكىنى ، ياخشى ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەشكە بولمايدۇ . مىسال ئالساق ، بېتخوۋېن ، موزارت ، چايكوۋسكىي سىمفونى-يىلىرى بىلەن داۋىنچى ، پىكاسسو رەسىملىرى دۇنياغا داڭلىق بولسىمۇ ئۇ ئېكراندا كۆرسىتىلسە ئۇنى قىزى-قىپ كۆرىدىغان ، ماختايدىغان ئادەم ئاز ، ئەكسىچە چاقچاق ، يۇمۇر ، لەتىپە ، سۆز ئويۇنلىرىنى ياكى ھا-زىرقى ئۆزلەشتۈرمە ناخشا - مۇزىكىلارنى ياقتۇرىدى-غانلار كۆپ بولۇشى مۇمكىن . بەزى پەننىي تەربىيىۋى پروگراممىلارغا قارىغاندا نوقۇل كۆڭۈل ئېچىش مەز-مۇنىدىكى ئويۇن پروگراممىسىنى كۆپرەك كىشى ماخ-تىشىمۇ مۇمكىن . بەزىلەر تەنتەربىيە پروگراممىسىنى تاللاپ كۆرسە ، يەنە بەزىلەر كىيىم - كېچەك ، زىبۇ-زىننەت ۋە پەرداز بۇيۇملىرى تونۇشتۇرۇلغان پروگرام-مىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ، يەنە بىر قىسىم ئادەملەر تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ سەزگۈ-رەشتىسى ۋە تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ . يەنە بىر قىسىم ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر بولسا جۇشقۇن ، ھېسسىياتلىق MTV ناخشىلىرىنى ، تولغىما ئۇسسۇللارنى ياقتۇرى-دۇ . شۇڭا تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا تۈرلۈك ياش قۇرام ، مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ئوخشىمىغان جىنستىكى ، ئوخ-شىمىغان كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىغا ماس

كېلىدىغان پروگراممىلار تەسىس قىلىنىدۇ . ھەركىم-
نىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىنىپ زوقلىنىش ۋە كۆ-
ڭۈل ئېچىش تەلىپى قاندۇرۇلىدۇ . شۇڭا جەمئىيەتنىڭ
ھەرقايسى قاتلىمىدىكى كىشىلەرنى ئويلىشىش تېلېۋى-
زىيە خادىملىرىنىڭ ئورتاق تونۇش ۋە نىشانىدۇر .
شۇنداق بولغانىكەن ، تېلېۋىزىيە سەنئىتى پروگراممى-
لىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى بىلەن كۆرۈرمەنلىرى-
نىڭ ئاز - كۆپلۈكىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى توغرا چۈ-
شىنىش ، ئۇنى پروگراممىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنىڭ
ئۆلچىمى قىلىۋالماسلىق كېرەك . بازار تاپقانلىكى نەر-
سىنىڭ ھەممىسى ئېسىل ۋە ياخشى بولۇشى ناتايىن .
تېلېۋىزىيە — بىر ئاممىۋى سەنئەت ، ئۇنىڭ ئوبيېكتى
كەڭ خەلق ئاممىسى ، تېلېۋىزىيە جەمئىيەتتىكى خىل-
مۇخىل كىشىلەرنىڭ ساپاسى ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى-
نى ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆز پروگراممىسىنىڭ
ئۆلچىمى ھەم نىشانى قىلىشى كېرەك . ئەگەر كەڭ
ئامما ياقتۇرمىسا ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىمۇ بولمايدۇ .
جەمئىيەتتە گەۋدىلىك كۆرۈلگەن ، خەلقنىڭ تۇرمۇش
ۋە ئېڭىدا بارغانسېرى دىققىتىنى قوزغىغان ئۇ-
لارنىڭ قايغۇ - شادلىقى ، تۇرمۇش رىتىمىنى ، ھايات-
تىكى چوڭقۇرراق مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىش ، كۆ-
ڭۈل بۆلۈش ، پۇقرانىڭ سادالىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش
تېلېۋىزىيە خادىملىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك كەسپىي
ساپا مەسىلىسىدۇر .

80 — 90 - يىللاردا ئۇيغۇرلار تېلېۋىزور ئېك-
رانىدا تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرىدىن «تەش-
نالىق» ، «پەرزەنت قەرزى» ، «ئاتا - ئانىمىز» غا
ئوخشاش تەسىرلىك فىلىملەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن

كۆپ ھۇزۇر ۋە تەربىيە ئالغانىدى . «قانۇن ۋە دېلو» ، «جەمئىيەت ۋە قانۇن» ، «جەمئىيەت كۆزنىكى» ، «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر» ، «كۆڭۈلدىكى سۆز» ، «تەڭرىتاغ گۈلزارى» قاتارلىق پروگراممىلار خەنزۇچە پروگراممىلارنىڭ قېلىپى ئاساسىدا تەسىس قىلىنىپ تەدرىجىي ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا ، جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھەقىقىي ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە ئىزدەنگەن پروگراممىلارغا ئايلاندى . ئەمما ئۇتۇقلار بىلەن بىللە ، يېتەرسىزلىكلەرمۇ بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى . بەزى پروگراممىلاردا شەكىلۋازلىق ، مودا قوغلىشىپ خەنزۇچە پروگراممىلارنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇنىنى ئۆلۈك دوراش ، داشقايناق قىلىپ ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ كەلدى . بىر قىسىم تېلېۋىزىيە خادىملىرى بازاردا نېمە ئېقىش تاپسا ، كىشىلەر كۆپرەك كۆلۈپ ماختاپ قويسا كونا نەرسىلەرنى يېڭى قاپ بىلەن چىرايلىق ئوراپ ئېكرانغا ئېلىپ چىقىشقا بېرىلىپ كەتتى . سەنئەت كېچىلىكى ، ھېيت - بايراملىق مەخسۇس سەنئەت فىلىملىرى ھەممىسى بىر قېلىپتا ، ناخشا - ئۇسسۇل ، مۇزىكىدا ئىجادلىق ، يېڭىلىق بەك ئاز ، سەنئەت كېچىلىكلىرى بىرنەچچە ئېپىزوتلار بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ قايىل قىلمىسا باشقا تەرەپلەردىن جەلپ قىلالماس بولۇپ قالدى ، تېلېۋىزىيە ئېكرانى ۋە ئۈن - سىن بازىرىنى قاپلاپ كەتكەن MTV ، CD ، DVD فىلىملىرىدە يېڭىلىق تېخىمۇ يوق دېيەرلىك .

بىزنىڭ ئاز ساندىكى سەنئەت خادىملىرىمىز ئاساسەن تۈركىيە ، ئۆزبېكىستان ، رۇسىيە ، ھىندىستان

ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى دوراپ ئۇنىڭ تېكستىنى ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىپ مۇزىكىسىنى ئۆز پېتى ئېلىپ ئۆزد-نىڭ يېڭى «ئىجادىيىتى» قىلىۋالغان ياكى بولمىسا بىر كۇپلېت مۇھەببەت تەسىراتىنى ئالتە قېتىم تەك-رارلاپ ، مۇقامغا چۇشمىگەن زەيپانە ئاھاڭ بىلەن ئۇنى «مۇھەببەت لىرىكىسى» دېيىشىۋالغان ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەقەت ئەمدىلا ياشلىققا قەدەم قويۇپ ھېسسىياتى ئويغىنىۋاتقان ھېسسىياتچان بىر قىسىم مۇھەببەت مەستانىلىرىنىڭ نەزىرىدە قالتىس «چولپان» بولۇپ دەۋر سۈرۈپ يۈرسىمۇ ، لېكىن كەڭ خەلق زوقلانغۇ-دەك نەرسىنى بېرەلمىدى . بەزى تېلېۋىزىيە پروگرام-مىلىرى خەلق قەلبىگە چۆككەندەك قىلسىمۇ ، ئەمەلد-يەتتە يەنىلا مەدھىيەۋازلىق ، كۆڭلى يېقىنلىرىنى ماخ-تاپ ئۇچۇرىدىغان ، «ئاخبارات ئېلان قىلىش» سەھنى-گە ئايلىنىپ قالغان بولسا ، يەنە بەزى پروگراممىلاردا خەنزۇچە پروگراممىنىڭ ئويۇن مەزمۇنلىرىدىن تارتىپ شەكلىگىچە كۆچۈرۈپ كېلىدىغان ئەھۋال بار .

تېلېۋىزىيە ئاممىغا ، جەمئىيەتكە يۈزلەنگەندە چو-قۇم خەلقنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش ، قەلبىدىكى سۆزىنى ، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەسىلىلەر-نى باراۋەر راستچىللىق بىلەن كۆرسىتىش پروگرامما مەزمۇن ۋە شەكلىنى ئۇنىڭ ئوبيېكتىلىرىغا ماسلاشتۇ-رۇشى ، ئىپادىلەش شەكلى يېڭى ، قاراتمىلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك . «كۆڭۈلدىكى سۆز» ، «چىن يۈرەك-تىن چىن سۆزلەر» گە ئوخشاش پروگراممىلارمۇ مۇ-ئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن تەڭ ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر-نىمۇ ھەقىقىي كۆرسىتىشكە تىرىشىش كېرەك . ھالبۇ-كى ، بىزدە بۇ جەھەتتە ماختاشقىلا بولىدىغان ، ئوخشى-

مايدىغان قاراش ، پىكىر ۋە مۇنازىرىلەرگە يول قويماي-
دىغان ھەم مۇنداق پىكىرلەرنى تېلېۋىزىيە ئېكرانىدىكى
مەدەنىيەت مۇلاھىزىسىنىڭ تېخىمۇ ھەقىقىيلىقىنى ئا-
شۇرىدىغان تۇرتكە دەپ قارىماي ئۇنىڭدىن قاچىدىغان
پاسسىپ ئەھۋال مەۋجۇت . ھازىرقى بەزى باللار فى-
لىملىرى ياكى پروگراممىلىرىدا يەنىلا بۇرۇنقىدەك
باللارنىڭ ئاغزىدىن چوڭلارمۇ دېيەلەيدىغان يوغان سى-
ياسىي گەپ - سۆزلەرنى دېگۈزىدىغان دۆلەت ، خەلق-
نىڭ ھاياتىدىكى ناھايىتى چوڭ مەسىلىلەرنى ئۇلارغا
يۈكلەپ قويىدىغان ئەھۋال بار . يەنە تېخى پروگرامما
ۋە نومۇرلاردا باللارنى قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەردەك
كىيىندۈرۈپ ئۇنىڭغا مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيتقۇز-
غان . ئەدەبىيات كېچىلىكىدە بەزى ناخشىچىلار بىر
ياندىن ناخشا ئېيتىپ يەنە بىر ياندىن سورۇندا ئولتۇر-
غان رەھبەرلەر بىلەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى بىلەن
قول ئېلىشىپ ئۇلارغا «ئېھتىرام» بىلدۈرىدىغان ياكى
بولمىسا تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، يېمەك - ئىچمەك ، زى-
بۇزىننەت ، پەرداز بۇيۇملىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ئىس-
تېمال ئېلانلىرىنى داڭلىق ئارتىسلار ياكى شەخسلەر
تەشەببۇس قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى تېلېۋى-
زىيە سەنئىتىنىڭ ئوبرازى ۋە قىممىتىنى توغرا ، ساغ-
لام چۈشەنمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى .

تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى — تېلېۋىزىيە ئار-
قىلىق خەلق تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى
ئەكس ئەتتۇرىدۇ . مەيلى چولپانلارنىڭ مەھسۇلاتنى
ئېلان قىلىشى بولسۇن ياكى تېلېۋىزىيە خادىمىنىڭ بىر
پروگراممىا ياكى ئېلاننى قانچىلىك نەپىس ، سەنئەتلىك
ئىشلىشىدىن قەتئىينەزەر كەڭ خەلقنىڭ ئېھتىياجى

تەلىپىگە لايىقلىشىپ مەۋجۇت بولالايدۇكى، ئۇلارنىڭ نېمىنى ياقتۇرۇشىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئەگەر تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئىشلىگۈچى خادىملار بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇمىسا، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىمۇ ئەلۋەتتە ئۆز يولىنى تاپالمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى شەكىل جەھەتتىنلا ئەمەس، مەدەنىيەت ئىدىيىسى ۋە ئالاھىدىلىكى جەھەتتىمۇ تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ تۈرلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ئاخبارات پروگراممىلىرى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىلىرى ئوخشىمايدۇ. مائارىپ پروگراممىسى بىلەن تۇرمۇش ۋە كۆڭۈل ئېچىش پروگراممىسى ئوخشىمايدۇ. بۇ پروگراممىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاش بىر مەزمۇندا بولۇشىنىمۇ تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما شۇنداقتىمۇ، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى ئىچىدە مىللىي مەدەنىيەت مەنىسىنى گەۋدىلەندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بىز « «تەڭرىتاغ گۈلزارى»، «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىلىرىدىن سەمىمىيلىك ۋە كىشىلەر قەلبىدىكى مۇرەككەپ دۇنيانى ھېس قىلساق، «ئاخىرقى كۆل»، «ئۆتەڭ مېھرى»، «تىمتاس گۈگۈم»، «شەيتان بىلەن ساقچى»، «تۇمانلىق سەھەر»، «دوزاختا سەپەر» فىلىملىرىدىن رېژىسسور، ئوپېراتور ۋە ئارتىسلارنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇش ۋە كىشىلىرىنىڭ ساددا، ھەقىقىي ئوبرازى ھەم روھىي دۇنياسىدىكى ھېسسىيات ۋە پىكرىنى چىنلىق بىلەن ئېچىپ بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. مۇشۇنداق مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە فىلىمى ۋە پروگراممىلىرى خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىغا ھەقىقىي ھېسسىيات،

ئىلھام ، تەسەللى ، ئۈمىد ، ئويلىنىش ئاتا قىلالايدۇ .

**2 . ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ ئىجادىيەت خاھىشى**

كۆپچىلىككە ئايان بولغىنىدەك ، 90 ـ يىللاردىن بۇيان ، ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىجادىيىتىدە بىر قەدەر چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى . تارىخىي تېما ۋە رېئال ئەخلاقىي تەربىيىۋى مەزمۇندىكى ئەسەرلەر تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى . «كۇتۇلمىگەن توي» ، «تىمتاس گۈگۈم» ، «كۆلەڭگە» ، «خانىش ئامانىسا خان» ، «نەسىردىن ئەپەندى» ، «توتقۇن قىلىنغان قاچقۇن» ، «ئاخىرقى كۆل» ، «تۇمانلىق سەھەر» ، «دوزاخقا سەپەر» قاتارلىق ياخشى فىلىملەر مەيدانغا كەلدى . بۇ فىلىملەر ھەر خىل خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ تىپىك ئوبرازىنى چىن ، جانلىق يارىتىپ خەلقىمىزنىڭ نىكاھ ، ئائىلە ، مۇھەببەت ، ئەخلاق ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتىكى ئېستېتىك — پسىخىك ئېڭى ھەم ئۇنىڭ يۈزلىنىشىنى نامايان قىلىپ بەردى .

خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىش بۈگۈنكى ئاممىۋى مەدەنىيەت دەۋرىدىكى سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ يۈزلىنىشى ۋە دەۋر ئېقىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى . سەنئەت بىلەن خەلق قەلبىنىڭ ئورتاق ماسلىشىشى سەنئەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ئامىل . ئۇ سەنئەت ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ ئىپادىلەش فورمىسىغىچە تۇرمۇشنىڭ چىنلىقىغا ، خەلق تەلىپىگە ئۇيغۇنچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىجادىيىتىدە 10 نەچچە يىلدىن بېرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە تەلىپىگە ھۆرمەت قىلىپ ، ئۇلارنىڭ

مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىك ھەم كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىيا-
جىنى چىقىش قىلىپ ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى جاسارى-
تى ئەقىل - پاراستى ھەم ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى
مەدھىيىلەپ ، ھەم ئىپادىلەپ كىشىلەر قەلبىگە ئىل-
ھام ، مەدەت ، خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان بىر قىسىم
مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ئىشلەندى . بۇنىڭ
ئىچىدىكى بەزى فىلىملەر ئائىلە زىددىيەت توقۇنۇشىنى
ئاساسىي نۇقتا قىلىپ كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدىكى
ئىنچىكە - نازۇك مەسىلىلەرنى تەسۋىرلەپ كىشىلەر-
دىكى قايغۇ - خۇشاللىق ، ۋىسال ھەم جۇدالىق ، جۇش-
قۇنلۇق ، ھەم ھەسرەتلىك ئىدىيە ھېسسىياتىنى ئېچىپ
بەرگەنلىكتىن بۇ خىل ھايات ۋە ھېسسىياتنىڭ ئېكران-
دا قايتا ئىپادىلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئارام پەيتلىرىدىكى
پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندى . ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرى-
نىڭ تۇرمۇشقا ، رېئاللىققا يېقىنلىشىشى كىشىلەرنىڭ
نەزىرىنى سەنئەتتىن ئەمەلىيەتكە بۇراپ سەنئەت ئەسى-
رىدىن ئۆز ئوبرازى ۋە ئۆز قەلبىنى ھەقىقىي ۋە ئەينەن
كۆرۈشكە سازاۋەر قىلدى . ھەقىقىيلىق ، ئەمەلىيلىك ،
چىنلىقنىڭ قىممىتىنى كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقى فىلىم-
لەرگە ئاغزاكى بەرگەن باھاسى ۋە تونۇشى بىلەن تېخى-
مۇ ئېنىق ئىپادىلەنمەكتە . تۇرمۇش ئاساسىدىن ئايرىل-
غان ھەرقانداق ئەسەر تەنقىد ۋە سوغۇق مۇئامىلىگە
ئۇچرايدۇ . ھازىرغىچە ئىشلەنگەن تېلېۋىزىيە تىياتىر-
لىرى ئىچىدە تۇرمۇش مەنتىقىسىگە چۈشمەيدىغان ، ئە-
مەلىيەتتىن چەتنەپ پەقەت بەدىئىي شەكىل ۋە ھەشە-
مەتلىكنى قوغلىشىپ تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن سەنئەت-
نى بىرلەشتۈرۈشكە سەل قارىغان ياكى تۇرمۇشنى ئۆز
پېتى كۆچۈرۈپ قويغان ، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلمى-

غان فىلىملەرمۇ بار . بەزى فىلىملەرنىڭ ۋەقەلىكى ، قۇرۇلمىسى بەك ئاددىي ، يۈزە ، مەزمۇنى پۇچەك ، بەدىئىي زوقلاندۇرۇش كۈچى يوق ، بەزى كومېدىيىلىك ئېپىزوت ، يۇمۇر ، قىزىقچىلىق فىلىملىرىدىمۇ پۇچەك نەرسىلەر كۆپ ، ھازىر ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ۋە ئېپىزوتلاردا مۇھەببەت ، ئائىلە ، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق بىرمۇنچە مۇرەككەپ مەسىلىلەر خىلمۇخىل ئوبراز ۋە تىپلار بىلەن ئىپادىلەۋاتىدۇ . ئەخلاقىي چىرىكلىشىش ، ئېتىقاد ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۆرپ - ئادىتى كۆزقاراشلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىۋاتىدۇ . بۇ فىلىملەردىكى مۇھەببەت ۋە ھېسسىيات تەسۋىرى بىزنىڭ مۇھەببەت - نەپرەتىمىزنى گىرەلەشتۈرۈپ ھەتتا نېمىگە مۇھەببەت باغلاش ، نېمىگە نەپرەتلىنىش ، نېمىنى قوللاش ۋە نېمىنى ئىنكار قىلىشنى بىلەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپمۇ قويماقتا . خۇددى ھازىرقى خەنزۇچە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا كۈچەپ يارىتىلىۋاتقان ئائىلە ، نىكاھ ، مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ قەھرىمانلىرى ۋە «ئۈچىنچى شەخس»نىڭ ئوبرازىنى قانداق تونۇش قىيىن بولغاندەك ، ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىمۇ بۇ زىددىيەتلىك ھالەتنى ئىپادىلىمەكتە . دەرۋەقە ، تۇرمۇش بەك مۇرەككەپلىشىپ كەتتى . ئەنئەنىۋى ئەخلاق قائىدە - يوسۇنلىرىمىز بارغانسېرى يىمىرىلىشكە ، بۇزۇلۇشقا قاراپ ماڭماقتا . كىشىلىرىمىزنىڭ ھېسسىيات دۇنياسى رەڭمۇرەڭ مەدەنىيەت ئارىلاشقان دەۋردە مىسلىسىز دەرىجىدە ئارىلىشىپ ، ئەبجەش بولۇپ ھېسسىياتى نازۇك ، ئىنچىكە ، ئەركىن ، ئەۋرىشىم ، نەپىس بولۇشقا قاراپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ . بالدۇر-

قى ئائىلە، نىكاھ، مۇھەببەت ۋە ئىجتىمائىي قىممەت قاراشلىرى پۇل، ئىقتىساد، ئىمتىياز، شان ـ شەرەپ ھەمدە شەخسنىڭ جىنسىي نەپسى خاھىشى بىلەن تېخى-مۇ زىچ گىرەلىشىپ كەتتى. «ساپ سۆيگۈ» ۋە «شەخ-سىي ئەركىنلىك» پەردىسى بىلەن نىقابلانغان شەخسىي ھاۋايى ـ ھەۋەس جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي چىرىكلىكىنى كۈچەيتىپ ئائىلىلەرنى پارچىلاپ جەمئىيەتتە بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە ئائىلىسىدىكى ئەر ـ ئاياللار تۇرمۇشىدا پەيدا بولغان «ئاشىنىدارچىلىق (ئۈچىنچى شەخس) ھەمدە ئەمدىلا ياشلىق دەۋرىگە كىرىۋاتقان قىز ـ ئو-غۇللارنىڭ بالدۇر مۇھەببەتلىشىش ۋە شۇ تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھادىسىلەر ئەكس ئەتتۇرۇلمەكتە. تۇر-مۇشتا بۇ ھادىسىلەر كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن سەنئەت تەبىئىي ھالدا ئۇنى ئىپادىلەش كېرەك. ئەمما نىكاھ-نىڭ سىرتىدىكى مۇھەببەت (ئاشىنىدارچىلىق)، بۇ-زۇقلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرمۇنچە ھادىسىلەرنى تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە ئۆز پېتى كۆرسىتىپلا قويۇش كېرەكمۇ ياكى ئۇ ئارقىلىق بىرەر نەرسىنى پاش قى-لىش، تەنقىد قىلىش ئاساسىدا مەلۇم ئىدىيە، ئاڭ ۋە يولنى تەۋسىيە قىلىش كېرەكمۇ؟ ئەگەر تېلېۋىزىيە فىلىمى ئائىلە، مۇھەببەتتىكى ئەگرى ـ توقاي ۋەقە-لىكلەرنى تەسۋىرلىگەندە ئىنسان تەبىئىتى ۋە ھېسسى-ياتىنى چىقىش قىلدىم دەپ «ئۈچىنچى شەخس» كە ھېسداشلىق قىلىپ ئۇنى قوللاپ ۋە ھەتتا مۇشۇنداق ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقنى ئاقلايدىغان ۋە مەدھىيىلەيدى-غان بولسا ئۇنى ھەرگىزمۇ تۇرمۇش چىنلىقىغا ئىگە ئاڭلىق ئىجاد قىلىنغان بەدىئىي سەنئەت ئەسىرى دېگى-

لى بولمايدۇ . هازىر جەمئىيەتتە خېلى كۆپ ئادەملەر-
نىڭ مۇشۇنداق مەۋقەسىز مۇھەببەت ، ئائىلە قىلمىل-
رىنىڭ ۋەقەلىكىنى «ئۆرنەك» قىلىپ تۇرمۇشتا ئې-
زىش يولىغا مېڭىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .
بىز يۇقىرىقى ئەخلاقىي چۇشكۇنلۇك ۋە بۇزۇقچىلىق-
نىڭ ئۆز ئائىلىمىزدە ياكى ئۆز بېشىمىزغا كېلىشىنى
خالىمايمىز . لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەر كۈنى ھەر سائەتتە
دېگۈدەك مۇھەببەت ۋە ھېسسىيات پەيدا قىلغان بۇزۇق
قىلمىشلارنىڭ ئۆزىمىزگە ۋە ئائىلىمىزگە يېقىنلاپ
كەلگىنىنى تۇيماي قالىمىز . قانۇن ، دىن ۋە ئەخلاق
تەرىپىدىن جىنايەت دەپ قارالغان نىكاھسىز ئەر -
خوتۇن بولۇش ، جىنسىي ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش ،
ئاشنا تۇتۇش ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئىپپەت
ۋە ئار - نومۇسنى سېتىش قاتارلىقلار ئىلگىرى پەر-
ھىز قىلىنغان ۋە ئوچۇق - ئاشكارا تەسۋىرلەنمىگەن .
ئەمما ھازىرقى تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ۋە ئېپىزوتلاردا
ئۇچۇق - ئاشكارا كەڭ تۈردە تەسۋىرلەنمەكتە . بۇنداق
ئەھۋاللارنى كۆرۈپ بۇنىڭدىن يىرگەنگەن ، پەس كۆر-
گەن ۋە ئەيىبلىگەن ئادەملەرنىڭ ئۆزى ياكى ئائىلىسى-
دىمۇ بۇنداق ئىشلار بىردىنلا پەيدا بولغاندا نېمە قىلىش-
نى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشماقتا . مېنىڭچە
«تىللاپ» تۇرۇپ «ئاشىق» بولۇپ قالىدىغان مۇنداق
قىلمىشنىڭ ئەۋج ئېلىشىدا مۇھەببەت ، ئائىلە ، نىكاھ
مەسىلىسىدە مەۋقەسى ئېنىق بولمىغان ئاشۇ تېلېۋىزىيە
فىلىملىرىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بار . مېنىڭچە ، تېلېۋى-
زىيە تىياتىرلىرى كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش بىلەن بىللە
يىغلىتالىشى ، كۆڭلىنى ئېچىش بىلەن بىللە ئويلاندۇ-
رالىشى ، ئىنسان ھېسسىياتىنى ئىنچىكە ئېچىپ بې-

رىش بىلەن بىللە ئىنساننىڭ ھېسسىياتىنى پاكىزلاپ ، توغرا ساغلام كىشىلىك ھايات يولىغا ئۈندىيەلىشى ، مەدھىيىلەش بىلەن بىللە كەسكىن تەنقىد قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشى كېرەك . تېلېۋىزىيە تىياتىرى — مۇھەببەت قوشىقى ئەمەس ، تېز تاماقخانىمۇ ياكى جاھان پارىڭىنى رىۋايەت قىلىپ سۆزلەيدىغان چايخانىمۇ ئەمەس . ئۇ تۇرمۇشقا ، خەلققە ، رېئاللىققا يېقىن بىر سەنئەت . تېلېۋىزىيە فىلىمى باشقا كۆڭۈل ئېچىش ۋاسىتىلىرىگە ئوخشىمايدىغان ، تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي تىپىكلەشكەن كۆرۈنۈشى ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدىغان ، قوزغىتىدىغان ، يېتەكلەيدىغان ، ئالىيجاناب ھېسسىياتىنى تەربىيىلەيدىغان گۈزەل ئاممىۋى مەدەنىيەت شەكلى . بۇنى ئەستە چىڭ تۇتقاندىلا تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىجادىيىتىدە ناچار خاھىشنى ئۆزگەرتىكىلى ، ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ .

# ئىككىنچى بۆلۈم كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىدىن ئېستېتىك زوقلىنىش ۋە تەنقىد

## تۆتىنچى باب كىنو سەنئىتىنىڭ ئېستېتىك پرىنسىپ ۋە ئالاھىدىلىكلىرى

### 1. كىنو ئېستېتىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

كىنو تېخنىكىسى ۋە نەزىرىيىسىنىڭ سىستېمىلە-شىشىغا ئەگىشىپ كىنودىكى ئېستېتىك ھادىسە ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئېستېتىكىنىڭ يېڭى تارماق ئىلمى — كىنو ئېستېتىكىسى مۇستەقىل بىر پەنگە ئايلاندى.

ئومۇمىي ئېستېتىكا نەزىرىيىسى — تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە سەنئەت ساھەلىرىدىكى بارلىق گۈزەللىك ھادىسىلىرىنىڭ ئىچكى قائىدە - قانۇنىيىتى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى قىلغان، كىنو ئېستېتىكىسى بولسا سەنئەت ئېستېتى-كىسىدىكى بىرقەدەر كېيىن شەكىللەنگەن يېڭى پەن سۈپىتىدە شېئىر ئېستېتىكىسى، گۈزەل - سەنئەت ئېستېتىكىسى، تىياتىرچىلىق ئېستېتىكىسى، بىنا-كارلىق ئېستېتىكىسى قاتارلىق ئېستېتىكا ئىلىملىرى بىلەن مۇئەييەن ئورتاقلىققا ۋە خاسلىققا ئىگە بولۇپ ئۆزئارا باغلىنىپ بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە

تولۇقلايدۇ .
كىنو ئېستېتىكىسى ئادەتتە كىنو ئەسىرى بىلەن كىنو ئىجادىيىتىنىڭ ئېستېتىك قانۇنىيەتلىرىدىن ئىبارەت ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . كىنودىكى ئېستېتىك گۈزەللىك ئادەتتە ئېستېتىك ھادىسىلەردە يەنى كىنونىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك ئۇنۇمىگە مۇناسىۋەتلىك پېرسوناژ ، سۇژېت ، مونتاژ ، مۇزىكا ، ئاۋاز ، تىل قۇرۇلما قاتارلىق تەرەپلەردە نۇقتىلىق ئىپادىلىنىدۇ . شۇڭا ، كىنو ئېستېتىكىسى ئەمەلىيەتتە كىنو ئىلمى بىلەن سەنئەت ئېستېتىكىسىنىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان ئارىلاشما پەن .
كىنو ئىلمى سۆز مەنىسى جەھەتتىن كىنو ھەققىدىكى پەن دېگەنلىكتۇر . ئۇ كىنونىڭ نېمىلىكىنى ، كىنونىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش تارىخى ، تاشقى ۋە ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ، كىنو نەزىرىيىسى ، كىنونىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى ، كىنو سەنئەتكارلىرى ، كىنو سەنئىتى ئەسەرلىرى ، كىنو ئېقىملىرى ، كىنونىڭ ئىجادىيەت مېتودى ، كىنودىن زوقلىنىش ، كىنو تەنقىدى ، كىنونىڭ ئېستېتىك تەربىيە قىممىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئىزدىنىدۇ . كىنو ئىلمى مەلۇم نۇقتىدىن كىنو نەزىرىيىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ ، كىنو ئېستېتىكىسى بىلەن كىنو نەزىرىيىسى بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ، ئەمما ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ، بىر - بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ . كىنو نەزىرىيىسى كىنو ئەسىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى كىنو فىلىم مەزمۇنىدىكى يېڭىلىقنى ، كىنو ئىجادىيىتىنى نەزەرىيە جەھەت-

تىن باھالاپ ، بەدىئىي جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ ئۇ-
نىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .
كىنو ئېستېتىكىسى بولسا كىنو فىلىم ئىجادىيىتىدىكى
ئېستېتىك ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش ، ئى-
پادىلىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە كىنو ئەسەرلىرىنى ئېس-
تېتىك ئوبيېكت سۈپىتىدە تەھلىل قىلىپ ۋە باھالاپ
كىنودىكى ئېستېتىك ئۇنۇمدارلىقنىڭ مۇرەككەپ قانۇ-
نىيىتىنى جەمئىيەتشۇناسلىق ، ئېتىكا ، پسىخولوگىيە ،
مەدەنىيەتشۇناسلىق ، پەلسەپە ، تېخنولوگىيە ۋە پېدا-
گوگىكا نۇقتىسىدىن مەركەزلىك تەتقىق قىلىدۇ . كى-
نو ئېستېتىكىسى كىنو سەنئىتىنىڭ رېئاللىق بىلەن
بولغان ئېستېتىك ئالاقىسى ، كىنو بىلەن كىنو سەن-
ئەتكارلىرىنىڭ گۈزەللىك مۇناسىۋىتىنى ھەمدە كىنو
سەنئىتى بىلەن كىنو تاماشىبىنلىرىنىڭ ئېستېتىك
مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكتىن ، مەلۇم
مەنىدە كىنو ئېستېتىكىسىنى — كىنو سەنئىتىنىڭ
ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى ، ئېستېتىك قىممىتى ، ئېس-
تېتىك گۈزەللىكىنىڭ تەشكىللىنىش قانۇنىيىتى ھەق-
قىدىكى پەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ .
كىنو ئېستېتىكىسى دۇنيا كىنوچىلىقىنىڭ ئور-
تاق ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ئىزاھ-
لاشتىن تاشقىرى ، ھەربىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەن-
ئەنىسى ۋە مىللىي ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر-
لەشكەندە مىللىي كىنو ئېستېتىكىسىنى تىكلەيدۇ .
كىنو ئېستېتىكىسى يەنە سەنئەتشۇناسلىق ، پەلسەپە ۋە
تارىخشۇناسلىق بىلەن ئېستېتىك قاتلامدا ئۆزئارا ئۆتۈ-
شىدۇ . كىنو ئېستېتىكىسى ئومۇمىي ئېستېتىكا قائى-
دىلىرىدىن ۋە سەنئەت نەزەرىيىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدى-

لىنىلىدۇ . ئومۇمىي ئېستېتىكا كىنودىكى ئېستېتىك گۈزەللىكنى سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ بىر خىل ئىپادى-لىنىش شەكلى سۈپىتىدە تونۇشتۇرسا ، كىنو ئېستې-تىكىسى كىنودىكى ئېستېتىك ھادىسىلەرنى كىنو ۋە ئېستېتىكىنىڭ بىرلىكىدىن مەخسۇس ، تەپسىلىي ، سىستېمىلىق يەكۈنلەپ بېرىدۇ . باشقا مەدەنىيەت شە-كىللىرىگە سېلىشتۇرغاندا ، كىنو ئېستېتىكىسى تۆۋەن-دىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .

1 ) كىنو ھازىرقى زامان ئۇنىۋېرسال ئوبراز - سىن سەنئىتى شۇنىڭدەك يەنە ئېكرانلىق بايان سەنئىتى

كىنودىكى ئوبراز باشقا سەنئەت تۈرلىرىدىكى ئوب-رازغا قارىغاندا ھەرىكەتچان ئۇن - سىنلىق ئوبراز-دۇر . ئۇ ھېكايىلەردىكى ئوبرازدەك تىل تەسۋىر ئارقى-لىق يارىتىلغان ۋاسىتىلىك ئوبراز ئەمەس ، گۈزەل - سەنئەت ، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىدە يارىتىلغان تۇر-غۇن ، جانسىز ئوبراز ئەمەس . تىياتىر سەنئىتىدىكى سەھنە ۋە زامان چەكلىمىسىدە ئارتىسلار ، تاماشىبىنلار بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئورۇنلايدىغان چەكلىك ئوبراز-مۇ ئەمەس . كىنودىكى ئوبراز — ئاۋاز ، رەڭ ، دېتال ۋە كۆرۈنۈشلەر بىلەن ھەرىكەتچان ، جانلىق يارىتىل-غان ، بىۋاستە كۆرگىلى ۋە بىۋاسىيە سەزگىلى بول-دىغان ھېسسىياتلىق ئوبرازدۇر .

2 ) ماكان ، زامان جانلىق بولۇش ئالاھىدىلىكى

كىنو سەنئىتى ئەركىن ، جانلىق ماكان ۋە زامان بوشلۇقىغا ئىگە . كىنو بارغانسېرى كىنوخانىنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلۇپ تېخىمۇ ئەركىن ئىمكانىيەتكە ئېرىشمەكتە . بۇ خىل يۈزلىنىش كىنودىكى تېمىنىڭ كەڭلىكى ، ئېكران كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئەركىن - چەك-

سىزلىكلىكى، تىپ ئوبراز يارىتىشنىڭ قولايلىقلىقى مەزمۇنىنىڭ كەڭ - چوڭقۇرلۇقلۇقى، ئىخچاملىقلىقى ۋە كۆپ قاتلاملىقلىقى، قۇرۇلما ۋە ئۇسلۇبىنىڭ كۆپ خىللىقلىقىنى ياراتتى. شۇڭا كىنو — كىشىلەر كۆپ قاتلاملىق ستېرېئولۇق گۈزەللىكنى ھېس قىلالايدىغان سەنئەتلىكنى ئىپادىلىدى.

3) پەن - تېخنىكا ۋە سەنئەتنىڭ ئۇنىۋېرسال بىردەكلىكى

كىنو ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى بىلەن سەنئەتنى بىردەكلىككە ئىگە قىلدى. كىنونىڭ ئۆزگىرىش تارىخىدا كىنو تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنغان. شۇڭا، كىنونىڭ ئۇنىۋېرساللىقى كىنودىكى ئېستېتىكىلىق گۈزەللىك ھادىسىلىرىنىمۇ ئۇنىۋېرسال تەرەپلەردىن كۆرۈش ۋە تەھلىل قىلىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى.

4) مونتاژلاشتۇرۇش — يەنى كىنودىكى پارچە كۆرۈنۈشلەرنى قۇراشتۇرۇپ بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىش، كېيىن ئۇلاش كىنونىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىلەش ۋاستىسى ھەم ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى.

مونتاژ — كىنو سەنئىتىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئاساسلىق ئىجادىيەت تېخنىكا ماھارىتىدۇر. كۆرۈنۈش — كىنو مەزمۇنىنى ئىپادىلەشنىڭ ئاساسىي بىرلىكى، كىنو فىلىم ئىشلىگۈچىلەر كۆرۈنۈشلەرنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆرۈنۈش بىلەن دېتاللار ئارىسىدىكى بايان، تەسۋىر، سېلىشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، سىمۋول قاتارلىق مەنتىقىلىق باغلىنىشنى ھاسىل قىلىپ، تەسىرلىك ئاۋاز، ئاھاڭ، رەڭ، بەلگىلەر ئارقىلىق تەسىرلىك كىنو قىلىپ يارىتىدۇ.

بۇنداق كىنو تىلى كىنو ئېستېتىكىسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ .

## 2 . كىنودىكى پېرسوناژ ئوبرازى

كىنودا ئوبراز يارىتىش ئېكراندىكى ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى سۈرەتلەش ياكى مۇئەييەن شارائىتتا ھەرىكەت قىلىپ ، زىددىيەت تۈگۈنىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تىپىك ئوبرازنى يارىتىشتۇر .

پېرسوناژ ئوبرازى — كىنونىڭ باش تېما ئىدىيەسىنى يورۇتقۇچى مەركىزىي ھالقا . كىنودىكى ئوبراز يۈكسەك تىپىكلىككە ، جانلىقلىققا ، تەسىرچانلىققا ئىگە ئېكران تەلىپى بويىچە كونكرېتلاشتۇرۇلغان ئوبراز بولۇپ ، فىلىمنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ . كىنودا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە ، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بىۋاسىتە ئوبراز ئارقىلىق يورۇتۇلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا ، ئادەملەر روھىغا سىڭىپ كەتكەن كونا ئەنئەنىنىڭ ناچار تەرەپلىرىمۇ كىنو ئوبرازى ئارقىلىق پاش قىلىنىدۇ .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، كىنو ئېكرانلىرىمىزدا دەۋر ساداسىنى ياڭراتقان ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ، خەلقىمىزگە بىرقەدەر كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېغىشلىغان «ئارتىس بولمايدىغان قىز» فىلىمىدىكى ئامىنە ، نۇر ، ماھىرە ، ئەمەت بوۋاي ، «مەھەممەت ھەققىدە پارانى» فىلىمىدىكى مەھەممەت ، دىلنار ، «غېرىب ـ سەنەم» فىلىمىدىكى شاھى ئابباس ، جالالىدىن موللا ، شاۋاز ۋەزىر ، سەنەم ، ئابدۇللا شاتىر ، «نۇرنىسا» فىلىمىدىكى نۇرنىساغا ئوخشاش ئوبرازلار

يارتىلدى . بۇ ئوبرازلار ئېنىق ، چىن ، جانلىق ، تىد-
پىكلىككە ھەم مىللىيلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇلاردا مە-
لۇم نۇقتىدىن ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە
پسىخىك خاراكتېرى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن .
ئۇلارنىڭ دىئالوگ ، ھەرىكەت ، تاشقى قىياپىتىدىن مى-
جەز - خۇلقى ۋە روھىي دۇنياسىغىچە ئۇيغۇر مىللىي
تۇرمۇشىنىڭ مول ، رەڭدار مەزمۇنى بىلەن يۇغۇرۇل-
غان . ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا مەۋجۇت ھادىسىلەرمۇ مۇشۇ
ئوبرازلارنىڭ جىسمىدا نامايان قىلىنغان .
كىنو ئەسىرىدە تەسۋىرلىنىۋاتقىنى رېئال ۋەقە
بولۇشىمۇ ياكى سېنارىستنىڭ سۇبيېكتىپ خىياللىرى
بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئەمما ئىجادىيەتتە سېنارىست ياكى
رېژىسسور شۇ ۋەقە ياكى تەسەۋۋۇرنى پۈتۈن فىلىم-
نىڭ مەركىزىي ھالقىسى دەپ قاراپ تېخىمۇ جانلاندۇ-
رىدۇ ۋە ئومۇملاشتۇرىدۇ . غەرب كىنوچىلىقىنىڭ تاما-
شىبىنلارنى كۆچلۈك جەلپ قىلىشىدا زامانىۋى تېخنى-
كىلىق ماھارەت ، زور ئىقتىسادىي مەبلەغ سەرپ قى-
لىشتىن تاشقىرى ، مۇھىم بىر سەۋەب ھەممىنى پېر-
سوناژ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان-
لىقىدا بولسا كېرەك .
كىنودىكى ئوبراز خۇددى باشقا ئەدەبىي ژانىردىكى
ئوبرازغا ئوخشاش تىپىكلىك بىلەن خاسلىقنىڭ زىچ
بىرلىكىدۇر . «ھەربىر ئادەم تىپىكلىككە ئىگە ، ئەمما
شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە»
(ئېنگېلس) تىپلىكنى ئىلگىرى بەزىلەر «سىنىپىي-
لىق» دەپ خاتا چۈشىنىپ «بىر سىنىپ ، بىر تىپ»
دېگەن كۆزقاراش بويىچە ئوبراز ياراتقان . سىنىپىي
جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم مەلۇم سىنىپقا تەۋە بولغاچقا ،

تىپىكلىك سىنىپىيلىقنى تەبىئىي ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئۇلار تەڭ ئۇقۇم ئەمەس. كىنودىكى پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ تىپىكلىكى — ئوبرازنىڭ خاراكتېرى، روھىي دۇنياسى ۋە ماھىيىتىنىڭ جانلىق، مەركەزلىك ئىپادىلىنىشىدۇر.

پېرسوناژنىڭ خاسلىقى دېيىلسە ئىلگىرى سېنارىست ۋە رېژىسسورلار قەھرىمانلىق، پاكلىق، كۆچلۈكلۈك، ھەيۋەتلىكلىك، رەزىللىك، خۇنۇكلۈك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتقان. ئەمەلىيەتتە خاسلىق — شەخسنىڭ ئالاھىدە تەبىئىتى يەنى ئۇنىڭ ئۆزگىچە ساپاسى، تەربىيىلىنىشى، ئىقتىدارى، قىزىقىشى، ھەۋىسى، ئىززەت - غۇرۇرى قاتارلىقلارنىڭ ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. كىنودا پېرسوناژنىڭ خاسلىقىنى سۈرەتلەش — ئۇنىڭ تىپىك ئوبرازىنى جانلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. «غېرىب - سەنەم» فىلىمىدىكى شاھى ئابباس، ھەسەن ۋەزىر، سادىق ئاتا بىلەن شاۋاز ۋەزىرلەرنىڭ روھىي دۇنياسى، غۇرۇر - نەپسى، ئوخشىمىغان تەبىئىتى روشەن خاسلىقى گەۋدىلەندۇرۇلگەن.

كىنو ئوبرازى جەمئىيەتنىڭ مەلۇم ھادىسىلىرىنىڭ نوقۇل ئىپادىسىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ھايات سەھنىسىگە مەنسۇپ بىر مەۋجۇتلۇق شەكلى بولالىشى، ئۆزىگە خاس سۆڭەك، قان ۋە روھىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. تىپىكلىك — خاسلىق ئارقىلىق جۇلالىنىدۇ. ئىككىسى كونكرېت بىر ئوبراز جىسىمدا بىرلىشىپ ئادەمنىڭ تىل، ھەرىكەت، قىياپەت، ھېسسىيات شەكىللىرى ئارقىلىق ئەكس ئېتىدۇ.

كىنودىكى پېرسوناژ ئوبرازى مەلۇم مەنىدىن سې-

نارىست ئېڭىنىڭ ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى ، ئۇنىڭغا
سىنارىستنىڭ تونۇشى ، باھاسى ، مۇھەببەت - نەپرىتى
چوڭقۇر سىڭدۈرۈلىدۇ . ھەرقانداق كىنو ئوبرازىدا
سىنارىستنىڭ شەخسىي خاھىشى ئارىلىشىپ قالىدۇ .
بەزى فىلىملەردە ئىجابىي قەھرىمانلار قورسىقىغا تاماق
يېمىسىمۇ ئىنتايىن روھلۇق ، ئۇسسىسا سۇ ئىچمىسى-
مۇ چۆل - جەزىرىدە چىدىيالايدۇ ، نەچچە كۈنلەپ ئارام
ئالمىسىمۇ بۆركۈتتەك چىدامىلىق ، ئۇخلىسا چۈشىدىمۇ
ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ . سەلبىي
پېرسوناژلار ئىنتايىن دۆت ، ھاماقەت ، ئەخمەق ، يارى-
ماس ، رەزىل ۋە خۇنۇك ، ئىنسانىي ھېسسىياتى يوق
قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ . بۇنداق ئوبرازلارنىڭ تىپىكلى-
كى ۋە خاسلىقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس .
تۇرمۇشتىكى ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرى تولىمۇ
مۇرەككەپ بولىدۇ ، ئىلغار پىكىرلىك ، قورقماس با-
تۇرنىڭمۇ ئاجىز تەرەپلىرى بولغاندەك قالاق ، رەزىل ،
خۇنۇك كىشىلەرنىڭمۇ ئىلغار ، چىن ، مۇڭلۇق ھېس-
سىياتلىرى ۋە ئىجابىي تەرەپلىرى بار . پېرسوناژ خا-
راكتېرى پېرسوناژنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىدە يېتى-
لىدۇ . شۇڭا ، كىنودىكى پېرسوناژلار مۇناسىۋىتى —
پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئاساس قىلغان ھالدا قانات
يېيىپ ، ئوبرازنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى سۈرەتلەپ
بېرەلىشى كېرەك .

ھەرقانداق بىر مىللىي خاراكتېرنىڭ ئورتاقلىقى ،
ئۇنىڭ تۇرمۇش ۋە روھىي دۇنياسىنىڭ ئۆزگىرىشچان
كۆرەش سەھنىسى بولغانلىقىدا ، بۇنداق ئوبرازنىڭ
ھېسسىيات قۇرۇلمىسىدا گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈك
تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . كىنو ئىجادىيىتى دەل

مىللىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن كونكرېت ئادەمنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى قايتا قۇرۇش ، تىپىكلەشتۇرۇش جەريانى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىچىلىككە ياكى مىللىي خاسلىققا ئىگە بولمىغان ئورتاق ئوبراز مەۋجۇت بولمايدۇ ، ئەگەر مەۋجۇت دېيىلسە ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ھېسسىيات قاتلىمىدا ۋە شەيئىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە قىسمەن ئوخشاشلىقلار ساقلىنىدۇ ، خالاس . بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ كۆچۈرمىكەشلىك ، دورامچىلىق قىلىشقا ، مىللىي تۇرمۇشقا چۆكمەي ، قارىسىغا ئويدۇرمىچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ . ئۇيغۇر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەزى فىلىملەردە تۇرمۇش رېئاللىققا سادىق بولماي ، قارىغۇلارچە ۋەقە توقۇش ، قۇرۇق مەنزىرىچىلىككە بېرىلىپ كېتىپ ، ئوبراز خاراكتېرىنىڭ مىللىيلىكىگە سەل قاراش ئەھۋاللىرى ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا . بۇنىڭغا تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن «قىزچاق ، قاچقۇن ، ئىت» فىلىمىنى مىسال قىلىش مۇمكىن . بۇ فىلىمدە پېرسوناژ ئوبرازى خىيالىي توقۇلما ئاساسىدا يارىتىلغان ، ۋەقەلىكى تۇرمۇش مەنتىقىسىدىن تولىمۇ چەتنەپ كەتكەن ، فىلىم سۇژىتى ئىزچىللىققا ئىگە بولالمىغانلىقى ، پېرسوناژلار مۇناسىۋىتى ياخشى ھەل قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئوبرازلار خاراكتېرى ئىزچىللىققا ، روشەنلىككە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بولالمىغان .

فىلىمدە ئوبرازنى بەدىئىي خاسلىققا ئىگە قىلغۇچى ئامىل — دەل ئۇنىڭ مەلۇم مىللىي مۇھىت ۋە مىللىي پسىخىك خاراكتېر ئارقىلىق باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىدا . شۇڭا پېرسوناژلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە پسىخىك ئادەتلىرىنى ئوبرازنى مۇكەم-

مەللەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. بىراق بۇ دېگەنلىك، ئوبراز خاراكتېرىنىڭ مىللىيلىكىنى «قىزچاق، قاچقۇن، ئىت» فىلىمىدىكىدەك ۋەيرانە خارابىلىكلەر، چۆل - جەزىرىلەر، ياۋايىلارچە توشقان قېنى ئىچىش قاتارلىق دېتاللار بىلەن گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس.

بۇگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ زوقلىنىش ئادىتى، بەدىئىي تەپەككۇرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلانماقتا. ئۇلار كىنودا رېئاللىقتىن چەتنىگەن سۈنئىي ئادەمنى ئەمەس، بەلكى چىن، جانلىق، ھېسسىياتلىق ئادەمنىڭ ئوبرازىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

كىنونىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتى ئىجتىمائىي رېئاللىق، لېكىن بۇ رېئاللىق گۈزەل كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنىڭ كىرىشتۈرۈلۈشى ئەمەس، بەلكى چىن تۇرمۇش دېتاللىرى ئاساسىدا يارىتىلغان چىن ئوبرازلاردۇر. كىنو ئېستېتىكىچىسى روللان كىلئا «كىنودا ئەڭ مۇھىمى — ئوبراز ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈش» دېگەنىدى. بىر فىلىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش - چىقماسلىقى، ماھىيەتتە، ئوبراز خاراكتېرىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلىش - يارىتىلماسلىقىغا باغلىق. بۇنداق يارىتىلغان ئوبراز ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەت ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگىلى، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئادەمنى كونكرېت چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇلغان ئوبرازنىڭ ھەرىكىتى، ئەقلىي تەپەككۇرى، پسىخىك خاراكتېرى ۋە ئۇنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلغان سۈرۈلگەن سۈژېتتىن مۇئەييەن دەۋردىكى جەمئىيەت ۋە

ئادەملەرنىڭ پسخىك قاتلىمى ھەم ئىدىيە قۇرۇلمىسىنى كۆرۈۋالالايمىز . بىز «ئارتىس بولمايدىغان قىز» فىلىمىدىكى ئامىنەنىڭ ئەگرى - توقاي ھېسسىيات سەرگۈزەشتىلىرى ۋە زىددىيەتلىك روھىي ھالىتىدىن بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋرنى ۋە ئاشۇ دەۋردە ياشىغان ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ ئورتاق تەقدىرى ۋە روھىي ھالىتىنى ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىنكى يېڭىچە ھاياتنى كۆرۈۋالالايمىز . كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى ، ئۇيغۇر كىنوچىلىقىدا مۇنداق فىلىملەر ئىنتايىن ئاز . پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ خاسلىقى تەكىتلەنگەندە ئۇنى تەسۋىرلەش ئۇسلۇبىنى ئويلانماي بولمايدۇ . كىنونىڭ ئۇسلۇبى ، تېخنىكىلىق ئۇسلۇب ، يېڭى ئېقىم ۋە شەكىللەردە سۈرەتلەش ئۇسلۇبى ۋە روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تەسۋىرلەش ئۇسلۇبى ئىلگىرىكىدەك قاتمال پېتىدە قېلىۋەرسە ، كىنونى زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ زوقلىنىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولمايدۇ . ھازىر ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ تېما دائىرىسى تار ، مەزمۇنى يۈزە ، قۇرۇلمىسى ئاددىي ، يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ خاسلىقى سۇس ، شۇڭا تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ، ھەر ساھە ، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ، ھەرقايسى قاتلامدىكى تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

## 3 . كىنودىكى مونتاژ

كىنو پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ھەردەكەتلىك رەسىم ياكى سۈرەتنى ئېكراندا ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان بىر خىل «ئويۇن» دەپ قارالغانىدى .

مونتاژ چۈشەنچىسىنىڭ شەكىللىنىشى كىنونى

باشقا سەنئەت تۈرلىرىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئىد-
پادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى .
مونتاژ — فرانسۇز تىلىدىكى (Montage) ( ھەر
خىل ماتېرىياللارنى قۇراشتۇرۇپ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە
قىلىش ) سۆزىدىن كەلگەن .
بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا قارىتىلغان
بۇ ئاتالغۇ كىنودا كىنو ۋەقەلىكى ۋە پارچە - پارچە
كۆرۈنۈشلەرنى قۇراشتۇرۇش ، چېتىپ - ئۇلاش ،
تەشكىللەش ئۇسۇلى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن . بارا
- بارا مونتاژ — كىنونىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈشتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بەدىئىي ۋاسىتىگە ئاي-
لاندى . كىنودا خىلمۇخىل مونتاژ ئامىللىرى ۋە مون-
تاژ تىلى بىرلىشىپ مونتاژ كۆرۈنۈشلىرى ، رىتىمى ،
سۇژىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى سۈرەت ، ئاۋاز ، رەڭ ،
زامان ، ماكان جەھەتتىن مۇكەممەللىككە ، ئوبرازچان-
لىق ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە قىلدى . گىلفىس ، پودوف-
كىن ، ئېيزىنشتىن قاتارلىق كىنو سەنئەتكارلىرى
مونتاژ ئۇسۇلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە كۆپ
ئىزدىنىپ بىر يۈرۈش مونتاژ ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ نەزە-
رىيىسىنى بارلىققا كەلتۈردى . نەتىجىدە ، كىنودا پا-
راللېل مونتاژ ، سېلىشتۇرما مونتاژ ، بىر ۋاقىتتىكى
مونتاژ ، ئارىلاش مونتاژ ، ئىشارىلىك مونتاژ قاتارلىق
كۆپ خىل مونتاژ شەكىللىرى كەڭ سىناق قىلىنىپ
كىنونىڭ بەدىئىي جەلپكارلىقىنى مىسلىسىز يۇقىرى
كۆتۈردى . مونتاژ نەزەرىيىسىنىڭ دۇنيا كىنوچىلىقىدا
رەسمىي تىكلىنىشى ۋە كىنو ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گەۋ-
دىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئايلىنىشى كىنو نەزەرىيىسى ۋە
كىنو ئېستېتىكىسىغا چوڭ يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى

ھەمدە كىنو ئېستېتىكىسىنىڭ نەزەرىيە قاراشلىرىنى تېخىمۇ بېيىتتى .
بۇ ئەسىرنىڭ 20 ــ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ كورشوۋ ، پودوفكىن ، ئېيزىنشتىن ، ۋېرتوف قاتارلىق كىنو سەنئەتكارلىرى مونتاژ نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللى-نىش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زور كۈچ قوشقان . مونتاژ ئېقىمىنىڭ 20 - يىللاردا رۇسىيىدە بارلىققا كېلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس ئىدى . ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ، مىيىنىسىنىڭ ناتۇرالىزم ئېقىمىدىكى تىيا-تىرى قاتارلىقلار كىنوغا تۈرتكە بولدى . يېڭى قۇرۇل-غان سوۋېت ھاكىمىيىتى كىنونىڭ تەشۋىقات رولىنى تېزلا تونۇپ يەتكەنىدى . شۇڭا ، ئۇرۇش تېخى پەسەيمە-گەن ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق شارائىتىدا كىنو ئىش-لەپ چىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، 1919 - يىلى سوۋېت دۆلەتلىك كىنو مەكتىپىنى قۇردى ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنى تەربىيىلەشنى باشلىدى .
كىنو پەيدا بولغاندىن تارتىپ لومېر ، مېرى ، بائوت ، گىلفىس قاتارلىقلار مونتاژ ھەققىدە كۆپلىگەن تەجرىبىلەرنى توپلىغانىدى . ياۋروپا ، ئامېرىكا كىنو سەنئەتكارلىرىدىن درىيا ، تېلىر ، ئاۋگۇستىن ، بنو-يىر ، كىن ۋىدو ، ستراۋېل ، ستىرىلىنبىرىگ ، روبكىن ، دوتمان ، ئېپىنس قاتارلىقلار مونتاژنى قوللىنىش جە-ھەتتە يېڭى ساھەلەرنى ئاچتى . سوۋېت كىنو سەنئەت-كارلىرى ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ، مونتاژ نەزەرىيىسى بىلەن ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرگەن .
كورشوۋ (1893 - 1970 ) مونتاژ نەزەرىيىسىنى ئوت-تۇرىغا قويغان تۇنجى سەنئەتكار ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرى ھازىرقى زامان مونتاژ نەزەرىيىسىگە

ئاساس سېلىپلا قالماي ، دۇنياۋى تەسىر قوزغىغان .
كورشوۋ 1916 ـ يىلى رۇسىيە هامورنىكو كىنو شىركىتىگە كىرىپ ، دېكوراتسىيىچى بولغان . 1917 ـ يىلى بائوتىر ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر بۇ رېژىسسورغا هەمدەمدە بولۇپ ، گۈزەل ـ سەنئەت مائارىپى بىلەن شۇغۇللانغان . كورشوف رۇسىيە دەۋرىدىكى كىنونىڭ تۇز بايان قۇرۇلمىسىغا هەمدە قول سانائەت شەكلىدىكى كىنو ئىشلەش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇپ ، كىنونىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلغان . سوۋېت دۆلەتلىك كىنو مەكتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن كوپىلوۋا ، پودوفكىن ، گىماروف ، فوگسىر ، گىراتىكوف قاتارلىق تالانتلىق سەنئەتكارلار كىنو مەكتىپى ئامبىرىدىن گىلفىس قاتارلىقلارنىڭ كىنو ماتېرىياللىرىنى تېپىپ چىقىپ ، هەربىر كۆرۈنۈش بويىچە تەھلىل قىلىپ ، مونتاژ تەجرىبىسى ئېلىپ بارغان . 1924 ـ يىلى كورشوۋ ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن پودوفكىن قاتارلىقلار رول ئالغان «غەربلىك ئەپەندىنىڭ بولشېۋىكلار دۆلىتىدىكى تەۋەككۇلچىلىكى» ناملىق فىلىم قىزغىن قارشى ئېلىندى . ئەمما كورشوۋ كىنو بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەچكە شەكىلۋاز دەپ قارىلىپ تەنقىد قىلىندى هەمدە «كىنو خىزمەت بۆلۈمى» مۇ تارقىلىپ كەتتى . ئۇنىڭ «كىنودىكى ئورۇنلاش مېتودى» (1929) ، «كىنو رېژىسسورلۇقى ئەمەلىيىتى» (1935) ، «كىنو رېژىسسورلۇقىدىن ئاساس» (1941) ، «كىنو ۋە مونتاژ» (1961) قاتارلىق نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى مونتاژ نەزەرىيىسىگە ئاساس سالغان ئەسەرلەر هېسابلىنىدۇ .
سوۋېت مونتاژ نەزەرىيىسى تەرەققىياتىدا رول

ئوينىغان يەنە بىر سەنئەتكار پودوفكىن (1893 —
1953 ) دۇر . ئۇ كورشوفنىڭ ئوقۇغۇچىسى ، ئەسلى
خىمىيە ئوقۇغان ، ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ گىرمانىيە-
دە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ قېچىپ كەلگەن . 1920
- يىلى سوۋېت دۆلەتلىك كىنو مەكتىپىگە كىرگەن .
كورشوف ئالدىنقى سەپتە ئاخبارات فىلىملىرىنى ئىش-
لىگەندە رېژىسسور گاركىنىڭ «ئورغاق ۋە
بولقا» ، ئاچلىق . . . ئاچلىق . . . ئاچلىق . . . فى-
لىملىرىنىڭ مەيدان خاتىرىلەش خىزمىتىگە قاتناش-
قان . 1922 - يىلى كورشوۋنىڭ خىزمەت بۆلۈمىگە
كەلگەن . 1925 - يىلى كورشوۋ بىلەن پىكىر ئىختىلا-
پى يۈز بېرىپ ، مۇستەقىل ئىجادىيەت يولىغا قەدەم
قويغان ھەم «شاھمات سىرى» ، «چوڭ مېگىنىڭ رو-
لى» فىلىملىرىنى ئىشلىگەن . 1926 - يىلى گوركى-
نىڭ «ئانا» رومانىنى ئېكرانلاشتۇرغان . 1927 -
يىلى «سانكىت - پېتىر بۇرگدىكى قىيامەت» فىلىمى-
نى ، 1929 - يىلى «چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى» فىلى-
مىنى ئىشلىگەن . ئۇ كىنو ئىجادىيىتىدە كورشوۋ بى-
لەن گىلفىسنىڭ كۆرۈنۈشنى مونتاژلاشتۇرۇش ئۇ-
سۇلىنى بەزىدە ئېزىنشتېيننىڭ ئىستىئارىلىق مونتاژ-
لاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان . پودوفكىننىڭ مونتاژ
ھەققىدىكى ئىزدىنىشى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان بو-
لۇپ ، نەزەرىيە تەتقىقاتى ئانچە كۆپ ئەمەس . شۇنداقتى-
مۇ ئۇنىڭ مونتاژ نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەرلىرىدىن
«كىنو رېژىسسورلۇقى ۋە كىنو ماتېرىيالى» ، «كىنو
سېنارىيىسى» قاتارلىق دۇنياۋى تەسىر قوزغىغان ئە-
سەرلىرى بار .
مونتاژ نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئالاھىدە

تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر مەشھۇر سەنئەتكار ئىيىز-نىشتىن ھېسابلىنىدۇ . ئۇ دۇنيا كىنوچىلىقىنى زىلزى-لىگە سالغان «پوتيومكىن ناملىق پاراخوت» فىلىمدىن باشلاپ ئىشلىگەن ھەربىر كىنودا مونتاژنىڭ يېڭى ئۇ-پادىلەش ئۇسۇلىنى سىناق قىلغان . ئىيىزنىشتىن ئۇ-نىۋېرسىتېتتا بىناكارلىق كەسپىنى ئوقۇغان . رەسىم سىزىش ۋە كومېدىيىگىمۇ ھەۋەس قىلىپ باققان . ئار-مىيىگە قاتناشقاندا رەسىم سىزىپ يۈرۈپ ، فوتورىزم ۋە قۇرۇلمىچىلىق ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان . 1920 ـ يىلى تىياتىر ساھەسىگە قەدەم قويغان . 1923 ـ يىلى كىنو ساھەسىگە كىرىپ «ئىش تاشلاش» (1923) ۋە «پوتيومكىن ناملىق پاراخوت» فىلىملى-رىنى ئىشلەپ زور شۆھرەت قازانغان . 30 ـــ 40 يىللاردا كىنونىڭ قۇرۇلما نەزەرىيىسى ۋە ئىجادىيەت مېتودولوگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

مونتاژ نەزەرىيىسىگە ئۆز ئىجادىيىتى ھەم نەزەرى-يىلىرى ئارقىلىق تۆھپە قوشقان ۋىرتوف (1896 ـــ 1954) مونتاژ ئېقىمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋەكىلى-دۇر . ۋىرتوف ياراتقان نەزەرىيىۋى ئېقىم دۇنيا كىنو-چىلىقى تەرەققىياتىدا بىۋاستە رول ئوينىغان . ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى جىنس كافمان بولۇپ ، ئۇ دوختۇر-لۇق ، پسىخولوگىيە ۋە مۇزىكا ئىلمى ئوقۇغان . فوتو-رىزم ۋە قۇرۇلمىچىلىقنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان . ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن باشلاپ كىنو ساھەسىگە ھەۋەس قىلىپ ، يېڭىچە ئاخبارات ، تەزكىرە فىلىملىرىنى ئىشلەشنى تەجرىبە قىلغان . كىنو كۆزنىكى ئېقىمىنى دەسلەپ ۋىرتوف ئۇكىسى مېخايىل كافمان ھەمدە فى-لىم كىرىشتۇرگۈچى ئېلىزابېت سۋىلوۋا بىلەن بىرلى-

شىپ تەشكىللىگەن ، كېيىن ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا پېر-
ساكوف ، لمبىرگ ، كوگالىن ، رودشىنكو ، پۇشكىن
قاتارلىق سەنئەتكارلارمۇ توپلىنىپ دۇنياغا داڭلىق كى-
نو كۆزنىكى ئېقىمىنى پەيدا قىلغان . فرانسىيىنىڭ
ئاۋانگارت كىنو ئېقىمىدىكى رېژىسسور ۋېيگونىڭ
«نېسسىي مەنزىرىلىرى» فىلىمى بىلەن ئىتالىيىنىڭ
2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى رېئالىزم فىلىملىرى-
نىڭ ئۇسلۇبى ، ئەنگلىيىنىڭ ئەركىن كىنو ھەرىكىتى
قاتارلىقلار ۋىرتوفنىڭ مونتاژ نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرى-
گە ئۇچرىغان .

## 4 . كىنونىڭ قۇرۇلمىسى

دۇنيا كىنوچىلىقىدا ئىنساننىڭ ئېستېتىك گۇ-
زەللىكنى ئىپادىلەش تەلىپىنىڭ ئېشىشى تەبىئىي
ھالدا كىنونىڭ قۇرۇلما شەكىللىرىنىڭ رەڭدارلىقىنى
بەلگىلىگەن .

كىنو بىلەن ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى-
نىڭ بىرلىشىشى ۋە مونتاژ ئۇسۇلىنىڭ كۆپ خىللى-
شىشى كىنوغا غايەت زور ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپلا قال-
ماي كىنو قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ خىل ، جانلىق بولۇ-
شىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى . مونتاژ نەزەرىيىسى
كىنونى ئۇنىۋېرسال سەنئەتكە ئايلاندۇردى . كىنو ،
دراما ، تىياتىر ، كومېدىيە قاتارلىق سەھنە سەنئەتلىرى-
نىڭ قۇرۇلمىسى ھەم ئەدەبىياتنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇ-
لى ، بەدىئىي ئۇسلۇبى ، رەسساملىقنىڭ ئوبراز يارى-
تىش پرىنسىپلىرىنىڭ مۇۋاپىق تەرەپلىرىنى ئۆزىگە
قوبۇل قىلدى . مونتاژ ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كىنو قۇ-
رۇلمىسىدىن ھالقىپ ئۇنىۋېرساللىقى گەۋدىلەندۈرۈل-
دى . يەنى كىنونىڭ لىرىكىلىقى ، شېئىرىيلىكى ،

تەسۋىرلەش ئۇسلۇبى، مۇزىكىلىقى قاتارلىق كۆپ خىللاشقان كىنو قۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. سەنئەتكارلار بۇنى ھەقىقىي كىنو قۇرۇلمىسى دەپ ئاتاشتى. 1941 - يىلى ئوسىن ۋېلس ئىشلىگەن «پۇقەرا تەنتەنىسى» ناملىق فىلىمدىن تارتىپ، 1951 - يىلى خىزارمون ئىشلىگەن «روسمىن» ناملىق فىلىمى، 50 - يىللاردا ئىتالىيە پابرو ۋەكىللىكىدە باشلانغان «يېڭى رېئالىزم ئېقىمى» دىكى سىياسىي فىلىملەر، 60 - يىللاردا فرانسىيىنىڭ «يېڭى دولقۇن» غا ۋەكىللىك قىلغان كىنو قۇرۇلمىسى بىلەن 70 — 80 يىللاردىكى مودېرنىزم ئېقىمىدىكى كىنو ئىجادىيەت مۇساپىسى كىنو قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جۇڭگودا ھەقىقىي كىنو ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قۇرۇلما 1979 - يىلىدىن بۇيان ئىشلەنگەن «شىياۋخۇا»، «دەردمەننىڭ كۈلكىسى»، «ھايات تىۋۇشى»، «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە»، «يۇلتۇز چاقنىغان كېچە»، «تار كوچا» قاتارلىق فىلىملەردە قوللىنىلغان.

دۇنيا كىنوچىلىقىدىكى مۇھىم بىر ئىلگىرىلەش دەل كىنونىڭ كومېدىيىلىكتىن كىنولىشىشقا، بىر خىل قۇرۇلمىدىن كۆپ خىل قۇرۇلمىغا يۈزلەنگەنلىكىدۇر. كىنولاشقان قۇرۇلمىنىڭ كومېدىيىلىك قۇرۇلمىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ زامان - ماكان بوشلۇقىنىڭ كەڭلىكى يەنى زاماننى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش ئەركىنلىكىنىڭ مول كىنو قۇرۇلمىسى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. ئۇ كۆپ خىل زىددىيەت لىنىيىسىنى بىر - بىرىگە

تەبىئىي جىپسىلاشتۇرۇپ تۇرمۇشنى كەڭ، ئازادە، جانلىق، چىن ۋە گۈزەل قىلىپ ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندە بىرقەدەر كۆپ قوللىنىۋاتقان كىنو قۇرۇلمىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

1) كۆپ خىل زامان ـ ماكان مۇھىتى بىرلەشتۈرۈلگەن كىنو قۇرۇلمىسى

كۆپ خىل زامان ـ ماكان بىرلەشكەن كىنو قۇرۇلمىسى 60 ـ يىللاردا فرانسىيىدە ئەۋج ئالغان. «گۇۋاڭداۋغا مۇھەببەت» فىلىمى مۇشۇ قۇرۇلمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. فىلىمدە بۈگۈن (فرانسىيە ئاكتىيورىنىڭ ياپونىيە بىناكارلىق ئۇستىسى بىلەن توكيودىكى 24 سائەتلىك مۇھەببەت كەچۈرمىشى) بىلەن ئۆتمۈش (فرانسىيە ئاكتىيورىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە نېمىس ئەسكەرلىرى بىلەن مۇھەببەتلەشكەن كۆرۈنۈشى) نى ئايال باش قەھرىماننىڭ ئېڭىغا مۇكەممەل بىرلەشتۈرۈۋېتىدۇ. باش قەھرىماننىڭ كاللىسىدا ھازىرقى رېئاللىق بىلەن ئۆتمۈش بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. «بۇ يەرنىڭ سەھىرى جىمجىت» فىلىمىدە ئۇرۇش مۇھىتى كۆرۈنۈشى بىلەن تىنچلىق مۇھىتى كۆرۈنۈشىنى بىرلەشتۈرۈش قۇرۇلما شەكلى قوللىنىلغان. فرانسىيە ھېكايە فىلىمى «كونا مىلتىق» تىكى باش قەھرىماننىڭ قىساس ئېلىش جەريانىغا ئۆتمۈشتىكى بەختلىك تۇرمۇش ئەسلىمىسىنى كىرىشتۈرۈشتەك سېلىشتۇرما قۇرۇلمىسىنى قوللانغان.

70 ـ يىللاردىن كېيىنكى سىياسىي فىلىم ۋە داستان فىلىملىرىدە ھېكايە كۆرۈنۈشى بىلەن ئاخبارات كۆرۈنۈشىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى كۆپ قوللىنىلغان.

### 2 ) كۆپ تەرەپلىمىلىك كىنو قۇرۇلمىسى

كىنودا ۋاقىت كەڭلىكىدىن پايدىلىنىپ كۆپ تە-
رەپلىمىلىك نۇقتىلاردىن سۈرەتكە ئېلىش ئارقىلىق
بىرلا ھادىسە ياكى ئادەمنى تەسۋىرلەپ بېرىش قۇرۇل-
مىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك قۇرۇلما دەپ ئاتىلىدۇ .
«پۇقرا تەنتەنىسى» فىلىمىدە ، بىر ئادەمنىڭ ئەتراپى-
دىكى 60 نەچچە ئادەمنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن
بايان قىلىپ ، ئەمەلىيەتتە بىرلا باش قەھرىماننىڭ تۇر-
مۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ . «روسمىن» فىلىمىدە رىت-
سار ، ئۇنىڭ خوتۇنى ھەم بۇلاڭچى بىلەن بىر گۇۋاھ-
چىنىڭ ئوخشاش بىرلا قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلو-
سىغا بەرگەن ئوخشىمىغان گۇۋاھلىقىنى قۇرۇلما قىل-
غان . جۇڭگونىڭ «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە» ، ئالبا-
نىيىنىڭ «ئىز» ، «سەككىزىنچى مىس ھەيكەل» قا-
تارلىق فىلىملىرىدە مۇشۇ قۇرۇلما قوللىنىلغان .

### 3 ) كۆپ خىل زىددىيەت توقۇنۇشىنى تەڭ راۋاج- لاندۇرىدىغان كىنو قۇرۇلمىسى

ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ۋەقەنى راۋاجلاندۇرىدىغان
بىر قاتلاملىق قۇرۇلمىدىن ھالقىش ئۇچۇن كۆپ خىل
زىددىيەت لىنىيىسى تەڭ راۋاجلىنىدىغان قۇرۇلما قول-
لىنىشقا توغرا كېلىدۇ . ياپونىيە ھېكايە فىلىمى «ئادد-
مىي ئىسپات» دەل مۇشۇ قۇرۇلما بويىچە ئىشلەنگەن .
كىنو قۇرۇلمىسى تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا
كومېدىيە ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلغان بولسا ، ئىك-
كىنچى باسقۇچىدا شېئىرىي ئالاھىدىلىك ، رەسىم ئالا-
ھىدىلىكى ، مۇزىكىلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى جا-
رى قىلدۇردى .

### 4 ) مۇزىكىلىق كىنو قۇرۇلمىسى

كىنو مۇزىكىسىنىڭ رىتىمدارلىقى ، ماسلىشىش-
چانلىقى ، مونتاژنىڭ كىرىشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق مۇزى-
كىلىققا ئىگە قىلىنىدۇ . كىنو قۇرۇلمىسى بەزىدە مۇ-
زىكا ئارقىلىق باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ .
بەزى فىلىملەردە سىمفونىيە مۇزىكا قۇرۇلمىسى ئىش-
لىتىلىپ تېخىمۇ زور ئېستېتىك قىممەت يارىتىلىدۇ .

### 5 ) شېئىرىي كىنو قۇرۇلمىسى

مونتاژلاشتۇرۇلغان كىنو تىلى — شېئىرىي تىل-
غا ئوخشاش ئىخچام ، ئاممىباب ، چوڭقۇر مەنىلىك ،
لىرىكىلىق ۋە ئاھاڭدار بولىدۇ . شېئىرىي تەپەككۇر
بىلەن كىنونىڭ ئوبرازچانلىقى بەدىئىي جەھەتتىن ئىن-
تايىن ئوخشىشىدۇ . كىنودا كۆرۈش سەزگۈسى ئارقى-
لىق ئىپادىلىنىدىغان شېئىرىي ھېسسىيات ۋە مەنە كى-
نونىڭ شېئىرىي قۇرۇلمىسىنى پەيدا قىلىدۇ . مەسى-
لەن ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئەسكەرلەرگە
مەدھىيە» ، «ئىۋاننىڭ بالىلىق چاغلىرى» قاتارلىق
فىلىملەردە لىرىك شېئىرىي كەيپىيات كۈچلۈك بو-
لۇپ ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئىنچىكە ئې-
چىپ بېرىلگەن .

### 6 ) نەسرىي پەلسەپىۋى كىنو قۇرۇلمىسى

نەسرىي پەلسەپىۋى كىنو قۇرۇلمىسى — كىنو
ۋەقەلىكىنى نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىپ پەلسەپىۋى
مەزمۇن يەتكۈزىدىغان قۇرۇلمىدىن ئىبارەت . بۇنداق
فىلىمدە دېتاللار تەسۋىرى ۋە رىددىيەت توقۇنۇشىنى
كەسكىن ئىپادىلىمەيدۇ . ئەكسىچە ئوبراز ۋە تۇرمۇشنى
لىرىك بايان شەكىلدە يەڭگىل سۇرەتلەپ مەنە ئىپادى-
لەيدۇ . مەسىلەن ، سوۋېت ئىتتىپاقى رېژىسسورى
گراسموف 60 — 70 - يىللاردا ئىشلىگەن ئۈچ قى-

سىملىق كىنو «ئادەم بىلەن ھايۋان» ، «مۇخبىر» فىلىملىرىدە تاماشىبىنلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەل- سەپىسى ھەققىدە ئوي - خىياللىرىغا ئەھمىيەت بېرىل- گەن . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «تىنچ دون» ، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» فىلىملىرىمۇ ئۇنىڭ ياخشى ئۆرنىكىدۇر .

7 ) تەزكىرەۋى كىنو قۇرۇلمىسى

40 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا بارلىققا كەلگەن ئىتا- لىيە ھالقىما رېئالىزمى تەزكىرە ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلما شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . بۇ فىلىملەردە مۇرەك- كەپ كومېدىيىلىك لايىھە ۋە دېتاللار بولمايدۇ . ھەممە نەرسە ناھايىتى تەبىئىي تۈزلا يۈز بېرىدۇ . 50 - يىللاردىكى «رىمدا سائەت 11» ، «ۋېلىسىپىت ئوغرى- سى» قاتارلىق فىلىملەردىن تارتىپ ، 60 - يىللاردا ئىشلەنگەن «گۇمانلىق پۇقرانى تەكشۈرۈش» ، «ساق- چى باشلىقىنىڭ ئاقلىنىشى» ۋە 70 - يىللاردا ئىشلەنگەن «Z» ، «قېرى قىز» ، 80 - يىللاردا جۇڭگودا ئىشلەنگەن «تار كوچا» فىلىملىرىدە تەزكى- رەۋى كىنو قۇرۇلمىسى قوللىنىلغان .

8 ) پسىخىك قۇرۇلما

كىنو ئېكرانىدىن كىشىلەر ئۆز قەلبىدىكى دۇنيا- نى كۆرەلەيدۇ . ھازىرقى زامان دۇنيا كىنوچىلىقىدا بارغانچە پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يۈزلىنىش ئۇ- لارنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ئارقىلىق مەنىۋى دۇنياسى- نى ئېچىپ بېرىش ئۇچۇندۇر .

ۋېنگرىيىلىك كىنو ئېستېتىكچىسى پاللاس : «تەرەققىي قىلىۋاتقان كىنو نۇرغۇن يوشۇرۇن نەرسى- لەرنى ئىپادىلەش پۇرسىتىگە ئىگە كىنو — ئىنسان قەلبىنىمۇ كۆرەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ»

دەيدۇ . هازىرقى زامان كىنو ئىجادىيىتىدە بۇنداق پىسى-خىك قۇرۇلما بارغانچە كۆپ قوللىنىلماقتا ، شۋېيتسارىيىنىڭ «ياۋا ئوت» ، فرانسىيىنىڭ «گۇاڭداۋغا مۇھەببەت» ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «غەلىتە ئايال» ، جۇڭگونىڭ «دەردمەننىڭ كۆلكىسى» قاتارلىق فىلىملەر پسىخىك قۇرۇلما قوللىنىلغان فى-لىملەردۇر .

9 ) مونتاژ قۇرۇلمىسى

مونتاژ — كىنو راۋاجلىنىپ بۈگۈنگە كەلگۈچە كىنو دېتاللىرىنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان ئاساسىي ۋاستە بولۇپ كەلدى . كىنودا مونتاژ كۆپ خىل بو-لۇپ ، ئۇنىڭ پاراللېل مونتاژ ، نىسبىي مونتاژ ، تە-سەۋۋۇر مونتاژ ، ئوخشىتىش مونتاژ ، پسىخىك مون-تاژ ، تەكرار مونتاژ ، شېئىرىي مونتاژ قاتارلىق شە-كىللىرى بار . بۇ مونتاژ سېنارىيە مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇ-بىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە كىنو قۇرۇلمىسىدا قوللىنى-لىدۇ .

هازىرقى زامان كىنو قۇرۇلمىسى مەسىلىسى — مۇرەككەپ ، ئىنچىكە ، ئىجادىيەت مەسىلىسىدۇر . كى-نو ئىجادىيىتى داۋامىدا بىر فىلىم بىرلا خىل قۇرۇل-مىغا تەۋە بولۇشى ناتايىن . كىنو ئۆز تەرەققىياتىدا ئىككى قېتىملىق ئۇنىۋېرساللىشىش باسقۇچىنى بېشى-دىن ئۆتكۈزدى . بىرىنچى قېتىملىق ئۇنىۋېرساللى-شىشتا ئەدەبىيات ، كومېدىيە ، مۇزىكا ، رەسىم ، ئوپې-راتورلۇق ئۆزئارا بىرلەشتى . ئىككىنچى قېتىملىق ئۇنىۋېرساللىشىشتا ، تەزكىرە قۇرۇلمىسى ، شېئىرىي قۇرۇلما ۋە نەسرىي كىنو قۇرۇلمىسىنىڭ بىرلىشى-شى ، تۇرمۇش ئېقىمى بىلەن ئاڭ ئېقىمىنىڭ بىرلىشى-

شى ، ھەر خىل قۇرۇلما ، ھەر خىل ئىقىم ۋە ئۇسلۇب- نىڭ بىرلىشىشى ئۇنىۋېرسال كىنو قۇرۇلمىسىنى بار- لىققا كەلتۈردى .

ئەمما شۇنداقتىمۇ ، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكىنى يوق . سەنئەتكارلار كېلەچەكتە چوقۇم تېخىمۇ يېڭى كىنو قۇرۇلمىسى ھەم ئۇسلۇبىنى يارىتىدۇ .

## 5 . كىنو ۋە مۇزىكا

كىنونىڭ سېھرىي تەسىر كۈچى ۋە جەلپكارلىقىغا ھاياتىي كۈچ قوشقۇچى ئامىل كىنو مۇزىكىسىدۇر .

ھايات كۈيگە تولغان . ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ھاياتى ، باسقان ھەربىر قەدىمى كۈچلۈك لىرىك كۈيگە تول- غان . ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ، مۇھەببەت - نەپ- رىتى ، ئۈمىد - ئىستەكلىرىگە مۇزىكا مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ . كىنو ھايات رىتىمىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى تە- بىئىي ، چىن كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ، تۇرمۇش ۋە ئادەملەر روھىدىكى ھەقىقىي لىرىك ھېسسىياتنى ئىپا- دىلىشى كېرەك .

كىنودىكى ئوبراز جىسمىدا ئومۇمەن مۇئەييەن مىللىي تۇرمۇش خاسلىقى ئىپادىلىنىدۇ . مۇزىكا ئەنە شۇ مىللىيلىكتىن كۈچىيىپ ، فىلىمنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ . مۇزىكىسىز فىلىم ئىشلەنمەيدۇ . ئەمما ، كىنو مۇزىكىسىنىڭ ئىشلىنىشى ھەربىر كونكرېت فىلىمنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپى بو- يىچە ئادەتتىكى ناخشا - ئۇسسۇل ، دراما مۇزىكىسى ۋە تېلېۋىزىيە مۇزىكىلىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنى- دۇ . مۇزىكىنىڭ كىنودىكى ئورنىنى مۇنداق بىرنەچچە تەرەپتىن ھېس قىلىش مۇمكىن :

1 ) مۇزىكا فىلىمدىكى تۇرمۇش ۋە مەركىزىي ئى-

دىيىگە ئۈيغۇن بولۇشى كېرەك . كىنو مۇزىكىسى مە-
لۇم ئىدىيىۋى مەزمۇننى يەنىمۇ روشەن ، چوڭقۇر
ئەكس ئەتتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ . تارىخىي تېمىدىكى
فىلىملەرگە شۇ شارائىتنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان مۇ-
زىكا ئىشلىتىلگەندە فىلىمنىڭ تارىخىي چىنلىقىنى رو-
شەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ . كىنونىڭ تاۋارلىق قىممىتى-
نىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇ ئىلىم - پەن ،
مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تونۇشتۇرۇشنىمۇ مۇھىم مەق-
سەت قىلغانلىقتىن فىلىملەردىكى مۇزىكىنىڭ جاز-
لىق ، تەسىرلىك بولۇشى تېخىمۇ زۆرۈر .

2 ) كىنو مۇزىكىسى — ئوبراز ھېسسىياتىغا
ماس كېلىدىغان بولۇش كېرەك . ئوبراز يارىتىش —
كىنودىكى مۇھىم بىر ھالقا . ئوبراز مۇئەييەن مىللىي
مۇھىتتا ياشايدۇ . مۇزىكىنىڭ ئوبراز ھەرىكىتىگە ماس-
لىشىشى ماھىيەتتە ئاشۇ بىر دەۋردىكى مىللىي مۇھىت-
نى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر . كىنو مۇزىكىسى ئال-
دى بىلەن ئوبراز ھېسسىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ،
تىپىك پېرسوناژ خاراكتېرىنى يورۇتۇشتا رول ئوينى-
سا ، يەنە شۇ ئارقىلىق ئەينى تارىخىي دەۋردىكى كىشى-
لەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىرقەدەر ئەينەن چۈشى-
نىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ . كىنو رېئاللىقتىكى
ئىككى خىل خاراكتېرنىڭ زىددىيەت كۆرىشى ئارقىلىق
ئادەم ۋە جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان مۇنا-
سىۋەتنى ئېچىپ بېرىدۇ . كىنو مۇزىكىسى ئەنە شۇ
مۇناسىۋەت جەريانىدا تاماشىبىنلارنىڭ زوقلىنىش تەل-
پىنى قاندۇرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كىشىلەرنىڭ
مەۋجۇت تۇرمۇشى ئاساسىدا كەلگۈسىنى چۈشىنىشكە
ياردەم بېرىدۇ . شۇڭا مۇزىكا كىنودىكى ئىجتىمائىي

ئېستېتىك ئۇنۇمىنىڭ زۆرۈر ئامىلى .
3 ) مۇزىكا تاماشىبىنلارنىڭ ئېستېتىك ئېھتىيا-جىغا ماسلىشىشى لازىم . ھەرقانداق بىر فىلىمنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي قىممىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق ياكى مەغلۇپ بولۇشى تاماشىبىنلار بىلەن زىچ باغلانغان . بۇنىڭ ئۈچۈن تاماشىبىننىڭ ئېھتىياجىنى بىلىشكە ، ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ . ھىندىستاننىڭ «سەرگەردان» ؛ ئېلى-مىزنىڭ «سېرىق توپىلىق يەر» ، «قىزىل قوناقلىقتا» ، تېلېۋىزىيە فىلىمى «ئىنتىزار» ؛ ئۇيغۇر كىنوچىلىقى-دىكى «ئارتىس بولمايدىغان قىز» فىلىملىرىدىكى مۇ-زىكا بىر پۈتۈن فىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈ-رۈش بىلەن بىللە فىلىمنىڭ تەسىرچانلىقىنى زور دە-رىجىدە كۆچەيتكەن . ئوبرازلارنى رېئاللىقتا يېقىنلاش-تۇرۇپ ، تاماشىبىنلارنى كونكرېت ھېسسىياتقا ئىگە قىلغان . تەيۋەننىڭ «ئانا ، مېنى باغرىڭغا باس» فىلى-مىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك يېڭى ۋەقە يوق . ئۇنىڭدا تۇرمۇشتىكى ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت ، ئائىلە مەسىلىسى تەسۋىرلەنگەن . فىلىمدە پېرسوناژنى ئالا-ھىدە مۇھىت ئىچىدە باشتىن ـ ئاخىر ئىچكى ھېسسى-يات مۇڭلۇق مۇزىكا ئارقىلىق ھەرىكەت قىلدۇرغاچقا ، فىلىمدىكى مۇزىكىلىق لىرىك ھېسسىيات كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرەلىگەن .
كىنو ئەلۋەتتە ئەبەدىي ئۆنتۈلماس ئوبراز يارىتى-دىغان يېگانە سەنئەت ئەمەس . ئەمما ئۇ قىزغىن تۇر-مۇش ئىچىدىكى ئۆنتۈلماس ئادەمنى يارىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىش مەجبۇرىيىتىگە ئىگە . تاماشىبىنلارنىڭ تە-لىپى بارغانسېرى ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، كىنو

مۇزىكىسىنى كىنوغا زىچ ماسلاشتۇرۇپ ، فىلىمنىڭ
ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ۋە بەدىئىيلىكىنى كۈچەيتىپ ،
ئىجتىمائىي مەدەنىي ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن ئىزدىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

## 6 . كىنو ۋە شېئىر

كىنو مۇستەقىل سەنئەتكە ئايلانغاندىن بۇيان رې-
ئاللىقنى سىمۋوللۇق ئىپادىلەشنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتى-
دە تاشقى ھادىسە بىلەن مەنىۋى دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتى
ئۈستىدە ئىزدىنىپ كەلدى . كىنو نوقۇل سۇبيېكتىپ
ھېسسىيات چۈشەنچىسىدە ئاددىي ، يۈزەكى ھالدا ئە-
مەس ، بەلكى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى ئىنسان پائالى-
يىتى قەدەم ئىزلىرىدىن ئىنساننىڭ مۇرەككەپ ئىچكى
دۇنياسى ، ئۆزگىچە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى يارىتى-
دىغان بىر خىل ئىپادىلەش سەنئىتىدۇر . ئېكران ئوب-
رازىدىكى ھېسسىياتنىڭ سىمۋوللۇقى بىر خىل لىرىك
ۋاستە بولۇپ ، ئۇ ، ئادەمنىڭ ساددا ، ئەركىن ھېس-
سىياتىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل
ئىنكاسى . شۇڭا ئۇ رېئاللىقتىكى سانسىز كىشىلەرنىڭ
ئورتاق سىمۋولىنى يارىتىدۇ . ئوبيېكتىپ شەيئىي بى-
لەن سۇبيېكتىپ ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدا ماسلىشىش
مۇناسىۋىتىنى يارىتىپ تاماشىبىنىنىڭ كونكرېت چۈشى-
نىش ، ئېستېتىك زوقلىنىشىغا زېمىن يارىتىدۇ . شۇ
سەۋەبتىن ، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەگرى - توقاي ھايات
تارىخىنى سۈرەتلەيدىغان كىنو سەنئىتى — شۇ لىرىك
كۆي ، نازۇك ھېسسىياتنى تۇرلۇك ئۇسۇل ، ۋاستى-
لەر بىلەن تەسۋىرلەشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى
قىلغان . گەرچە ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرى —
ھېكايە ، نەسر ، سەھنە ئەسەرلەر ۋە تېكستلارنىڭ ئۆز

ئالدىغا ئايرىم ئۇسۇل ھەم بەدىئىي ۋاستىلىرى بولىدۇ، كىنو ئىجادىيىتى جەريانىدا باشقا ئامىللاردىن سىرت، شېئىرىي تېكىست، قوشاقنى مۇھىم ۋاستە سۈپىتىدە جىددىي تەلەپ قىلىدۇ.

كۆچلۈك ئىجادىي تەسەۋۋۇر، قايناق ئىلھام بۇلىقىدىن ئېتىلغان چەشمە شېئىر — ئىجتىمائىي ھاياتنى ئەڭ مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدىغان قويۇق مۇزىكىدارلىققا ئىگە ژانىر. ئۇنىڭدا شېئىرىي پىكىر، مۇزىكىلىق ھېسسىيات ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ، چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىكنى يارىتىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە ھېسسىيات قۇرۇلمىسى دەۋر ۋە تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يېڭىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوبرازى بىرەر ئادەم بولۇشىمۇ ياكى لىرىك ئوبراز بولۇشىمۇ مۇمكىن. كىنو بىلەن شېئىرنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ تۈپ مەنبەسى رېئال تۇرمۇش، شۇڭا ئۇلار ئۆزئارا تومۇرداش. ئەدەبىيات نۇقتىسىدا پەرقلىق ئىككى خىل ئەدەبىي شەكىل بولسىمۇ ئەزەلدىن ئورتاق مەنبەگە ئىگە بولۇپ كەلدى ۋە زىچ ماسلاشتۇرۇلدى. خۇددى كىنو نەزەرىيىچىسى بارناس ئۆزىنىڭ «كىنو ئېستېتىكىسى» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتقاندەك: «كىنو سېنارىيىسى ھازىر شائىرلارنىڭ يېزىشىنى تەقەززا قىلىدىغان بىر خىل ئەدەبىيات شەكلىگە ئايلاندى.» بۇ ئالاھىدىلىكنى ھەرقانداق بىر فىلىمدىكى ئوبرازنىڭ ھەرىكەت، دىئالوگ، مونولوگ ۋە ئوبراز تىلىدىن بېرىلگەن شېئىرىي تېكىستلەردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەزى فىلىملەرنى كۆرگەن تاماشىبىنلار ئۇزاقىچە ھاياجىنىنى باسالماي ۋۇجۇدى قانداقتۇر بىر خىل سېھرىي كۈچ – قۇدرىتىدىن تىترەيدۇ. قەلبىدە نېمىگىدۇر ئاچچىق نەپرەتلەنسە،

نېمىگىدۇر چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئىلكىدە تەلپۈنىدۇ . ئەمما بۇ ئېستېتىك زوقنىڭ زادى نېمىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىشى ناتايىن . كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «ئىنتىزار»نى كۆرگەن كىشى مۇقەددىمە ناخشىسىدىن پۈتۈن سۇژىتنىڭ ئىدىيىسى ، باش قەھرىمانىنىڭ ھەسرەتكە تولغان كەچمىشلىرىنى ھېس قىلالايدۇ . شۇڭىمۇ بۇ ناخشىنى بەك ياقتۇرىدۇ .

ھەربىر فىلىمنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى پارچە كۆرۈنۈش ۋە ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ناخشا شۇ فىلىمنىڭ ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيىسىنى يىغىنچاق ، تەسىرلىك ئىپادىلەيدۇ . ھىندىستان فىلىمى «سەرگەردان» دا سېنارىستنىڭ جەمئىيەتكە بولغان كۈچلۈك ھەجۋي قىلىش ئىدىيىسى راجى ناخشىسىدا ئەكس ئېتىدۇ . ئۇنىڭ تۇرمىدىن چىقىپ سەرگەردانلىقتا ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولۇشى ، تۈگەتكۈسىز دەرد - ھەسرىتى ھىندى خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرى بىلەن بىرلەشكەچكە كىشىنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ . بۇ شېئىر ۋە مۇزىكا شۇ جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان قاتلاملىرىدىكى كىشىلەرنىڭ روھىي ھېسسىياتىنى يۇغۇرۇۋەتكەن . بۇنىڭدىن روشەنكى ، كىنودىكى لىرىك ھېسسىيات تەسەۋۋۇرغا باي ، ئىخچام ، يەڭگىل شېئىرىي مىسرالار بىلەن تېخىمۇ تەسىرلىك بولىدۇ . ئۇنىڭ يۈكسەك جەلپكارلىقى ئىنسان روھىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان ھېسسىيات ھەم پىكرىنى ئاشكارىلاش دېيىلسە ، بۇ ھېسسىيات ۋە ئوبراز ئۆزى يارىتىدىغان مەيدان ، ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان كۈرەش ۋە جەمئىيەتكە قارىتا پوزىتسىيىسى ، يەنى بىر ئوبرازنىڭ مۇئەييەن دەۋر ۋە مىللەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئومۇمىي

غايىسى بىلەن بىللە بولىدۇ .

مۇھەببەت ۋە ئائىلە تۇرمۇش مەسىلىلىرى تەس-ۋىرلەنگەن فىلىملەر قىز ـ يىگىتنىڭ ھىجران ئازابى ، ئۇزاق جۇدالىقتىن كېيىنكى تەسىرلىك ئۇچرىشى-شى ، ۋىسال شادلىقى ياكى قايغۇ ـ ھەسرىتىنى بىل-دۇرۇش ئۇچۇن قوللىنىلغان شېئىرىي تېكىستلەر يال-غۇز فىلىم سۇژىت تەرەققىياتىنىڭ جانلىقلىقىنى ، زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلۈكلۈكىنى ئىپادىلەپلا قالماي ، بەلكى يەنە تاماشىبىنغا ئاجايىپ لىرىك زوق بېغىشلاي-دۇ . ساپ سۆيگۈ ، سەمىمىيەت تۇيغۇسى ، لىرىك مىس-رالار مۇڭلۇق ئاھاڭ بىلەن بىرلىشىپ ئوبرازنىڭ سېيماسىنى تېخىمۇ يارقىن جۇلالاندۇرۇپ بېرىدۇ . كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر روجەكلىرىنى ئېچىپ پېرسو-ناژلار ھاياتىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ھەققىدە ئويغا چۆم-دۇرىدۇ . مۇنداق پىسخىكىلىق جەرياننى ئىپادىلەشتە كۆز ھەرىكىتى ، كۈلۈش ، ئاۋاز ئۆزگەرتىش ، ھەرى-كەت ، مەنزىرە يۆتكەش قاتارلىق ئۇسۇللىرىدىن تاشقى-رى ناخشا ئەڭ ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ . مېنىڭچە ، كىنودا ناخشا تېكىستى بىرىنچىدىن ، پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادى-لەش مەقسىتىدىن قوللىنىلىدۇ . ئىككىنچىدىن ، كىنو پېرسوناژلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى كۈچەي-تىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئېھتىياجىدىنمۇ قوللىنى-لىدۇ ، ئۈچىنچىدىن ، كىنودا فىلىم مۇزىكىسىغا ماس-لاشتۇرۇش ئېھتىياجىدىنمۇ قوللىنىلىدۇ . چۈنكى ، ناخشا تېكىستى مۇزىكىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان-دەك ، مۇزىكىمۇ شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە . ھەر ئىككىسى ھېسسىياتنى كۈچەيتىدۇ . كىنودىكى ناخشا

بولسا شېئىر بىلەن مۇزىكىنىڭ ئورگانىك گەۋدىسى . ئۇنىڭدا شېئىرىي پىكىر ۋە مۇزىكىلىق ھېسسىيات زىچ بىرلەشكەن . بۇ ھەقتە 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر پەيلاسوپى فارابى «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» ناملىق كىتابىدا : «مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئادەمنىڭ روھىغا مەنىۋى ئوت ياققۇچى ئامىلدۇر . ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر قوشۇلسا ئۇ مۇڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ» دەپ ئىنتايىن توغرا شەرھلىگەن . فىلىمنىڭ تېمىسى قانداق بولسا ناخشىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شېئىرىي تېكىستىمۇ شۇنىڭغا ماسلىشىدۇ . تارىخىي فىلىم ۋە تارىخىي شەخس تىلىدا ئەسلىي شېئىر بولىدۇ ياكى كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىر ـ غەزەللىرى ، خەلق نەزمىلىرىدىن تاللاپ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىلىدۇ . بەزى ھاللاردا سېنارىست ياكى رېژىسسور ئۆزى ئىجاد قىلىدۇ . غەرب كىنوچىلىقىدىكى بەدىئىي تەسۋىرلەش مېتودىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىۋاتقان خەنزۇ كىنوچىلىقىدا تېما جەھەتتە قەدىمىي جىن ـ ئەرۋاھ ، ئەپسانە ، رىۋايەتتىن تاكى يېڭى ئەسىر ھارپىسىدا ياشاۋاتقان جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ يېڭىچە تۇرمۇشى ، يېڭى ئىدېئولوگىيىسى ، ئاددىي ئەمگەكچىلەردىن داھىي ئىنقىلابچىلارغىچە ئېكراندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى . بۇ فىلىملەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆز تېما ، سۇژېتىغا خاس تېكىستلار بەزىدە پېرسوناژ تىلىدىن بېرىلىپ ئىنتايىن زور بەدىئىي ئۇنۇم ھاسىل قىلىندى . ھالبۇكى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر كىنوچىلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ تېخى چوڭ بوشلۇق . ئىلگىرى ئىشلەنگەن بەزى كىنولاردىن بۇنىڭ ئىزناسىنى كۆرۈش بىلەن بىللە بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىمىز .

ئۇيغۇر كلاسسىك ئوپېراسىغا ئاساسەن ئۆزگەر-تىپ ئىشلەنگەن تىۇنجى رەڭلىك ھېكايە فىلىم «غېرىب - سەنەم» دە غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ ئوتتۇ-رىسىدىكى ئىشق ئوتىنىڭ تۇتىشىشى ، ھىجرانلىق ئاي-رىلىشى ۋە ئىنتىزارلىق تەلپۈنۈشى غەزەل بىلەن ئىپا-دىلەنگەن . فىلىمدىكى ھەربىر ناخشا ياكى نەزمە شۇ ئوبرازنىڭ روھىي ھالىتى ۋە تاشقى بېسىمنىڭ ئۇلاردا پەيدا قىلغان قارشىلىقىنى گەۋدىلەندۇرۇپ ، فىلىمنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان «ئارتىس بولمايدى-غان قىز » فىلىمىدىكى ئەللەي ناخشىسى ، «مەھەممەت ھەققىدە پارالىڭ» فىلىمىدىكى توي ناخشىسى قاتارلىق-لاردا قوللىنىلغان تېكىستلارمۇ شۇ فىلىمنىڭ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي تەربىيىۋى قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا مۇ-ئەييەن رول ئوينىغان . ئەمما بەدىئىي ئېستېتىك تە-سىرچانلىق ئۆلچىمىدە يەنە خېلىلا تۆۋەن .

ئەدەبىيات - سەنئەت ئەزەلدىن چىن گۈزەللىكنى يارىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ كەلگەن . بۇ ئۇنىڭ ئىجتى-مائىي رولى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن . ئەگەر ھەقىقىي-لىقتىن ئايرىلىپ قالسا ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ئېغىز ئېچىش تەس . شۇڭا كىنو سەنئىتىنىڭ كەسىپ ئەھلى نوقۇل بىر تەرەپكە ماھىر بولۇپ قالماي ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ نادىر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئىجادىدىن مەلۇم دەرىجىدە خەۋەردار بولۇشى ، تۇر-مۇشنى ئوبدان ئۆگىنىپ مۇۋاپىق پەيتتە ئېكراندا خا-راكتېر يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدىغان بو-لۇشى كېرەك . ئومۇمەن ، كىنودىكى سېھرىي كەيپى-يات ۋە لىرىك ھېسسىيات نوقۇل بىر دەۋر مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ئىنكاسىلا بولۇپ قالماي ، بىر

مىللەت تارىخىنىڭ جەلپ قىلغۇچى كۈچىنىڭ يېتىلدۈ-
رۈشىنىڭمۇ مەھسۇلى . شۇڭا كىنودا تېكىستنىڭ قول-
لىنىلىشى يەنە فىلىمنىڭ پەلسەپىۋىلىكىنى ، مىللىي
تۇرمۇش رىتىمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتىشتىن
ئىبارەت . ھايات پەلسەپىۋى مەزمۇنغا باي ئەنە شۇ ھاياتـ-
تىن مۇجەسسەملەنگەن تەپەككۇر جەۋھىرى بولغان تې-
كىستمۇ پەلسەپىۋى پىكىرگە باي بولىدۇ .

# بەشىنچى باب كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئە-تىدىن زوقلىنىش ۋە تەنقىد

## 1. كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىدىن زوقلىنىش ۋە تەنقىد

كىنو - تېلېۋىزىيە نەزەرىيە تەنقىدى ئادەتتە ئىككى قاتلاملىق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش ئۇنىڭ تۆۋەن قاتلىمىنى تەشكىل قىلسا، سىستېمىلىق، چوڭقۇر، ئىلمىي كىنو - تېلېۋىزىيە نەزەرىيە تەنقىدى ئۇنىڭ يۇقىرى قاتلىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. كىنو ئوبزورى — تاماشىبىنلارنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن بەدىئىي زوقلىنىش جەريانىدىكى تەسىرات ۋە باھاسىنىڭ ئىنكاسى، ئىلمىي نەزەرىيىۋى تەنقىد بولسا ئېستېتىك زوق ۋە باھا ئاساسىدا كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئەسەرلىرى، سەنئەتكارلار ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتە سىستېمىلىق تەھلىل قىلىپ ئىلمىي يەكۈنلەيدىغان كەسپىي تەتقىقاتتىن ئىبارەت.

تەنقىد سۆزى ئەسلىي گرېك تىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ھۆكۈم قىلىش دېمەكتۇر. پۇشكىنىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «تەنقىد — ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئۇتۇقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى ئىزاھلايدىغان پەن.[1]» ئادەتتە

① پۇشكىن «تەنقىد ھەققىدە»، «غەرب ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن تاللانما» 2 - قىسىم، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1979 - يىلى 373 - بەت، خەنزۇچە.

تەنقىد ــ تەنقىدچى، ئوبزور - ئوبزورچى دېگەن ئۇقۇملار بەزىدە ئارىلاش قوللىنىلىدۇ.
كىنو ئوبزورى بىلەن كىنو تەنقىدى مەنە جەھەتتىن يېقىن بولىدۇ، لېكىن كىنو ئوبزورى ئادەتتە كىنو فىلىملىرىنى تەھلىل قىلىپ يىغىنچاقلايدىغان «باھا»غا قارىتىلغان. كىنو تەنقىدى كۈچلۈك ئىلمىيلىق، نەزەرىيىۋىلىك، مەنتىقىلىقا ئىگە بولۇپ كىنو ئوبزوردىن تېخىمۇ كەڭ، چوڭقۇر بولىدۇ. كىنو نەزەرىيىسى بىلەن كىنو تەنقىدى بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىككى تەرەپ، كىنو تەنقىدى كىنو نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ كىنو نەزەرىيىسىگە باراۋەر ئەمەس.
كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش تەنقىدنىڭ ئاساس ۋە تەييارلىق باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. زوقلىنىش ــ دىققەت، تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر، ھېسسىيات، چۈشىنىش، ئەقلىي ھۆكۈم قاتارلىق پسىخىكىلىق پائالىيەت جەريانلىرىدا تاشقى شەكىلدىن ئىچكى ماھىيەتكە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. شۇڭا زوقلىنىش جەريانى ئەمەلىيەتتە بىر خىل ھېسسىي تەسىرلىنىش باسقۇچىدىن ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا ئۆتۈش جەريانىدۇر.
تاماشىبىن ياكى تەنقىدچى (زوقلانغۇچى) كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسىرىنىڭ ۋەقەلىكى، ئوبراز، كۆرۈنۈش ۋە مەزمۇنىدىن بەلگىلىك تەسىرات ھاسىل قىلىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، تۇرمۇش ۋە كىشىلىك قارىشى، ھېسسىيات، تەسەۋۋۇرى ۋە پوزىتسىيە-

سىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەسەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش ، باش تېمىسى ، يېشىلىقى ، ئىدىيىۋى ھەم بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئايرىم تەرەپلەردىن ئومۇمىي تەرەپلەرگىچە كۆزىتىپ باھا بېرىدۇ . مۇۋەپپەقىيەت ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ . ئىجادىي يېشىلىقى ھەم ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ .

كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىدىن ئېستېتىك زوقلىنىش داۋامىدا شەخسىنىڭ ھېسسىيات خاھىشى كۈچلۈك ، سەنئەت ئىجادىيەت پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملىرىدىن خالىي بولىدۇ . لېكىن كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدى جەمئىيەتكە ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلەنگەچكە ، ئۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ، ئېستېتىك ۋە بەدىئىي پرىنسىپلار بويىچە كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىگە ھۆكۈم قىلىدۇ .

ئۇنداقتا كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدى دېگەن نېمە ؟

كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدى — كىنو - تېلېۋىزىيە نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئەسەرلىرىدىن ئېستېتىك زوقلىنىشنى ئاساس قىلىپ ، خىلمۇخىل كونكرېت كىنو - تېلېۋىزىيە ھادىسىلىرى ، كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى ۋە ئەسەرلىرىنى نەزەرىيە ۋە ئېستېتىكا ئۆلچىمى بويىچە تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل ئىجادىي پائالىيەتتۇر . ئۇنىڭ يادروسى تۈرلۈك كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى تەھلىل قىلىش ، باھا بېرىش ، ھۆكۈم قىلىش ۋە ئىزاھلاشتىن ئىبارەت . كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدى — كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىشىدە مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ . 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان ،

كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىنىڭ نوقۇل سىياسىي تەنقىد ياكى زوقلىنىش تەنقىدىدىن مەدەنىيەت ـــ ئېستېتىكا تەنقىدىگە بۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى مۇستەقىل بىر پەنگە قاراپ راۋاجلانماقتا . كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى مۇنداق بىرقانچە روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە .

بىرىنچىدىن ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى سەنئەت تەنقىدىگە تەۋە بولۇپ ئۇ كۈچلۈك ئىلمىيلىققا ، ئېستېتىكىلىققا ئىگە . كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى گۈزەللىك بىلەن سەتلىك ، چىنلىق بىلەن ساختىلىقنى كۆزىتىپ ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ، بەدىئىيلىك ، تەسىرچانلىق ، تىل ، كۆرۈنۈش ، مەنزىرە ، پېرسوناژلارنى باھالاپ ۋە ھۆكۈم قىلىدىغانلىقتىن ئۇنى ئېستېتىكا تەنقىد دېيىشكىمۇ بولىدۇ .

ئىككىنچىدىن ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپلىقنىڭ بىرلىكى . توغرا ، ساغلام كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى تەنقىدچىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشىنى كۆپتۈرمەي شەخسىي تەسىراتى ، باھاسى بىلەن ئوبيېكتىپ باھا ئۆلچەملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ، توغرا باھالاش كېرەك .

ئۈچىنچىدىن ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى تەنقىدچىنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرى بىلەن مەنتىقىي (لوگىك ) تەپەككۇرىنىڭ بىرلىكىنىڭ مەھسۇلى . كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى ھەم ھېسسىي تەسىراتچانلىق ، ئېستېتىك زوقلىنىشچانلىققا ، ھەم كۈچلۈك مەنتىقىلىق ، نەزەرىيىۋىلىك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ . كىنو ـ تېلېۋىزىيە نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىپ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە ھۆكۈم قىلىدۇ .

تۆتىنچىدىن ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى يالغۇز بىر فىلىمنى تەھلىل قىلىش ۋە باھا بېرىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن ، فىلىمنىڭ پەلسەپۋى قاتلىمىغا سىڭگەن مەدەنىيەت ، ئىنسان ۋە ھاياتلىق مەسىلىلىرىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ نەزەر سالىدۇ .

كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ توغرا باھا بېرىش ، مۇبالىغە قىلىپ ئاشۇرۇۋېتمەسلىك ، ياكى چۆكۈرمەسلىك ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ھازىرقى ئېقىم ، ئىدىيە خاھىش بويىچە ياخشى ، ناچار دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتمەي ، شۇ فىلىمنىڭ كونكرېت ، شارائىتى ئىچىگە قويۇپ تەھلىل قىلىش كېرەك . تۆۋەندىكى تۆت تەرەپنى كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىدە ئۆلچەم قىلىشقا بولىدۇ .

بۇلار : ① ئېستېتىكىلىق ئۆلچەم ② ئىلھاملاندۇرۇش قوزغىتىشچانلىق ئۆلچىمى ③ . كۆڭۈل ئېچىش (ئويۇن خاراكتېرى ) ئۆلچىمى ④ زوقلاندۇرۇش ئۆلچىمىدىن ئىبارەت .

ھەرقانداق بىر كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئەسەرى گۈزەللىك ۋە ئىلھاملاندۇرۇش قىممىتىگە ئىگە بولغاندا ئاندىن تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالايدۇ . كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى بۇ خىل ئېستېتىك قىممەتكە بەدىئىي تىپ ، دېتاللار ، كۆرۈنۈش ، ناخشا ـ مۇزىكا قاتارلىقلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق ئېرىشىدۇ . بىر فىلىمنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تەسىرلەندۇرۇش كۈچى فىلىم ۋەقەلىكى بىلەن ئوبراز ئىپادىلىگەن چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇندا ، يەنى چىنلىق ، ئالىيجانابلىق ، گۈزەللىك ھېسلىرى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ تاماشىبىنلارنى ئادەم ۋە ھاياتلىق توغرىسىدا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلا-

لىغاندا ئاندىن ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ .
كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغانلىقتىن ، كۆڭۈل ئېچىش (ئويۇن) خاراكتېرى ئۇنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئۆلچىمى ھەم ئالاھىدىلىكى مەيلى ھېكايە فىلىم ، كومېدىيىلىك فىلىم ياكى تارىخىي فىلىم بولسۇن ئۇ ئەقىلغا مۇۋاپىق قىزىقارلىق ، جانلىق دېتال ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق كىشىلەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلالىسا ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ روھىي جەھەتتىكى غەم - قايغۇ ، چۈشكۈنلۈك قاتارلىق پاسسىپ روھى ھالەتتىن ئازاد قىلىپ ئۈمىد ، ھاياجان بېغىشلىيالىسا ، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي كۆڭۈل ئېچىش رولىنى ئوينىيالىغان بولىدۇ . شۇڭا كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدىدە مۇشۇ تەرەپنى بىر فىلىمنىڭ ئۇتۇقلۇق چىققان ياكى چىقمىغانلىقىنى باھالاشتىكى مۇھىم ئۆلچەم قىلىشقا بولىدۇ . ھەرقانداق كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىش - قىلىنماسلىقىنى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئاممىنىڭ ئىنكاس ۋە باھاسى بەلگىلەيدۇ . شۇنداق ئىكەن ، كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدىنىڭ مەقسەت نىشانى ۋە تەنقىد مېتودى ساغلام ، ئىلمىي ، توغرا نەزەرىيە ۋە قاراشقا تايىنىشى كېرەك . ئالدى بىلەن توغرا ئىلمىي بولغان تەنقىد مېتودى كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدىنىڭ مەنىۋى ئاساسى . ئەگەر تەنقىد مېتودى توغرا ، ئىلمىي بولمىسا ، ھەرقانداق تەپەككۇر بولغان بىلەنمۇ ، يېتەرلىك ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ، تەنقىد سۆز ئويۇنى قىلىش دېگەنلىك ئەمەس . ئۇ چوقۇم ئىلمىيلىققا ئاندىن تىل گۈزەللىكىگە ئىگە بولۇشى لازىم . ئىلمىي بولمىغان تەنقىد سۆز - جۈملىلىرى ھەشەمەتلىك ، دەبدەبىلىك

ۋە ئاڭلاشقا جەلپكار بولسىمۇ، ئىنچىكە قارىغاندا ھېچ-قانچە يېڭىلىقى ۋە ئىلمىي قىممىتى يوق شەكىلۋازلىق-تىن باشقا نەرسە ئەمەس. مېنىڭچە، تەنقىد — ئوب-يېكتىپ، ھەققانىي، باراۋەر، خالىس، مەنتىقىگە ئۇيغۇن، پاكىت - دەلىللىرى تولۇق، ئىلھاملاندۇ-رۇش، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە، ئەتراپلىق، ئەمە-لىيەتچىل، راستچىل، يىراقنى كۆرەرلىك ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى بۈگۈنكى ئۇچۇر ۋە تەرەققىيات دەۋرىدىكى زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدە بىر خىل فورمىسى، ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ھەر كۈنى نۇرغۇن يېڭى ئۆزگىرىشلەر-نى ئېلىپ كەلمەكتە.

بىز مۇرەككەپ دەۋر ئېقىمىدا بىر خىل مەنىۋى ئەركىنلىكتە، گۈزەللىككە تەلپۈنۈپ ياشايدىكەنمىز، ئۇ ھالدا كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىدىنمۇ ئايرىلالماي-مىز. چۈنكى، بۈگۈنكى ئىنسان سەنئەتتىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدۇ. كىنو - تېلېۋىزىيىدىكى تەسىرلىك، رەڭگارەڭ بەدىئىي دۇنيانىڭ گۈزەللىكلىرى بىزنىڭ مەنىۋى ئوزۇقىمىز؛ ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزگە سىر-داش، تۇرمۇشىمىزغا ئۆرنەك، ھاياتىمىزغا ئەينەك بو-لۇپ، بىزنى دۇنيانىڭ، تۇرمۇشنىڭ مول ۋە رەڭدار گۈزەللىكىدىن ھۇزۇر ئېلىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش پۇر-سىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ھايات لەززىتىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ. تۇرمۇشتىكى ناچار ئىللەتلەر ۋە مەنىۋى كې-سەللىكلەرنى پاش قىلىپ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغۇزى-دۇ. شۇنىڭدەك، ھەر ۋاقىت ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش-كە، مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز ۋە ئەخلاقىي گۈزەللىكى-مىزنى ساقلاش، جارى قىلدۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولى-

دۇ .

كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى بولسا كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئىجادىيىتىنى نازارەت قىلىپ ئۇنىڭغا نەزەرىيە ئاڭ ۋە كۆزقاراش جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىدۇ . كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت ۋە ئىجتىمائىي ، ئېستېتىك قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوزغىتىش ، يول باشلاش رولىنى ئوينايدۇ .

دېمەك ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى — بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا ئېچىۋېتىش نەزىرى بىلەن مەدەنىيەتنى قوغداش ، تەشۋىق قىلىش ، ۋارىسلىق ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق يۈكسەك مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىك قىممەتنى يارىتىشتا ئۆزىگە خاس قىممىتى ۋە ئورنىنى نامايان قىلىدۇ .

**2 . ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىد ـ ئوبزورچىلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا باھا**

مىللىي كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش شوئارىنى قاتتىق توۋلاۋاتقان چاغدا ، تەنقىد ـ ئوبزورچىلىق ئۆتكەنكى 20 يىلدا كىنو سەنئىتى تەرەققىياتىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىيالىدىمۇ ؟ كىنو ئىجادىيىتى ساھەسىدىكىلەرگە زادى قانچىلىك تەسىر قىلدى ۋە ئۇلارنى ئويغا سالالىدى ؟

ئۇيغۇر كىنوچىلىق ساھەسىدىكىلەر بىلەن كىنو تەنقىدىنىڭ ھازىرقى مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا بىزنىڭ كىنو تەنقىدچىلىكىمىز كىنو سەنئىتى بوسۇغىسىدىن كىرەلمەي ، كىنو ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان سەنئەتكارلارغا ھېچقانچە تەسىر قىلالماي تەمتىرەپ

قالغاندەك تۇرىدۇ . مېنىڭچە تەنقىد — ئوبروزچىلىق-
نىڭ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىش بىلەن كىنو
ئىجادىيىتىنىڭ چېكىنىپ بۇگۇنكىدەك پالەچ ھالەتكە
چۈشۈپ قېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبىنىڭ بىرى كىنو
ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىلەن تەنقىد —
ئوبزورچىلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا پىكىر ئال-
ماشتۇرماسلىق ، ئۆزئارا ئۆگەنمەسلىك ۋە ئورتاقلىقى-
نى ھاسىل قىلالمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك . مەلۇم
مەنىدە ، بۇگۇنكى كىنو تەنقىدىنى كىنو سەنئىتى كەس-
پىدە ئوقۇمىغانلارنىڭ كىنو بوسۇغىسى تېشىدىكى تەن-
قىدى دېيىش مۇمكىن . ئۇنداق بولسا ، كەسپىي كىنو
تەنقىدىگە ئايلىنالمىغان بۇ تەنقىد كىنونى ھەقىقىي بىل-
مەيدىغان بەزى قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئوبزورىنى
كىنو تۇسىگە ئىگە قىلىشىمۇ ؟ راستتىنى
ئېيتقاندا ، كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى بىلەن ئەدەبىي
ئىجادىيەت ۋە ئوبزورچىلىق ئارىسىدا كەسپىي پەرق
چوڭ . كىنو - تېلېۋىزىيە يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋە
سەنئەتنى ئۇنىۋېرسال بىرلەشتۇرۇپ ئېكراندىكى جان-
لىق ئوبراز ۋە كۆرۈنۈش ئارقىلىق ئادەمنى تەسىرلەن-
دۇرىدىغان ، زوقلاندۇرىدىغان ۋە تەربىيىلەيدىغان بىر
خىل ئاممىۋى سەنئەت ھەمدە بىر خىل زامانىۋى ئۇچۇر
ۋاستىسى . ئەدەبىيات بولسا تىل ، يېزىق ۋاستىسى
ئارقىلىق ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى ئابستراكت ئىپادىلەي-
دىغان تىل سەنئىتى . بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ، گەرچە
ئوبزورچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار كىنو سەنئىتى
ئەسەرلىرىنى چۈشەنسىمۇ ئەمما نەزەرىيىۋى كەسپىي
بىلىمى پۇختا ئەمەس ، كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار كىنو ئەسەرلىرىنى باھالاش-

قا ، بۇ ھەقتە پىكىر قىلىشقا تېخىمۇ مۇناسىپ ئىدى .
چۈنكى ، سەنئەت تارىخىدا بىر مۇنچە رەسساملار ، ئۇس-
سۇلچىلار ، مۇزىكانتلار ۋە كىنو سەنئەتكارلىرى ئۆزى
شۇغۇللانغان كەسىپنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە
ئىزدىنىپ ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئىخچام ئاتالغۇ ھەم
نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان . ھەممە
سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش
نۇقتىسى ، كەسپىي ئالاھىدىلىكى بولغاندەك كىنو -
تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ساھەسى-
دىكىلەرنىڭ ئويلىشى ، باھالىشى ۋە ھۆكۈم چىقىرىشى
تېخىمۇ ئەقىلغا ئۇيغۇن كېلەتتى .
ھالبۇكى ، ھازىر كىنو - تېلېۋىزىيە ساھەسىدە
ئىشلەۋاتقان كىشىلەر ئىچىدە كىنو - تېلېۋىزىيە كەس-
پىنى مەخسۇس ئوقۇغان كەسىپ ئىگىلىرى ساناقلىق .
كېيىنكى يىللاردا رېژىسسورلۇق ، ئوپېراتورلۇق ۋە
تېخنولوگىيە كەسپلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان ئاز
ساندىكىلەردىن باشقىلار ئاساسەن دېگۈدەك تىل - ئەدە-
بىيات كەسپىدىنى ئوقۇغان خىزمەت تەقسىماتى تۈپەيى-
لىدىن كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ساھەسىگە كىرىپ
بۇ كەسىپ بىلەن تونۇشقان . ئۇزۇن مەزگىل مۇخبىر-
لىق ۋە ئوپېراتورلۇق قىلىش جەريانىدا ئېرىشكەن تەج-
رىبىلەرنى توپلاپ بەزىلەر رېژىسسورلۇق كەسپىگە ئۆت-
كەن . كىنو - تېلېۋىزىيە كەسپىدە ئىشلەۋاتقان مۇخ-
بىر ، رىياسەتچى ، رېژىسسور ، ئوپېراتور ۋە تېخنىك
خادىملار ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولسى-
مۇ ، كىنو - تېلېۋىزىيە نەزەرىيىسى قائىدە - قانۇنى-
يەتلىرى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىمى مۇكەممەل ،
سىستېمىلىق ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلىي

تەجرىبىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كىنو ـ تېلېۋىزىيە نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئېلىپ بارىدىغان، تەنقىد — ئوبزورچىلىق ئارقىلىق مىللىي كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئىجادىيىتىگە نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ يېتەكلەيدىغان مەخسۇس كىنو ـ تېلېۋىزىيە كەسپىي نەزەرىيە تەتقىقاتچىلىرى ۋە تەنقىدچىلىرى يوق دېيەرلىك. شۇڭلاشقا كىنو ـ تېلېۋىزىيە ھادىسىلىرىنى، قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى، نەزەرىيە ئىزدىنىش ۋە تەنقىد ۋەزىپىسى تەبىئىي ھالدا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تەتقىقاتچى ۋە ئوبزورچىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

شىنجاڭدا كىنو ـ تېلېۋىزىيە سېنارىيىسى يازىدىغانلار ۋە رېژىسسورلۇق قىلىۋاتقانلارنىڭ مەخسۇس كىنو ـ تېلېۋىزىيە كەسپلىرىدە ئوقۇمىغان، بەلكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات كەسپلىرىنى پۈتتۈرگەن ياكى يازغۇچىلىقتىن چىققان.

ئۇلار ئىشتىن سىرتقى قىزىقىش بىلەن سېنارىيە يېزىشتىن ئاز ـ تولا مەشىق قىلىپ، ھېكايىلەرنى ئۆزگەرتىپ ياكى توي ـ تۆكۈن، جامائەت سورۇنلىرىدا رەسىم تارتىپ، فىلىمگە ئېلىپ يۈرۈپ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى ساھەسىگە كىرىپ قالغان. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىد ئوبزورى يېزىۋاتقانلارمۇ بۇ سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدىغان تاماشىبىن سۈپىتىدە باھا، تەسىراتلارنى يېزىپ كىنو ئوبزورچىسى بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى ئاندا ـ ساندا كىنو تەسىراتى يېزىپ قويىدىغانلار بولۇپ، پەقەت ئاز بىر قىسىم كىنو تەنقىدچى — ئوبزورچىلىرى مىللىي كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە دىق-

قەت قىلىپ ، ئىزچىل تۈردە كىنو ـ تېلېۋىزىيە نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە .

ئەپسۇسكى ، شىنجاڭدىكى مىللىي كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى خادىملىرى ، سىنارىست ، رېژىسسور ، ئوپېراتور ۋە ئارتىسلار ، فىلىم ئىشلىگۈچىلەر ئامىمىنىڭ تەلىپى ، جەمئىيەتنىڭ ۋە تەنقىد ساھەسىنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرىگە پەرۋا قىلماي سۈپەتسىز تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشلەۋەردى . فىلىم ئىشلىگۈچىلەر سىنارىيىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئەدەبىي مەسلىھەتچى ، تارىخ ، ئۆرپ ـ ئادەت مەسلىھەتچىسى تەكلىپ قىلماي ، بەزى مەسئۇلىيەتچان پېشقەدەم سەنئەتكارلارنىڭ پىكرى ۋە تاللىشىغا ھۆرمەت قىلماي ئۆزىنىڭ ھەممىگە باب «ئىقتىدارى»نى ئىشقا سېلىپ بازاردا نېمە پۇل بولسا شۇنى ئويلاپ ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرۈپ كىنو ـ تېلېۋىزىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئېستېتىك قىممىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتتى . ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنىڭ ، بولۇپمۇ كىنو تەنقىد — ئوبزورچىلارنىڭ باھاسى ، كۆزقارىشى ۋە تەنقىد — تەكلىپ پىكرىگە پىسەنتمۇ قىلمىدى . ئەكسىچە ئۇلار كىنو دېگەن كىنو ، ئۇ بىر سەنئەت ، ئەدەبىيات دېگەن ئەدەبىيات ، ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نەزەرىيە تەنقىدچىلىرىنىڭ ئابستراكت ، قېتىپ قالغان ئاتالغۇ ، چۈشەنچە ۋە بايانلىرى كىنوغا ماس كەلمەيدۇ ، ئۇلار كىنو سەنئىتىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدۇ دەيدىغان مەنسىتمەسلىك پوزىتسىيىسىدە كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىنىڭ رولىغا سەل قاراپ كەلدى ھەم ئۇنىڭ سادالىرىغا قۇلاق سالمىدى .

دەرۋەقە ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچى-لىكى ۋە ئوبزورچىلىقى تاكى 90 ـ يىللارغىچە كۆپىنـ-چە ، نوقۇل نەزەرىيىۋى رامكا ، قاتمال ئۆلچەم بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ، ئىجتىمائىي تەنقىد ، ئەدە-بىي سۆز ـ ئاتالغۇلار تەنقىدگە ئايلىنىپ قېلىپ ئەدەبى-يات ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىدىكى مەدەنىيەت ، تارىخى ، ئېستېتىكىلىق مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنال-مىدى . نۇرغۇن كەسپىي مەسىلىلەرنى توغرا ئىزاھلاپ ھەل قىلىپ بېرەلمىدى . ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىمۇ تېخى 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ ئاستا ـ ئاستا شەكىللەنگەچكە ، تا يېقىنغىچە ئەدەبىي تەنقىد — ئوبزورنىڭ ئاز ـ تولا كىنولاشقان نۇسخىسى شەكلىدە داۋاملىشىپ كەلدى . ئىلگىرى يېزىلغان بەزى كىنو ئوبزور ماقالىلىرى ئەمەلىيەتتە كىنونىڭ ۋەقەلى-كىنى قايتا سۆزلەپ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىدىغان ، ئۆ-زىنىڭ ئىلھام تەسىراتىنى بايان قىلىشنى ئاساس قىلى-غان تونۇشتۇرۇش ، تەشۋىقات ياكى تەسىرات بولۇپ ئۇنى بىر كىنو ئەسىرىنى كىنو نەزەرىيىسى ۋە كىنو ئېستېتىكىسى نۇقتىسىدىن چىقىپ كىنو تىلى بىلەن چوڭقۇر كونكرېت تەھلىل قىلىپ مەلۇم نەزەرىيىۋى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان كىنو تەنقىدى دېگىلى بولمايدۇ . يەنە بەزى ماقالە ـ ئوبزورلاردا كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى ھادىسىلىرى ۋە ئەسەرلىرىنى توم-تاق ، مەۋھۇم ئەدەبىي ئاتالغۇ ۋە چۈشەنچىلەر بىلەن ئىزاھلاشقا زورۇقۇپ كېتىش ئېغىر . كىنو ـ تېلېۋى-زىيە ئەمەلىيىتى بىلەن تازا ماس كەلمىگەن . بۇ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيەتچىلىرى ۋە سەنئەت ساھە-سىدىكىلەرنىڭ تەنقىد — ئوبزورغا دىققەت قىلماسلى-

قى ، پەرۋاسىز قارىشى ۋە ئورتاقلاشماسلىقىدىكى مۇ-
ھىم بىر ئامىل . شۇ تۇپەيلىدىن ، كىنو - تېلېۋىزىيە
ئوبزورچىلىقى — ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆزى
سۆزلەپ ئۆزى قايناپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ،
ئەمەلىيەتتە سەنئەت ۋە كىنو ساھەسىدە تەسىر ، غۇلغۇ-
لا پەيدا قىلالمايدىغان ، تۇزۇك بىر مەسىلىنى ھەل
قىلالمايدىغان شەكىلۋازلىق تەنقىدىدەك بىر كۆرۈ-
نۇشىنى پەيدا قىلدى . ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە
تەنقىدى — ئوبزورچىلىقىنىڭ مۇنداق ئوسال ئەھۋالدا
تېنەپ قېلىشىدا ئۇنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەبمۇ بار ، ئەمما
كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئىجادىيەتچىلىرى ۋە سەن-
ئەتكارلىرىنىڭ تېخىمۇ مەسئۇلىيىتى بار . ئەسلىدە
ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ، كىنو تەنقىدچى-
لىرى بىلەن كىنو ئىجادىيەتچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى
ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىش ، پىكىر
ئالماشتۇرۇش ، ئورتاقلىق ھاسىل قىلىش كېرەك ئى-
دى . ئەمما ، ئەدەبىيات - سەنئەت خۇسۇسەن كىنو -
تېلېۋىزىيە سەنئىتى ھەققىدىكى مۇھاكىمە ، يىغىلىش
ۋە سۆھبەتكە كىنو تېلېۋىزىيە ئىجادىيەتچىلىرى ھەمدە
سەنئەتكارلىرى ئەزەلدىن قىزغىن قاتنىشىپ باقمىدى
ياكى بولۇۋاتقان غۇلغۇلا تەنقىدكە نىسبەتەن ئىنكاس
قايتۇرمىدى . كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىم ئىشلىگۈ-
چىلەر قانداق قىلىپ بىر فىلىمنى تېزرەك بازارغا
سېلىپ جىقراق پايدىغا ئېرىشىش كويىدا ئالدىراش ،
ئارتىسلار بولسا بىر ئاماللار بىلەن كۆپرەك رول ۋە
سەھنە تېپىپ نام چىقىرىش كويىدا «ئامموۋى مۇناسى-
ۋەت» ئىشلىرى بىلەن كېچە - كۈندۈز «ئالدىراش» . مۇن-
داق شارائىتتا كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىد — ئوبزور-

چىلىقىنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرگە تەسىر كۆرسە-
تىپ ئۆز بۇرچىنى ئورۇنلىشىمۇ قىيىن بىر مەسىلە .
لېكىن شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى ، كىنو - تېلېۋى-
زىيە سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى — تەنقىدتىن
ئايرىلالمايدۇ . كىنو ۋە تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى ئەسەر-
لىرىنى باھالاپ ، تەھلىل قىلىپ ۋە تەنقىد قىلىپ
تۇرغاندىلا تەجرىبە - ساۋاقنى يەكۈنلەپ كىنو - تېلې-
ۋىزىيە ئىجادىيىتىدە ئېسىل ، يېڭى ئەسەرلەرنى ياراتـ-
قىلى بولىدۇ . ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىدچى ۋە ئوبزور-
چىلىرىنىڭ تارىخى ، ئەدەبىيات ، پەلسەپە پەنلىرى بويى-
چە بىرقەدەر سىستېمىلىق ئىلمى بار بولسىمۇ ، ئۇلار
كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلەش ، سۈرەتكە
ئېلىش مەشغۇلاتىغا بىۋاستە قاتناشمىغاچقا ، بەزى
ئىنچىكە نەزەرىيۋى مەسىلىلەردە چەكلىمىگە ئۇچراي-
دۇ . رېژىسسور ، ئوپېراتور ۋە ئارتىسلارنىڭ بىۋاستە
ئەمەلىيەت جەريانىدىكى ھېسسىياتى ، تەجرىبىسى ۋە
بىلىمى كىنونى چۈشىنىشتە ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئۇي-
غۇنلاشتۇرىدۇ . پەقەت كىنو تېخنىكىسى ، كىنو نەزە-
رىيىسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان «كىنو تىلى»
ئارقىلىق قانات يايغان تەھلىل ، باھا ۋە تەنقىد ھەقىقىي
كىنو كەسپى ئېڭى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان كىنو تەنقى-
دى بولالايدۇ . بۇ يەردە ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە
ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ ئاڭلىق كەسپىي ئېڭىنى تەشەب-
بۇس قىلىش بىلەن بىرگە كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدى-
دىمۇ كەسپىي كىنو ئېڭىنى تەۋسىيە قىلىش زۆرۈر .

**3 . ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى ھەق-
قىدە ئويلىنىش**

يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋى-

ـزىيە ئىجادىيىتى كەسكىن بازار ئىقتىسادىي رىقابىتىگە دۇچ كېلىۋاتقان شارائىتتا كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىد- چىلىكىمۇ هازىرقى كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى ئالدىدا قاتمال ئورۇنغا چۈشۈپ قال- ماقتا . بارغانسېرى رەڭدار شەكلى بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلىۋاتقان كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەشۋىقات ئېلان ۋاستىلىرى ئارقىلىق يەنى فىلىملەرنى تونۇشتۇ- رۇش ، تەهلىل قىلىش ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئەت- كەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش ، گېزىت ـ ژۇرناللار قاتارلىق شەكىللەر كىنو تەنقىدى ۋە ئوبزورچانلىقىنىڭ يېڭىچە مەۋجۇتلۇق شەكلىگە ئايلانماقتا . شۇڭا ئۇيغۇر كىنو تەنقىدچىلىكىنىڭ چىقىش يولىنى قايتا ئويلانماي بولمايدۇ ، ئۇنداقتا كىنو تەنقىدىنى كىم كۆرىدۇ ؟

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنـ قىدى — كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى ۋە هادىسى- لىرىنى تەهلىل قىلىش ئارقىلىق كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ئۇنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان پائالىيەت . نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ، ئىلمىي- لىق بىلەن ئاممىۋىلىقنى بىرلەشتۈرۈش كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى . ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ، دەۋر ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن بىللە ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ هەربىر باسقۇچىتىكى ئەھ- ۋاللىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى .

80 ـ يىللار ئۇيغۇر كىنو تەنقىدچىلىكىنىڭ شە- كىللىنىش باسقۇچى بولۇپ ، بۇ مەزگىلدە تەنقىد ئاسا-

سەن سىياسىي ، ئىجتىمائىي تەنقىد بولۇپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ، ئىسلاھات روھى — كىنو تەنقىدىنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلدى . 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر كىنو تەنقىدى — مەدەنىيەت ئېستېتىكا ۋە نەزەرىيە تەرەپكە قاراپ بۇرۇلدى . كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئېستېتىك قىممىتى جەھەتتىن باھالاپ ۋە تەھلىل قىلىپ ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىنىڭ ئىستىقبالى نۇقتىسىدىن كىنو - تېلېۋىزىيىسىگە باش قاتۇرۇش ، ئويلىنىشتەك ئىدېئولوگىيىلىك يۈزلىنىشنى بارلىققا كەلتۈردى . گەرچە كىنوچىلىقتا ئائىت خېلى كۆپ تەنقىد ماقالىلىرى يېزىلغان بولسىمۇ ، ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىلمىي سەۋىيىسىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەزەرىيىۋىلىكى كۈچلۈك ئىجادىيلىقتا ئىگە كەسپىي كىنو تەنقىدى بەك ئاز . تەسىرات ، باھا ، تونۇشتۇرۇش شەكلىدىكى بايان ، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك ئوبزور ماقالىلەر بىرقەدەر كۆپ ، مەدەنىيەت ، پەلسەپە ، ئېستېتىكا جەھەتتىن ئىچكىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىش تېخىمۇ كەمچىل .

تەنقىد — ھەقىقىي سەنئەت ئەسىرى بىلەن ساختا سەنئەتنى ئايرىپ ھەقىقىي سەنئەتنىڭ قىممىتى ھەم ھاياتىي كۈچىنى مەدھىيىلەپ سەنئەتنى توغرا تەرەققىيات يولىغا سالىدۇ . تەنقىد — ئىجادىيەتچى ۋە زوقلانغۇچىنى دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ . ئەگەر كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە تەنقىد جانلانمىسا ئۇ چاغدا سەنئەت ئىجادىيىتى ماھىيەتلىك ئىلگىرىلىمەيلا

قالماي، بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ ياكى چېكىنىدۇ، «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دەيدىغان ساختا سەنئەت قارىشى باش كۆتۈرۈپ، شەكىلۋازلىق كۈچىيىپ ئىنسان روھىنى قوزغىتالايدىغان ئېسىل سەنئەت ئەسەرلىرى بارلىققا كېلەلمەيدۇ.

ئىجادىي، ساغلام ۋە ئىلمىي كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدى ئاللىقانداقتۇر تەنقىدچىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىش، شەخسىي پايدىسى ئۈچۈن كۆپتۈرۈپ گەپ يورغىلىتىش، «يېغىرىنى تاتىلاش»، «پاش قىلىش» ياكى ئاز - تولا يېتەرسىزلىكلىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ بەتىجىسىنى كۆرمەي «جاجىسىنى بېرىش»، «ئەدەپلەش» ۋە ياكى مەلۇم ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلىپ راسا دۇمبالاپ ئۇجۇقتۇرۇپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان «توقماق» ئەمەس. تەنقىدچى ئۆزىنىڭ تەنقىد پەزىلىتى، ئىلمىي تەنقىد ئىستىلى ۋە كەسپىي ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ سالماق ۋە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن سەنئەت ئەسىرىنى باھالاش كېرەك.

كىشىلەر كىنو - تېلېۋىزىيىدىن زوقلانغان چاغدا ئۇنىڭ مەدەنىيەت ۋە پسىخىك ئېڭىدا مەلۇم قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى ۋە گۈزەللىك قارىشىدىن قۇرۇلغان «مۇداپىئە قورغىنى» ئىچىدە تۇرۇپ كىنونى كۆرۈپ زوقلانمىسا، ئۇ چاغدا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماي، ئۇنىڭ ناچار، سەلبىي تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىدىيىسىنى بۇلغىۋالىدۇ. كىنو - تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىدىن زوقلىنىش ۋە ئىستېمال ئېڭى كۈچەيگەن بۈگۈنكى دەۋردە، كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدى كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك زوق جەھەتتىكى قىزىقىش ۋە

ئىنتىلىشلىرىنى توغرا نىشانغا يېتەكلەش بىلەن بىللە سەنئەتنىڭمۇ جەلپ قىلىش كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ . تا يېقىنغىچە كىشىلەر كىنو - تېلېۋىزىيىدە نېمىنى تەنقىد قىلىش ، قانداق تەنقىد قىلىشنى تازا بىلەلمىگەچكە ، بەزىدە تەنقىدنى «تەشۋىق قىلىش» ياكى «ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش» دەپ چۈشىنىۋالغان بولسا ، بەزىدە «پاش قىلىش» ، «سۆكۈش» ، «مەسىلە تېپىش» مەنىلىرىدە چۈشەندى ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدى . كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدى ئەسلىي مەنىسىدىن چەتنەپ كەتتى . ھەر كىم ئۆز پايدىسى ئۈچۈن كۆتۈرۈپ چىقىپ باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى بىراقلا ئىنكار قىلىپ يوق قىلىۋېتىدىغان شەخسىي مەنپەئەتنىڭ ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالدى .

90 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ دۆلەت ئىچىدە ئۈچۈر ۋاستىلىرى ئارقىلىق مەدەنىيەت تەنقىدىنى قانات يايدۇرۇش كىشىلەر ياقتۇرىدىغان بىر خىل شەكىلگە ئايلاندى . كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزە سەھنە ۋە ئېكران ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىپ تەنقىدنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئاممىنىڭ ساداسىغا ئايلاندۇردى . ئەمما ، ئۇيغۇرلاردا كىنو - تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەنقىد مۇلاھىزە ئېكران ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش جەھەتتە تېخى ئويلىنىش بولمىدى . كىنو ئىجادىيىتى جەريانىنىڭ ئۆزگىرىشى كىنو تەنقىدىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ . كىنو تەنقىدى كىنو - ئىجادىيىدتىگە ئىلھام بېرىدۇ ، نازارەتچىلىك قىلىدۇ ھەم يېتەكلەيدۇ ، ئەمما شۇنىمۇ ئېنىق تونۇش زۆرۈركى ، كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى ئىقتىسادىي مەبلەغ تە-

رىپىدىن كونترول قىلىنىۋاتقان مۇھىتتا ، ئىقتىسادىي
پايدا قىممىتى — كىنونىڭ يېتەكچى نەزەرىيىسىگە
ئايلىنىپ قالماقتا . شۇڭا كىنو ئىجادىيەتچىلىرىمۇ كى-
نو تەنقىدىدىن ئۆزىگە پايدىلىق نەپكە ئېرىشىشنى ئوي-
لايدۇ . ئوبزور تەنقىدتىن ئالقىش ، ماختاشلارنى ئاڭ-
لاپ قانائەتلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ . ھازىر تېلېۋىزىيە
ئائىلە كىنوخانىسىنىڭ بارغانسېرى ئومۇملىشىشى كى-
نوغا بېسىم ۋە رىقابەت ئېلىپ كەلدى . كىنو فىلىمى-
نىڭ VCD پلاستىنكىسى قىلىپ ئىشلىنىشى بىلەن
كىشىلەر ئائىلىدە ئولتۇرۇپلا كىنو كۆرىدىغان بولدى .
مۇنداق شارائىتتا كىنو كەلگۈسىدە قانداق ئۇسۇلدا
داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، دېگەن مەسىلە كىنو
سەنئەتكارلىرىنىڭ ۋە كىنو ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا
جىددىي قويۇلماقتا . ئەگەر كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدى
ۋە ئوبزورنى كىنو ئىشلىگۈچىلەر ئاڭلاشنى خالىمى-
سا ، تاماشىبىنلار ئائىلىسىدە ئولتۇرۇپ كىنو كۆرگەچ
ئۆزىلا باھالىسا ، ئۇ چاغدا كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدىنى
داۋاملىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ ، يوق ؟ ئەگەر
بولسا ئۇنىڭ چىقىش يولى نەدە ؟ ھازىر كىنو - تېلېۋى-
زىيە فىلىم تەشۋىقاتى ، گېزىت ، رادىئو - تېلېۋىزور ،
ئېلان تاختىلىرى قاتارلىقلار كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقى-
دى تارقىلىدىغان ۋاستىگە ئايلانماقتا . تېلېۋىزىيىدى-
كى كىنو - فىلىم تونۇشتۇرۇش ۋە داڭلىق فىلىملەر
ھەققىدىكى سۆھبەت قاتارلىقلار كىنو تەنقىدىنىڭ بۇ-
نىڭدىن كېيىنكى تارقىلىش يولى ۋە مەۋجۇت بولۇش
شەكلىدۇر . شۇڭلاشقا كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىد —
ئوبزورنى خەلق ئاممىسىنىڭ قەلب ساداسىغا ئاي-
لاندۇرۇش ، ئۇلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تەنقىدنى

ئېستېتىك گۈزەللىك ساھەسىگە يۈزلەندۈرۈپ جەلپ
قىلىش ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش ، ئىخ-
چام ، قىزىقارلىق ، ئاممىباب ، تىلى ئۆزگىچە ، تەسىر-
لىك قىلىپ ئامما ياقتۇرىدىغان شەكىلگە ۋە سەنئەت
ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىشنى ئويلىنىش كېرەك .

# ئالتىنچى باب تەسىرات، تەنقىد ۋە مۇھاكىمە: ئېكراندىن تۇغۇلغان ئويلار

## 1. كومېدىيىلىك كىنو فىلىمىدىكى خاراكتېر تونۇشى ۋە ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتى

—— «موللازەيدىن» فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي مۇھىت ۋە ئالاھىدە تۇرمۇش شەكلى قوينىدا يېتىلگەن ئۆزگىچە مىجەز - خۇلقى، يۇمۇرىستىك پىسخىكىسى ۋە جەمئىيەتتە بولغان ئىنكاسى سەنئەتنىڭ ھەربىر تارماق ئېقىنلىرىغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ مىللىي ئېستېتىك زېمىندا سەنئەت ئىجادىيىتى كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق ھالەتكە ئىگە بولغان. ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىيات يولىدا بۇ مىللىي تۇرمۇش زېمىنى ۋە پىسخىك ئۆزگىچىلىكىنى يورۇتۇش بۈگۈنكى ئىزدىنىش قەدىمى ۋە تەجرىبە مېۋىسى، ئەتىكى يۈكسىلىش يۆنىلىشى بولۇپ كەلدى. «موللازەيدىن» فىلىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بۇ مىللىي تۇرمۇش زېمىنىنىڭ كىنوچىلىق ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈن پۈتمەس بۇلاق، ئېچىلمىغان بوز يەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى تىرىشىپ قېزىشنىڭ چوڭقۇر قىممىتىنى تونۇتتى. «موللازەيدىن» قىسسە ئۇسلۇبىدىكى كومېدىيىلىك فىلىم بولۇپ بۇ خىل كىنو قۇرۇلمىسى ئەڭ دەسلەپ 30 -

يىللاردا ئىتالىيىدىكى ئەنئەنىۋى كومېدىيىلەشتۈرۈش
پرىنسىپى بويىچە «يېڭى رېئالىزم» ئەدەبىي مېتودىدا
ئىجاد قىلىنغان . «موللازەيدىن» فىلىمىدە ئالاھىدە
بىر خىل مىللىي ۋە تىپىك مۇھىت بار ، شۇنداقلا
خاراكتېرى تولۇق يارىتىلغان ئوبرازلار بار . ئۇنىڭ
ئىدىيىۋىلىك ، بەدىئىيلىك قىممىتىدىن باشقا ئېستې-
تىك ۋە پەلسەپىۋى گۈزەللىك قىممىتىمۇ خېلى گەۋدى-
لىك .

بىزگە مەلۇم ، كومېدىيىلىك فىلىم كۈلكە پەيدا
قىلىدىغان ئاشۇ كۈلكە ئىچىگە يوشۇرۇنغان مەلۇم ئىج-
تىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ۋە پاش قىلى-
دىغان بەدىئىي ئەسەردۇر . «موللازەيدىن» فىلىمىنىڭ
ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى مەسىلىمۇ مېنىڭچە فىلىمدە ئوب-
رازلارنىڭ كومېدىيىلىك توقۇنۇش ئارقىلىق بىر خىل
ئالاھىدە ئېستېتىك قىممەت يارىتىپ پەلسەپىۋى مەسى-
لىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىدۇر . مۇبادا ، بىر كەشپى-
ياتچى پەلسەپىۋى ئىدىيىدىن مەھرۇم قالسا ، ئۇ بىر
تۆمۈرچىگە ئوخشاپ قالىدۇ . بىر سەنئەتكارمۇ ئوخ-
شاشلا پەلسەپىۋى مەسىلىنى ئويلىمىسا ئۇ پەقەت كى-
شىلەرنى ئويۇن بىلەن تەمىنلەيدىغان خادىم بولۇپ قا-
لىدۇ ، خالاس . ھەقىقىي مەسئۇلىيەتچان بىر كىنو
ئىجادىيەتچىسى ئالدى بىلەن مەيلى تراگېدىيىلىك ياكى
كومېدىيىلىك فىلىم بولسۇن ، ئۆزى ئىشلىگەن فىلىم-
نىڭ كىشىلەرنىڭ رېئاللىقنى ، تۇرمۇشنى چۈشىنىشكە
ياردەم بېرەلەيدىغان ياكى بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاي-
دۇ . ئەگەر كىشىلەر فىلىمدىن مەلۇم تۇرمۇش ، ھايات
پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلالىسىلا ، مانا بۇ شۇ
فىلىمنىڭ قىممىتى ، شۇنداقلا سەنئەتكارنىڭمۇ شەرد-

پىدۇر .

«موللازەيدىن» فىلىمىنىڭ ئېستېتىك ، پەلسەپى-ۋى جەھەتتىكى قىممىتى ئوبرازلار خاراكتېرىنىڭ رو-شەن ، كەسكىن يارىتىلغانلىقىدا . كومېدىيىلىك فى-لىملەردىكى خاراكتېر توقۇنۇشى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ . بىرى ، بىر سىنىپ ياكى ئوخشاش تەبىقە ئىچىدىكى مىجەز - خۇلقى ، تۇرمۇش ئادىتى ئوخشىماي-دىغان ئازدۇر - كۆپتۇر تۇرمۇش زىددىيەتلىرىگە تول-غان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ خاراكتېر توقۇنۇشى . يەنە بىرى ، دۇنيا قاراش ، سىنىپى ئورۇن ، مەيدان جە-ھەتتە تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان ئوبرازلارنىڭ خا-راكتېر توقۇنۇشىدۇر . «موللازەيدىن» فىلىمى تارى-خىي قىسسە ھەم بەدىئىي فىلىم بولۇپ بارلىق ئوبراز-لاردا ئۆزىگە خاس خاراكتېر بار . ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ فىلىمدە قارىمۇقارشى ئىككى خىل سىنىپنىڭ ۋەكىل-لىرىنىڭ ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل ، كۈچلۈك مەسخىرىسى ئارقىلىق زىددىيەت كەسكىن راۋاجلىنىدۇ . ۋاڭ خو-جا ، ۋەلىخان بەگ قاتارلىق سەلبىي ئوبرازلار بىلەن موللازەيدىن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەش فى-لىمدە باشتىن - ئاخىر كومېدىيىلىك قىزىقچىلىق ئۇستىگە قۇرۇلغان . ھەربىر ئوبراز مەيلى قايسى سى-نىپقا مەنسۇپ بولمىسۇن تولىمۇ چىن ، تىپىك ، جانى-لىق سۈرەتلەنگەن . ئۇنىڭ خاراكتېر توقۇنۇشىدىن پەي-دا بولغان ئېستېتىك قىممەت ۋە پەلسەپىۋى يۇكسەك-لىك مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنى-دۇ : بىرىنچى ، پېرسوناژلار تەقدىرى ئارقىلىق پەلسە-پىۋى گۈزەللىك ۋە ئىدىيىسىنى يوشۇرۇن گەۋدىلەن-دۇرگەن . كىنو سەنئىتىدە سۇژىتنىڭ بىر پۈتۈن تە-

رەقىبياتىدا پېرسوناژنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ئارقىلىق سەنئەتكارنىڭ تۇرمۇشقا، كىشىلەرگە ۋە مۇئەييەن جەمئىيەت ئەھۋالىغا بولغان باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مەلۇم تۇرمۇش ھەقىقىتىنى تونۇتىدۇ. ئوبرازنىڭ تەقدىرىنى ھامان ئۆزىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ. «موللازەيدىن» فىلىمىدىكى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى تەبىقىدىكى ئوخشىمىغان خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ئۆز مىجەز - خۇلقىغا يارىشا ھەل قىلىنغان. ئۆز قىلمىشىغا يارىشا خاراكتېر پەرقى يورۇتۇلغان. مېھنەتكەش خەلققە باشپاناھ، تەقدىرداش بولغان ساپ دىل، زېرەك موللازەيدىن ئۆز تاشقى شەكلى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنىڭ پاكلىقى بىلەن خۇنۇكلۇك ئۈستىدىن ھامان غالىب كېلىپ ئاخىرغىچە خەلقنى قوغدايدۇ. موللازەيدىننى كۆڭلىدە مالاي، كۆڭلىنى ئاچىدىغان خىزمەتچى دەپ قارىغان ئەخمەق ۋاڭ ئۆزىنىڭ موللازەيدىن تەرىپىدىن ئالدىنىپ مات بولغىنىغا چىدىماي ئاچچىق يۇتىدۇ. ساختىپەز، خۇشامەتچى، مەنسەپ - مەرتىۋە تەمەسىدە يالىڭاچ خەلقنى قامچا ئاستىغا ئېلىپ، ۋاڭغا كۇچۇكلىنىدىغان ۋەلىخان بەگ موللازەيدىننى تۇتالماي ئەكسىچە ئۆزى قۇرغان قاپقانغا ئۆزى چۈشۈپ ئاخىرىدا پۇتۇنلەي ساراڭ بولۇپ چۆللەرگە كېتىش بىلەن بۇ مۇلاھىزە ھۆكۈملىنىدۇ. چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك مەدھىيىلىنىدۇ. زۇلۇمخورلۇق، رەزىللىك، خۇنۇكلۇك ۋە ساختىلىق پاش قىلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەلۇم ئىش، ۋەقە ئارقىلىق ئېستېتىك قىممەت ۋە پەلسەپىۋى گۈزەللىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تۇرمۇش تولىمۇ كەڭ ۋە تولىمۇ رەڭدار،

ئۇيغۇر كىنوچىلىقى ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ تارىخى سەرگۈزەشتىلىرىلا ئەمەس، كەڭ ئۇيغۇر خەلق ھاياتى پۈتمەس ماتېرىيال مەنبەسىدۇر. «موللازەيدىن» فىلىمىدىكى ئوبرازلارنىڭ خاراكتېر توقۇنۇشى تىپىك مۇھىت ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ ھاشارغا ھەيدەش ۋەقەسى، ۋاڭ ئوردىسىدىكى بەزمە، سېلىق يىغىش، كۆك كەپتەر جازاسى قاتارلىق چوڭ دېتاللاردا ۋاڭنىڭ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن چىرىكلىكى، ھاماقەتلىكى؛ ۋەلىخان بەگنىڭ ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى، جازانىخورلۇقى، موللازەيدىننىڭ زېرەك، پەم - پاراسەتلىك، ئادالەت، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھى ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. موللازەيدىن ۋاڭغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ، ۋاڭمۇ نەزىرىدە ئۇنى پەقەت مالاي ئورنىدىلا كۆرىدۇ. روھى دۇنياسى تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان بۇ ئوبرازلار بىر سورۇندا گويا كونا دوستلاردەك كۆرۈنىدۇ. موللازەيدىن بولسا پۈتۈنلەي كۈلكە - چاقچاق ئىچىدە ۋاڭغا ئوق ئاتىدۇ. ئەمما ئەخمەق ۋاڭ تا ئاخىرغىچە موللازەيدىننىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇ ھەسرەت يۇتۇپ تۇتۇشقا پەرمان بەرگەندە موللازەيدىن ئاللىقاچان يىراققا كېتىدۇ. مانا بۇ كىشىنى تېخىمۇ كۈلكىگە سالىدىغان ھەم قايىل قىلىدىغان خاراكتېر توقۇنۇشىدۇر. شۇنداقلا، ئىككى ئوبرازدىكى ئىككى سىنىپنىڭ دۇنيا قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتۇر.

ئۈچىنچىدىن، ھەجۋىي ئوبرازلارنىڭ تەقدىرى ئارقىلىق پەلسەپۋى ئىدىيە ئىپادىلەنگەن. «موللازەيدىن» فىلىمىدىكى ۋەلىخان بەگ تىلىدىن زەھەر، قامچىسىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان، ئايىغىدا گۈل چەي-

لەيدىغان غالچا ئەمەلدار ، ئۇ تېخىمۇ يۇقىرىراق مەن-
سەپ ۋە مەنپەئەت تەمەسىدە نامراتلارنى قاقتى - سوق-
تى قىلىپ قاقشىتىدۇ . ۋاڭنى كۆرگەندە ئۆزىنى شۇ
جەمەتتىن قىلىپ كۆرسىتىش بىلەن ئازراق نەپ ئې-
لىش غەرىزىدە يەر سۆيۈپ كۇچۇكلىنىپ كېتىدۇ .
ئۇنىڭ ئاچ كۆز ، ئىككى يۈزلىمە ، رەزىل قىلمىشى
موللازەيدىنىنىڭ ئۇستىلىق بىلەن قۇرغان تۇزىقى ۋە
ھەجۋىي تىلدا شەرمەندە ۋە خانىۋەيران بولۇپ چۆللەرگە
كېتىدۇ . ۋەلىخان ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى بەدىئىيلىك
جەھەتتە موللازەيدىن ئوبرازىدىنمۇ ھالقىپ كېتىدۇ . بۇ
رولنى ئالغان تالانتلىق ئۇيغۇر كىنو رېژىسسورى تۇي-
غۇن ئەھمىدى ۋەلىخان خاراكتېرىنى ئىنتايىن ئۇتۇق-
لۇق ياراتقان . بۇ ھەجۋىي ئوبرازنىڭ ئاخىرقى تەقدى-
رىنى فىلىمنىڭ يالغۇز كۇلكە قوزغىتىش ئۇچۇنلا ئە-
مەس ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭدا ھايات پەلسەپىسى ۋە
پەلسەپىۋى ئىدىيىنىڭمۇ يۇكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەن-
گەنلىكىنى كۆرىمىز .

## 2 . «بۆرە كۆلەڭگىسى»دە ئويغانغان ئەپسانىۋى روھ

— كانادا رەڭلىك ھېكايە فىلىمى «بۆرە كۆلەڭگىسى» ھەققىدە مۇلاھىزە

تارىخ — سۇكۇتكە تولغان ئېقىن . ئۇ توقۇنۇش ،
قىساس ، سۆيگۈ ، ئۆلۈم ۋە قايتا تۆرىلىشتەك توختاۋ-
سىز ھەرىكەت جەريانلىرىنى تۇپ لىنىيە قىلغان بولى-
دۇ . ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى ئىنسان رو-
ھىيىتى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئېڭىنى بەدىئىي ھايات
كەيپىياتلىرىغا ئايلاندۇرۇپ دەۋرنىڭ مەنىۋى ئىنتى-
لىشلىرىگە مۇجەسسەملەپ جانلىق ، ئوبرازلىق كۆر-

سىتىپ بېرىدۇ . ئۇنىڭ تۇپ مېلودىيىسى ، تېمىسىغا
ئۆزىدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا يارىتىلىپ ئاللىقاچان
ئۆتمۇشكە ئايلىنىپ قالغان ئىنسانىنىڭ ئىچكى ھېسسى-
ياتىدىكى ، ئىدىيىسىدىكى مۇقەددەس روھ ھېچقاچان
ئۆز تەسىرىنى سۇسلاشتۇرغان ئەمەس . ئۆز نۆۋىتىدە
ئۇ زامانىۋى سەنئەت ئىجادىيىتى ئىچىدە قەدىمكى ئەپ-
سانىۋى روھنىڭ قايتا ئويغىنىشى بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ . بولۇپمۇ ئالاھىدە بىر تارىخىي مۇھىتتا ياشاۋاتقان
خەلقنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ، تەربىيىلىنىشى ھەم
مىللىي روھى ساپ بولغاندىلا ئۆز زېمىنىنى ۋە مەۋ-
جۇتلۇقنى قوغداپ قالىدۇ ، مۇقەددەس روھ بىلەن تۇپ-
رىقىغا بولغان چوڭقۇر ئېتىقادىنى ئۆز ئىرادىسى ھەم
مەردانە ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەش شەخسىنىڭ قان ھەم
تېنىگە سىڭگەن پۇكۇلمەس قەھرىمانلىق روھنىڭ بەل-
گىسى سۈپىتىدە چاقنايدۇ . بۇ خىل مۇقەددەس ئېتىقاد
ۋە قەھرىمانلىق روھنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈ-
رۈپ جۇلالاندۇرغان كانادا رەڭلىك ھېكايە فىلىمى «بۆ-
رە كۆلەڭگىسى» دىكى ئېسكىموس قەبىلىسىنىڭ روھى
بىز ئۇزاق بىھوشلۇقتىن كېيىن ، ئەتراپقا ئېسەنگىرەش
بىلەن نەزەر سېلىپ ئىزدەۋاتقان روھ ئىدى . فىلىمنى
بىر كۆرگەن كىشىنى ئاجايىپ مول تەسەۋۋۇر ئالىمىدە
پەرۋاز قىلدۇرۇپ قالماي ، يەنە ئاچچىق - چۈچۈك
ھېسلارغا ئەسىر قىلىدۇ ، قەلبىمىزنى ھاياجانغا سې-
لىپ ، قانلىرىمىزنى ئۇرغۇتۇپ نېمىگىدۇر تەلپۈندۈ-
رىدۇ . راست ، بىز فىلىمدىكى ئېسكىموسلار قەبىلى-
سىنىڭ تۇرمۇشى ، روھىي دۇنياسى ، مىجەز - خاراك-
تېرى ، قىزىقىش - ھەۋىسى ، مۇھەببەت - نەپرەتلىرى-
نى كۆرگەندە ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقىنىڭ يارقىن ئوب-

-رازىدىن ھاياجانلانماي ، ئىلھاملانماي تۇرالمايمىز .

ئىنسانىيەت ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم بىر قانۇنىيىتى دەل ئاز سانلىقلار بىلەن كۆپ سانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىلىشىش ھەم مۇشۇ ئىلىشىشتا كىشىلىك ھايات تارىخىنىڭ بارلىق خاتىرە سەھىپىلىرىنى يارىتىشتۇر . ئەمما بۇ ئىلىشىشتا كىمنىڭ ئاجىز يېڭىلگۈچى بولۇشى ، كىمنىڭ كۈچلۈك ، غالىبىيەتچى بولۇشىنى ئۇ كوللېكتىپنىڭ روھى ، ئېتىقادى بەلگىلەيدۇ . ئېسكىموسلار بۇنىڭ دەلىلى . فىلىمدىكى ۋەقەلىك ئاددىي ، سۇژىت لىنىيىسى ئەگرى - توقاي ، دولقۇنسىمان ، لىرىك ھېسسىيات كۈچلۈك ، پېرسوناژلار روھىي ھالىتى ئىنچىكە ھەم چوڭقۇر :

فىلىم باشلىنىشى بىلەنلا ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان دالىدا بىر بۆرە دۈگىلۈكنى بويلاپ يۈگۈرەيدۇ ۋە چانىغا ئەگىشىدۇ . مەيلى كىچە ، مەيلى كۈندۈز بولمىسۇن ياكى ئۇلار نەگىلا بارمىسۇن بۆرە ناھايىتى سىرلىق پەيدا بولىدۇ . ھۇۋلاپ تۇرىدۇ ۋە غايىب بولىدۇ . بۆرە كۆلەڭگىسى نېمە ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر ئاكاگوغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ ؟ فىلىمدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى ، ئۇ ئاپتورنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇرى بىلەن كۈچلۈك سىمۋوللاشتۇرغان ھالدا ياراتقان ھايۋان . بىزنىڭچە بۇ يېرىم ئىلاھى تۈس بېرىلگەن ھايۋاننىڭ ئېسكىموسلار ھاياتىغا تەھدىت سالغان تاشقى كۈچ ھەم ئاكاگونى شامانلىق دەرىجىسىگە ئىگە قىلغانلىقىدىن قارىغاندا مۇنداق بىر مەنە يوشۇرۇنغان : ھەرقانداق رەزىللىككە قارىتا رەزىل ئۇرۇش ئارقىلىق رەزىللىكنى يېڭىش ، «زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش» كېرەك . ئۇتۇق قازانغان زەھەر ئاخىرىدا ھاياتلىقنىڭ

دورىسىغا ئايلىنىدۇ . ئۇتۇق قازانغان رەزىل قىلمىشمۇ
ئاخىرى پاكلىقنى يارىتىدۇ . پاكلىق پەقەتلا بىر خۇلا-
سە . جەريان ئەمەس ، چۈنكى دۇنيادا «رەزىللىك» نىڭ
ئۆمرى ئۇزاق ، «ياخشىلىق» نىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ
كەلگەن . ئۇنداقتا ئاكاگو بۇ ياۋۇز ھايۋاننى ئۆلتۈرۈش
ئۈچۈن كۆپ قېتىم تۇزاق قۇرۇپمۇ ئۆلتۈرەلمەيدۇ ، بۇ
بۇرىدە بىرەر سىرلىق كۈچ بولغانلىقىدىنمۇ ؟ ئۇنداق
ئەمەس ، چۈنكى ئاپتور ئېسكىموسلارنىڭ دىنىي قائىدى-
سى بويىچە شامانغا ئايلىنىش — يەنى قەبىلە باشلىقى
بولىدىغان كىشى چوقۇم باشتىن كەچۈرۈشكە تېگىش-
لىك خەتەرلىك سىناق جەريانىنى بۆرە ئارقىلىق ئورۇن-
لاشتۇرىدۇ . ئېسكىموسلارنىڭ باشلىقى شامان (ياكى
قاما ) دېيىلىدۇ . قەدىمكى شامان دىنىي ئېتىقادىدا شا-
مان ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك ئىلاھ . ئۇ ئالدى بىلەن
ئەل باتۇر ، قەھرىمان بولۇپ دۇنيادىكى ھەرقانداق
نەرسىدىن قورقمايدىغان ، مۇشكۇللۇكنى يېڭەلەيدىغان
قۇدرەتكە ئىگە . شاماننىڭ شامان بولۇشىنى تەڭرى
بەلگىلىگەچكە ئۇ باشقىلاردىن كۈچلۈك ، باشقىلاردىن
ئەقىللىق ، باشقىلاردىن ھەيۋەتلىك ، كېلىشكەن بولى-
دۇ . ئۇ زېمىن ، خەلقنى بالايىئاپەتلەردىن قوغدايدۇ .
ئەمما شامانلىق دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن تەڭرى تە-
رىپىدىن شامانلىققا بەلگىلەنگەن كىشى چوقۇم بىر قې-
تىم ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشنى باشتىن كەچۈرۈشى
شەرت . ئۇنىڭدىن تىرىك قالغانلار شامان بولىدۇ دەپ
قارىلىدۇ . باتۇر ئاكاگو ئۆزىگە ھەردەم سايىدەك ئەگى-
شىپ يۈرگەن بۆرە بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ
ۋە شامان بولىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن شامان دىنىدىكى
باتۇر شامانلار بۈركۈتكە ئوخشاش ئەبەدىي خەلقنى ياماز-

لىقتىن قوغدايدۇ . مانا بۇ كېلۇنىڭ
بۇركۇتكە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىدى .

ئاپتور فىلىمدە گۈزەل جەلپ قىلارلىق ئەپسانىۋى
تەپەككۇر بىلەن مۇنداق قەھرىمان ئوبرازىنى ياراتقاندا
كىشىلەرگە قانداق بىر روھنى تەۋسىيە قىلىدۇ ؟

فىلىمدىكى ئاساسلىق مەسىلە ئېسكىموس قەبىلى-
سىنىڭ ئاق تەنلىكلەرنىڭ بوزەك قىلىشى ، بۇلاڭچىلى-
قى ، ھاقارىتىگە ئۇچراپ كەمسىتىلىشى ، ئالدىنىشى
شۇنداقلا ئۇنىڭغا قارشى بويسۇنماس ئىرادە ، مۇستەھ-
كەم ئېتىقاد بىلەن ئۆز ۋەتەن - زېمىنى تىنچلىقىنى
ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت . قەھرىمان ئاكاگو بىلەن
قەبىلە باشلىقىنىڭ ئاق تەنلىك سودىگەرلەرنىڭ خور-
لۇقلىرىغا بىردەك قارشى تۇرۇشى ئۇلارنىڭ شەخس
ئېڭىدىكى يۈكسەك كوللېكتىپچانلىق ، بويسۇنماسلىق
روھى ، مىللىي غۇرۇر ۋە مەنىۋى ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ
بولغانلىقىدىندۇر . مەيلى بۆرىنىڭ سىرلىق كۆلەڭگى-
سى ياكى ئاكاگونىڭ قىساس ئوتلىرىنى ياندۇرغىنى
ياكى بولمىسا قەبىلە باشلىقى كېلۇنىڭ بويسۇنماي ئې-
لىشىپ بۇركۇتكە ئايلىنىپ كېتىشى بولسۇن ، ھەممى-
سى مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىنى ئويغاتقۇچى بىر خىل ئۆزىنى
تونۇش ، بىلىش ۋە يارىتىش روھىنى ، قەھرىمانلىقنى
تەكىتلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس . مەنىۋى بىرلىك
ھەم بويسۇنماسلىق ئىرادىسىلا زېمىننى ، مىللەتنى يات-
لارنىڭ ئاياغلىرىدىن ساقلاپ قالالايدۇ ۋە بارلىق خور-
لىنىش ، ھالاكەت ، بېقىندىلىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ
دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ھەقىقەتەن ئۇلاردا
ماكاننى ، زېمىننى ، ئۆز قەبىلىسىنى سۆيۈش ، قەدىر-
لەش ، قوغداشتىن ئىبارەت تەقدىرداشلىق روھى

كۇچلۇك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . خۇددى قۇشلار ئۇچۇنمۇ
ئۆز ماكانى لازىم بولغىنىدەك ، ئۇلار ئاشۇ ساددا قىز-
غىن مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنى سۆيىدۇ ، قار - مۇزلار
قاپلىغان بىپايان زېمىن ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە بىرلىشىپ
كەتكەن . يېزىپ شۇ يەرگە كەلگەندە سوغۇق - ئىسسىق
شامال قاپلىغان قۇم بارخانلىرىدا سوغۇق خىرىسقا
ئۇچراۋاتقان قەدىمكى قورغانلارنىڭ سۈكۈتكە تولغان
يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالىتى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى .
ئەپسۇسلىنارلىقى ، ئۇلاردا بۇ خىل قەدىرلەشكە تېگىش-
لىك روھ بارغانچە غۇۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى .

بىز كۆرگەن «بۆرە كۆلەڭگىسى»دە ئاپتور ھا-
زىرقى زامان سەنئىتىدىكى ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇردىن
پايدىلىنىپ ئېسكىموسلار ۋۇجۇدىغا ئورناشقان بۇ روھ-
نى سىمۋوللاشتۇرۇپ ئىپادىلەش ئارقىلىق كەلگۈسى
ئۈچۈن ئىزلىنىۋاتقان ، تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىۋات-
قان ھەربىر خەلق روھىيىتىدىكى مۇقەددەس ئېتىقاد
ئۆلمەس روھنى — يەنى تۇپراق ، زېمىن تۇيغۇسى
بىلەن شەخسنىڭ روھى بىرلىشىپ كەتكەندىلا ھەرقاند-
اق كۈچكە تەڭلەشكىلى ، ئۆزىنى نامايان قىلغىلى
بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە تەۋسىيە قىلىدۇ .
فىلىم ئاپتورىنىڭ بۇ سىمۋوللۇق تەكىتلىشىنى غەرب
ئېستېتىكىلىرىدىن كروگىنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن ئېي-
تىش تېخىمۇ مۇۋاپىق : «ياۋروپا روھىدىن قاچان بىر
يېڭى ئېتىقاد كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ئۇ بېشىدىن
ئۆتكۈزگەن سان - ساناقسىز ئازاب - ئوقۇبەتنى ،
چوڭقۇر قايغۇ - دەردىنى ، ياۋروپا شارابى ئاستىدىكى
قان تامچىلىرىدىن تەجرىبە - ساۋاقلارنى تېپىپ چىق-
ىپ بۇ رەزىل كېسەللىكتىن خالاس بولىدۇ ؟ مۇبا-

دا، ھەر تەرەپتىكى سەنئەتكارلار ئۆز پەلسەپىسىنى، دىن ۋە ئەخلاقىنى تەرەققىي قىلدۇرالىسا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆز خاسلىقىنى راۋاجلاندۇرالىسا — مانا بۇ سەنئەت. شۇنداقلا مىڭلىغان شەيئىنىڭ ئاساسى، شۇ چاغدىلا بۇ كېسەل گويا بىز ئىلگىرى جەڭلەردە غەلىبە قىلغاندەك ئەڭ ئاخىرى يېشىلىدۇ ۋە يوقىلىدۇ. ئەگەر ئۇ يېشىلمەي ھەم يوقالمىسا ئەكسىچە كەلگۈسىدە ئېغىرلىشىپ تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ.» (كروگ: «ئېستېتىكا نەزەرىيىسى» خەنزۇچە 329 ـ بەت)

ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھەم ئۇزاققا سوزۇلغان ماھارەت تۆھپىسى زور كۆلەملىك ئۇرۇش، قىرغىنلىق بولماستىن، بەلكى تىنچلىقنى ئورنىتىشتۇر. بۇنى ئۇزاق بىر دەۋرلىك «ئېلىشىش» نى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەرقانداق ھازىرقى زامان مىللىتى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەن قىلىنىش كۈچ ـ قۇدرەت ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا قەھرىمانىنىڭ تۆھپە ماھارىتى ئۇنىڭ «كاللا كېسەر، قان ئىچەر» لىكىدە ئەمەس بەلكى تىنچلىق، گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغۇچى ياكى ئەمەسلىكىدە سىنىلىدۇ.

## 3. تارىخىي چىنلىق ۋە بەدىئىي گۈزەللىكنىڭ يارقىن نامايەندىسى

—— «مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى دەۋر» فىلىمگە باھا

تارىخىي فىلىم — تارىخىي رېئاللىق ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى تېپىكلەشتۈرۈپ سۈرەتلەش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى رولىنى ئوينايدىغان فىلىم بولۇپ،

ئۇ تارىخىي مەشھۇر شەخسلەر كەچۈرمىشىنى تارىخىي ۋە تەرجىمىھال ماتېرىيالى ئاساسىدا بەدىئىي تۈس بې-رىپ ئىجاد قىلغان يېڭىچە مەھسۇلدۇر . شۇڭا تارىخىي فىلىم داھىي ، ئىنقىلابچىلارنىڭ خاراكتېرى ۋە روھىي دۇنياسىدىكى ئالىيجاناب پەزىلەت ، ئۇلۇغ روھىنى ئى-پادىلەپ بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېڭىغا ، مەنىۋى ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ مىللىي ئىشەنچىسىنى ئاشۇ-رىدۇ .

80 - يىللاردا ئىشلەنگەن «شىئەن ئۆزگىرى-شى» ، «ھەيۋەتلىك كوئېنلۇن» ، «دۆلەت قۇرۇلۇش مۇراسىمى» ، «لۇڭيۇن ۋە جياڭ جېشى» قاتارلىق فىلىملەر بىلەن 90 - يىللاردا ئىشلەنگەن «جاۋ-يۇلۇ» ، «مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى دەۋر» ، «جۇئېن-لەي» ، «ئەپيۇن ئۇرۇشى» ، «ماۋزېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» قاتارلىق بىرمۇنچە تارىخىي تەرجىمىھال ۋە داستان خاراكتېرلىك فىلىملەر ئالاھىدە بىر تارىخىي دەۋردىكى مىللىي قەھرىمانلارنىڭ يۈكسەك خىسلىتى-گە ، شانلىق تارىخىي تۆھپىسىگە ئوقۇلغان يادنامە بولۇپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ تارىخ ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ۋە مىللىي ئىپتىخارلىقىنى تېخىمۇ ئاڭلىق كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولدى .

«مىسلى كۆرۈلمىگەن دەۋر» فىلىمى ئىجادىيىتى-دىكى يېڭىلىقتىن جۇڭگو كىنوچىلىقىنىڭ تارىخىي تې-مىسىنى تەسۋىرلەشتە يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنلىكى-نى كۆرەلەيمىز .

روشەنكى ، ھەربىر مىللەت ئۆز قەھرىمانىغا موھ-تاج . بۇنداق قەھرىمانى دەۋر يارىتىدۇ . شۇڭا ھەر-

قانداق دۆلەت ۋە مىللەت ئۆز ھاياتىدا ئۇنىڭ گۈللىنى-
شىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى قەھرىمان ھەم ئۇ باشچىلىق
قىلغان خەلقنىڭ كۈرەش مېھنىتىدىن ئايرىلمايدۇ .
چۈنكى ، بۇ قەھرىمان دەۋرنىڭ مەشئىلى . قەدىمدىن
ھازىرغىچە ھەربىر دەۋرنىڭ تەقەززاسى ئەنە شۇنداق
بۈيۈك روھنى ، ئۆلمەس قەھرىماننى ۋۇجۇدقا كەلتۈر-
گەن .

ئىنقىلاب داھىيسىنىڭ ئوبرازى 1928 - يىلى
«لېنىن ئۆكتەبىردە» فىلىمىدە 1 - قېتىم يارىتىل-
غان . شۇنىڭدىن ھېسابلىغاندا يېرىم ئەسىردىن كۆپ
ۋاقىتنى بېسىپ ئۆتكەن جۇڭگو كىنوچىلىقىدا
1978 - يىلى ئىشلەنگەن «چوڭ ئېقىن دولقۇنلىماقتا»
ناملىق فىلىمدە ئىنقىلابچىلار ئوبرازى تۇنجى قېتىم
ئۇتۇقلۇق يارىتىلدى . ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگى-
لىدىكى تارىخىي فىلىملەردە ئاساسەن ئاددىي كىشىلەر
ئىشچى - دېھقانلار كۈرىشى ، ئەسكەرلەر ھاياتى تەس-
ۋىرلەندى . داھىي ئوبرازىنى يارىتىش سەنئەتكارلار ئى-
جادىيەت مېتودى ۋە قانداق مەۋقەدە يېزىشتا قىيىنىل-
ۋاتقان ھەم ئېنىق باھا بېرىلمىگەن شارائىتتا يېزىشقا
جۈرئەت قىلالمىغان مەسىلە ئىدى .

«مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى دەۋر» فىلىمى ئۆزى-
نىڭ تارىخىي چىنلىق مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، بە-
دىئىي گۈزەللىكى بىلەن ئالاھىدە يېڭىدۇر . تارىخىي
شەخسلەرنى ھەم تارىخىي ئاساسقا ئىگە ، ھەم تاماشى-
بىنلار كۆز ئالدىدا ئېستېتىك تەسىر قوزغىيالايدىغان
ئوبرازغا ئايلاندۇرغان . بۇ فىلىم ئىجادىدا نۇرغۇنلىغان
تارىخىي ماتېرىياللار ، تەزكىرە ، شەخسلەر تەرجىمى-
ھالىدىن مول ماتېرىيال تاللىنىپ پىششىقلانغان .

ئىخچام ـ تىپىكلەشتۈرۈلگەن . ئۇنى نوقۇل ھالدا تا-رىخنىڭ «بايانى» ياكى «ھۆججەت توپلىمى» دائىرىسى-دە چەكلەپ قويماي ، ئەدەبىيلىك ، بەدىئىي تىپىكلىك نۇقتىسىدىن كۆرستىپ ھەربىر دېتال ۋە پېرسوناژنى جانلىق ، كونكرېتى تىپىك ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈر-گەن . تارىخىي ئاساس بىلەن زامانىۋى تەپەككۇر ، تارى-خىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي گۈزەللىك يۇكسەك دەرى-جىدە يۇغۇرۇلغان .

چىنلىق بارلىق سەنئەت شەكىللىرىدىكى ئېستې-تىك گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمى . كىنو — چىن ھاياتنى ئوبرازلارنىڭ جانلىق ھەرىكىتىدە ئېكراندا كۆرستىپ ئېستېتىك زوق ۋە تەربىيىۋى رول ئوينايدىغانلىقى ئۈچۈن ، تۇرمۇش چىنلىقى بەدىئىي چىنلىققا ئايلىنىپ ئوبراز خاراكتېرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەندە غايەت زور رول ئوينايدۇ . بەدىئىي چىن-لىق بولسا تارىخىي چىنلىقنىڭ ئوبرازلاشتۇرغان ئىن-كاسى . شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي فىلىمدىكى داھىي ئوب-رازى يالغۇز تارىخىي شەخسنىڭ ئاددىي ئىپادىلىنىشى ئەمەس ئەكسىچە تارىخىي شەخس تىپىك خاراكتېرىنىڭ قايتا ئىجاد قىلىنىشىدۇر . بۇنداق تىپىكلەشتۈرۈش ۋە تىپ خاراكتېرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى ئۇنىڭ ماكان ۋە زامان ھەجمىنى چوڭقۇرلاش-تۇرۇش ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، ئوبراز بىۋاستە كۆ-رۈش سېزىمىدىن ئۆتۈپ ھېس ـ تۇيغۇغا تەسىر قىلىد-دىغانلىقى ئۈچۈن ئوبرازنىڭ قايسى دەۋرنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ماھىيەتلىك ھادىسى-لەرنىڭ تەسىرى ، يىلتىزى ، دەۋرنىڭ سىياسىي قىيا-پىتى بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىت قاتارلىقلارنى ، شۇ

ئوبراز تەۋە بولغان مىللەتنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئەينى
دەۋردىكى خەلقنىڭ پسىخىك خاراكتېرىنى چىن يارى-
تىشقا توغرا كېلىدۇ . «مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى
دەۋر» فىلىمىدە «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ يالقۇنى
پۈتۈن مەملىكەتكە يېيىلىۋاتقان مۇھىتتا يېڭىدىن ئۆ-
سۈۋاتقان تۈرلۈك ئېقىملارنىڭ ھەرىكىتى ھەممىدە ئەر-
كىنلىك ، ئازادلىق ، يېڭىلىققا ئىنتىلىش تەلىپى ،
ئويغىنىش چۇقانلىرى ھەممىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ تەقدى-
رى ، كەلگۈسى بىلەن باغلانغان كومپارتىيىنىڭ قۇرۇ-
لۇشىدەك تارىخنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بەردى . بۇ
تەسۋىرنى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر
ئىلغار كۈچلەر ، ئويغانغان زىيالىيلار ، ئۇزۇل ـ كې-
سىل ئىنقىلابچىلىق روھىغا ئىگە ئىشچىلار ، ئەدە-
بىيات ـ سەنئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ چىن دۇشىۋ ، لى
داجاۋ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار رەھبەرلىكىدە
خەۋپ ۋە مۇشكۈلگە قارىماي ئىزدىنىش ئارقىلىق تو-
لۇق ئاساسقا ئىگە قىلغان . ئۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ماۋ-
زېدۇڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش ئىنقىلابچىلارنىڭ
چىقىشى ، ئاخىردا ھەقىقىي ماركسىزم ئىدىيىسىگە ئى-
گە پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىغا ئايلىنىش جەريانىنى
تەسىرلىك يورۇتۇپ بەرگەن . شەخس خاراكتېرىنىڭ
يېتىلىشى بىلەن ئومۇمىيلىقى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇ-
رۇلغان . داھىيلارنىڭ ئاددىي ۋە ئۇلۇغلۇقىنى بىرلەش-
تۈرگەن . فىلىمنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىر ئۈتۈقى دەل
ئوبرازلاردىكى ئاددىي ـ ساددا ، سەمىمىيلىك ، ئالىيجا-
ناب خىسلەت بىلەن پسىخىك ئالاھىدىلىكنىڭ ئىنچىكە
ئىپادىلەنگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ . «مىسلى كۆرۈلمىگەن
يېڭى دەۋر» فىلىمىدىكى سۈژىتمۇ شۇ تارىخىي قەھرى-

مانلار خاراكتېرىنىڭ تولۇقلىنىشىنى مەقسەت قىلغان هالدا راۋاجلاندۇرۇپ دەۋرنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىغا، خەلق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇلۇغ قەھرى-مانلار ئىچىدىن چىن دۇشيۇ، لى داجاۋ، ماۋزېدۇڭ قاتارلىق شەخسلەرنىڭ مۇھىم رولى گەۋدىلەندۇرۇل-گەن.

يىغىنچاقلىغاندا، بۇ فىلىم رېئالىزملىق سەنئەت-نىڭ كونكرېتلىق، تارىخىۋىلىك ۋە بەدىئىي تىپلەشتۇ-رۇش پرىنسىپى بويىچە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي شارا-ئىتتا مەيدانغا كەلگەن تارىخىي قەھرىمانلار بىلەن تارى-خىي مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىپ ئۇ-لارنىڭ زۇلمەت قاپلىغان سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي مۇھىتتىن خەلقنى يورۇقلۇق ۋە ئەركىنلىككە باشلايدىغان مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى بىر دەۋرنى ئاچ-قانلىقىنى تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي گۈزەللىك-نىڭ بىرلىكى ئارقىلىق تەسىرلىك يورۇتۇپ بەرگەن.

**4. تارىخىي تېمىدىكى فىلىم تارىخقا ئۇيغۇن كېلى-شى كېرەك**

— «خانىش ئامانىساخان» فىلىمىگە باھا

بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتى-لىرى ھەم قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ رېئال-لىق ۋە كەلگۈسىگە ئىلھام قىلىش شۇ مىللەتنىڭ مىل-لىي مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، ئەلۋەتتە.

يەركەن — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانىشى ئاما-نىساخاننىڭ ھايات پائالىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تا-رىخىي تەزكىرىۋى فىلىم «خانىش ئامانىساخان» ۋە شۇ ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى يەر-

كەن دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان ئابدۇرىشىتخان، ئامانىنساخان، قىدىرخان قاتارلىق مەشھۇر سىياسىي، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازى ھەم ئۇيغۇر مۇقامىنى رەتلەشتىن ئىبارەت چوڭ مەدەنىيەت ھادىسىسى بىرقەدەر ئۇتۇقلۇق يورۇتۇلغان ئەسەر.

فىلىمدە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇرەككەپ سىياسىي، ئىجتىمائىي قاتلىمىدا تۇرۇۋاتقان خىلمۇ ـ خىل مەزھەپتىكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيىتى، ئوينىغان رولى، ئەسلىمە، تەرجىمىھالى شەكلىدە بىرقەدەر چىن، گۈزەل قىلىپ جۇلالاندۇرۇلغان.

خانىش ئامانىنساخانىنىڭ پادىشاھ ئابدۇرىشىتخان ۋە مۇزىكا ئۇستازى قىدىرخان يەركەندى قاتارلىق شەخسلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇيغۇر مۇقامىنى توپلاپ رەتلىشى بىلەن خوجا ئىشانلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنى تىپىك دېتاللار ئارقىلىق كىنو ئېكرانىدا قايتا يارىتىش، رېژىسسور، ئارتىس ۋە ئوپېراتورلاردىن يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت، تارىخ ۋە ئۆرپ ـ ئادەت بىلىمى تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. بولۇپمۇ، تارىخىي ۋەقە ھەم مەشھۇر شەخسلەر تېما قىلىنغان فىلىملەرنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ئېنىق ھەم كۈچلۈك تارىخىي ئاساسقا — تەزكىرىچانلىق خۇسۇسىيىتىگە شۇنداقلا بەدىئىي گۈزەللىككە ئىگە بولۇشىدىن ئىبارەت.

تارىخىي فىلىم «خانىش ئامانىنساخان» ۋە شۇ ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ فىلىمنىڭ تارىخىي تېمىنى بىرقەدەر روشەن يورۇتقانلىقى، سۇژىت، كۆرۈنۈشلەرنى

تاللاشنىڭ بىرقەدەر ئىخچام، مەركەزلىكلىكى، تەزكىرىچانلىق بىلەن ئىجادىي توقۇلمىنىڭ بىرقەدەر ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدە بولسا كېرەك.

تارىخىي فىلىم — تارىخىي چىنلىق بىلەن بەددئىي چىنلىقنىڭ بىرلىكىنىڭ مەھسۇلى. تارىخىي چىنلىق — سەنئەتكارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقىشى ياكى بۇرمىلىشى دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئۆتمۈش ھەقىقىتىنى تونۇپ، ئۇنى بەدىئىي سەنئەت شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ھازىرقى زامان سەنئىتى ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنى ئاساس قىلغىنىدەك، تارىخىي تېمىدىكى كىنو - تېلېۋىزىيىلىرىمۇ تارىخقا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. ئەمما ھازىر نوقۇل سىياسىي مەقسەتنى ئاساس قىلىپ، تۇرمۇش چىنلىقىنى چىقىش قىلمايدىغان خاھىش يەنىلا خېلى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەتتا خېلى ياخشى ئىشلەنگەن دەپ قارالغان «خانىش ئامانىنىساخان»غا ئوخشاش تارىخىي فىلىملەرمۇ بۇ كېسەلدىن قۇتۇلالمىغان. بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ھېس قىلالايمىز.

1. تارىخ تېما قىلىنغان، ئەمما چىنلىقىغا سەل قارالغان.

تارىخىي فىلىم، تارىخىي رېئاللىق ۋە شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى مول تارىخىي ماتېرىياللار ۋە تەرجىمىھال ئاساسىدا بەدىئىي تېپىكلەشتۈرۈپ ئىجاد قىلغان فىلىمدۇر. «خانىش ئامانىنىساخان» فىلىمىدە مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىنىساخاننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى باش تېما قىلىپ، يەركەن سەئىدىيە دۆلىتى مەزگىلىدىكى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىقلارنى ئەكس

ئەتتۇرۇپ، بۇگۇنكى كىشىلىرىمىزنى شۇ تارىخىي دەۋرنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

دەرۋەقە، فىلىمدە تەسۋىرلەنگىنىدەك، تارىخىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرلىرىدە يەركەن - سەئىدىيە مەدەنىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، ئامانىنىساخان ۋەكىللىكىدىكى مۇقامشۇناس سەنئەتكارلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا سوپى - ئىشانلار بىلەن كەسكىن كۆرەش قىلغان. ئەمما، فىلىمدە بۇ تەسۋىرلەر بۇ دەۋرنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرلىك قىياپىتى بويىچە ئەتراپلىق يورۇتۇلماي، ئىنتايىن سۇس، جانسىز قىلىپ قويۇلغان.

تارىختىكى يەركەن دۆلىتى — ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئىلگىرى - ئاخىر 164 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن قۇدرەتلىك ھاكىمىيەتنىڭ بىرى بولۇپ، تارىخچى مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىنىڭ 4 - بابىدا دېيىلىشىچە، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە قىتانلار چېگرىسىدىن جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ كۈچەيگەن چاغلىرىدا زېمىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي شىمالىدىن تاكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار، ئىسسىقكۆل، پەرغانە ۋادىسى، بەدەخشان، تىبەت، كەشمىرگىچە كېڭەيگەن. بازارلار تەرەققىي قىلىپ ئاۋاتلاشقان. ئەمما، فىلىمدىكى ئابدۇرىشىتخان ئوردىسى — يەنى يەركەن سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئوردىسى چوڭراق باينىڭ ياكى بەگنىڭ قورۇسىدىن پەرقلەنمەيدۇ. شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق. ئابدۇرىشىتخان ئوۋغا چىقسا بىرنەچچە ئەسكەر بىلەن چىقىدۇ. بىر ئەلنىڭ خانىشى بولغان

ئامانىنىساخاننى ئوردىغا كۆچۈرگەندە تۆت ئاتلىق ئەس-
كەر ئاددىي مەپىدە يۆتكەيدۇ ، يەنە تېخى شۇنچە چوڭ
ئۇرۇشقا ئاتلانغان ئابدۇرىشىتخان تاغ ئىچىدە ئون ئات-
لىق ئەسكەرگە باش بولۇپ چېپىپ يۈرىدۇ . . . ئوردا
ئۇپراپ كەتكەن ئەسكى قەلئەگە ئوخشايدۇ . تارىخىي
تەزكىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە ، ئامانىنىساخان تۇغۇتتا
ئالەمدىن ئۆتكەن ، ئەمما كىنودا بولسا زىيادە چارچاپ
ئۆلگەن قىلىپ كۆرسىتىلگەن ، قارىماققا بۇ كىنودىكى
باش پېرسوناژنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغاندەك قىل-
سىمۇ ئەمەلىيەتتە نوقۇل ئىدىيە يۈكلەش مەقسەت قى-
لىنغاچقا ، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەن . گەرچە
فىلىمدە ئەينى بىر تارىخ تېما قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ ،
لېكىن بۇ تارىخ رېژىسسورنىڭ خاھىشى بويىچە بۇرمى-
لانغان ھەم ئويدۇرۇلغان تارىخ بولۇپ ، تارىخىي چىن-
لىقتىن ئايرىلىپ قالغان .
2 . ئوتتۇرا ئەسىر تۇرمۇشى سۈرەتلەنگەن ،
ئەمما ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈل-
مىگەن .
«خانىش ئامانىنىساخان» فىلىمىنىڭ تېمىسى 16
- ئەسىردىكى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ، شۇڭا ئۇ
تەبىئىي ھالدا مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشى ۋە ئادەملەرنىڭ ھېسسىيات تەپەككۇرىنى ، پەل-
سەپىۋى ئېڭى ، دىنىي ئىدېئولوگىيىسى ھەم دەۋرگە
خاس مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى
كېرەك ئىدى . بىر دەۋر سەنئىتىدە شۇ دەۋر
تۇرمۇش - ئادەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى شۇ سەنئەت-
نىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى
بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل .

مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى تەشكىل قىلىدىغان تەرەپلەر ئادەتتە ئاممىۋى ھۈنەر - كەسىپ، سودا - سېتىق، قاتناش - ترانسپورت، كىيىم - كېچەك، بېزىنىش، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - ئىمارەت، ئەنئەنىۋى بايرام ۋە نىكاھ مۇراسىمى، ئېتىقاد، تىل ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىز كۆرۈۋاتقان «خانىش ئامانىنىساخان» فىلىمى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا پادىشاھ ئوردىسى، بەگزادىلەر بىلەن ئاددىي پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ئايرىم - ئايرىم كۆرەلەيمىز. لېكىن، ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتى، ئېڭى، كىيىم - كېچىكى، ئۆي - ئىمارەت بېزىشى ھەم تەپەككۇر جەھەتتە قانداق ئوخشاشماسلىقلار ھەم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەلمەيمىز. فىلىمدە يەركەن ھاكىمىيىتىنىڭ بازارلىرى سۈرەتلەنگەن، ئەمما بۇ بازار سۈرىتىدىن بىز ئىسلامچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يەركەن خانلىقى مەدەنىيىتىنى، ئىمارىتىنى، قىزغىن سودا - سېتىق ۋە ھۈنەر - كەسىپلىرىنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرىنى كۆرەلمەيمىز. ھەتتا يەركەننىڭ قايناق كوچىلىرىدا مۇقام ئۇستازى قىدىرخان بىلەن ياندىشىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا جۇڭشەن فورمىسى كىيىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىز. يەركەن دۆلىتى قويۇق ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى سىڭگەن مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى، ئەمما كىنودىكى پېرسوناژلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، ئۆزئارا مۇئامىلىسىدىن قارىغاندا بۇ تەرەپ بەكمۇ سۇس. فىلىمدە خانىش ئامانىنىساخاننىڭ تۆۋەنگە چۈشۈپ خەلق ئارىسىدىن مۇقام كۈيلىرىنى توپلىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن، ئەمما شۇ چاغدىكى دىن مۇھىت-

دىن ، بولۇپمۇ يەركەن دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈم-
دارىنىڭ خانىشى بولۇشتەك يۇقىرى ئىمتىيازغا نىسبە-
تەن ئېيتقاندا بۇ تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر
ئىش ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر خانىش بولغان كىشى ئۈچ
ئاتلىق ئەسكەر بىلەن بىللە ماڭىدۇ ، مۇقام توپلاپ
رەتلىگىلى بارىدىيۇ ، يەرلىك مۇقامچىلار ، ئەلنەغمى-
چىلەردىن مۇقام ئۆگىنىش ، رەتلەش ، ئەمەلىي پائالى-
يەتلىرى تەسۋىرلەنمەيدۇ .

ئۇيغۇرلار مىللىي بايرام مۇراسىملىرىنى ۋە شەخ-
سىي مۇراسىملىرىنى بۇرۇندىنلا ھەيۋەتلىك ئۆتكۈزۈپ
كەلگەن . بىر قويچى بىلەن ئاددىي سەھرا قىزىنىڭ
تويىمۇ ئادەتتە بىرەر يۇزچە ئادەمسىز ئۆتمەيدۇ . ئەم-
ما ، فىلىمدە خانىشلىققا تاللىنىپ ئوردىغا ياتلىق قى-
لىنىۋاتقان ئامانىساخانىنىڭ نىكاھ مۇراسىمى شۇنچە
ئاددىي ۋە سۇس ئۆتكۈزۈلىدۇ . ھەر تەبىقە ، ھەر كە-
سىپتىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە ئائىلە
سەرەمجانلاشتۇرۇشتىكى ئۆزگىرىشلەر ئىپادىلەنمى-
گەن . شۇڭلاشقا ، فىلىمدە بۇ دەۋردىكى تۇرمۇش رو-
شەن گەۋدىلەندۈرۈلمىگەنلىكتىن ، فىلىمنىڭ مىللىي
ئالاھىدىلىكى تولۇق گەۋدىلەنمىگەن .

تارىخىي تېمىدىكى فىلىملەرنىڭ تارىخىي ئاساسى
بولۇشى بىلەن بىللە ، ئۇنىڭدا زۆرۈر بەدىئىي توقۇلمى-
مۇ بولىدۇ . ھېچقانداق توقۇلما ئاساسىي بولمىغان
تارىخىي فىلىمنىڭ كىشىلەر قەلبىنى تىترىتەلەيدىغان
ئىلھام ، بەدىئىي زوق ۋە ئىپتىخارلىق ھېسلىرىنى
قوزغىتىدىغان ئۈلگىلىكىمۇ بولمايدۇ . شۇڭا تارىخىي
فىلىم بىر بەدىئىي ئىجادىيەت سۈپىتىدە تارىختىن چەت-
نىمىگەن ھالدا بەزى بەدىئىي توقۇلمىغىمۇ يول قويۇ-

شى كېرەك . لېكىن بۇ بەدىئىي توقۇلما شۇ دەۋر تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتىنى ئاساس قىلىپ ، تارىخنى جانلاندۇرۇش رولىنى ئۆتىشى كېرەككى ، تارىخ ۋە شەخسلەرنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك . بولۇپمۇ كىيىم - كېچەك ، يۇرۇش - تۇرۇش ، بېزىنىش ، بىناكارلىق قاتارلىق تەرەپلەردە «خانىش ئامانىساخان» فىلىمى يەركەن خانلىقى تۇرمۇشىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويغان .

3 . پېرسوناژلار تىلى خاراكتېر ۋە دەۋرگە ماس كەلمىگەن .

بىر فىلىمنىڭ تىلى مەلۇم مەنىدە كىنو تىلىنى قوللىنىۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ۋە تۇرۇۋاتقان دەۋر شارائىتلىرىنى ئېنىقلاپ بېرىدۇ . فىلىمدە قايسى دەۋر تېمىسى يورۇتۇلۇۋاتقان بولسا ئەلۋەتتە شۇ تارىخقا ماس كېلىدىغان ئاغزاكى تىل ئادەتلىرى ۋە سۆزلەر قوللىنىلىدۇ .

يەركەن - سەئىدىيە دۆلىتى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى يېقىنقى زامان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بولۇپ ، ئۇ ئەرەب ، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان ھەيۋەتلىك ، سالماق ، تەمكىن ۋە ھەم سالاپەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە شەھەر خەلقى تىلىدۇر . ئۇنىڭ جۈملە شەكلى ، قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە ، يېقىملىق ، ئىخچام ، مېغىزلىق ، كلاسسىكلىقلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ، ئەمما «خانىش ئامانىساخان» فىلىمىدىكى تىل ئىنتايىن ئاددىي ، قوپال ، ئۇنىڭدا نە سالاپەتلىك ، ھەيۋەتلىك ، نە نازاكەت ، نە كەسكىنلىك يوق . ئوبرازلارنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرۇۋاتقان تەبىقە ئورنى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ئوبراز بىلەن تىل ، تېما بىلەن تىل ماس

كەلمىگەن .
پادىشاھ ئابدۇرىشىتخان ئاتىسى سەئىدخاننىڭ
كۆچلۈك تەلىم – تەربىيىسىدە ئۆسكەن . ئەرەب ،
پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن ، يۇقىرى نەسەب
ئارىسىدا ياشىغان . شۇڭا ئۇنىڭ گەپ – سۆزلى-
رىدىن ۋە تۇرقىدىن خانزادىلەرگە خاس ئالىيجانابلىق ،
مەردانە ، يېقىملىقلىق ھەم سۇمبات بولۇش ، سۆزلىرى-
دە گۈزەل ، نەپىسلىك بولۇشى كېرەك ئىدى . خانىش
ئاماننىساخان كىچىك چېغىدىن تارتىپلا سوپى ئاللا يار ،
ھۇۋەيدا ، دېھلەۋى ، جامى ، مەشرەپ ، ئەلشىر ناۋائى
قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى ئۆ-
گەنگەن شائىرە بولغانلىقتىن ئۇنىڭ تىلىمۇ شائىرە-
لەرگە خاس ئوبرازلىق ، گۈزەل ، يېقىملىق ھەم مەنى-
دارلىق ئەكس ئېتىشكە تېگىشلىك ئىدى . لېكىن ،
فىلىمدىكى بۇ ئوبرازلارنىڭ چىراي – تۇرقى ،
قەددى – قامىتى ، خاراكتېرى شۇ تارىخي شەخسلەر-
نىڭ ئوبرازىغا تازا ياراشمىغاندەكلا ، سۆز – جۈملىلەر-
مۇ قوپال ۋە تىل نامراتلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .

بەزىلەر تارىخ دېگەن تارىخ ، سەنئەت دېگەن سەن-
ئەت ، تارىخي فىلىم ھەرگىز تارىخ ئەمەس بەلكى
يەنىلا كىنو دېيىشى مۇمكىن ، مەيلى تارىخنى ئەكس
ئەتتۈرۈش بولسۇن ياكى كىنودا يېڭىلىقنى يارىتىش
جەھەتتە ئىزدىنىش بولسۇن ھەممىسى بولىدۇ ، ئەمما
ئەينى دەۋردىكى تىپىك مۇھىت ۋە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈ-
شى ھەمدە ئاساسىي شەخسلەرنىڭ ئىدىيىسىنى توقۇلما
قىلىشقا ، بۇرمىلاشقا ، تارىختىكى چوڭ ۋەقەلەرگە خى-
لاپلىق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ .

«خانىش ئاماننىساخان» فىلىمى ۋە شۇ نامىلىق

تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا تارىخ ، توقۇلما ۋە رېئاللىقنى
بىرلەشتۈرۈش كۆز قارىشى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ . ئەم-
ما ، ئەينى تارىخىي ئەھۋاللار تېما قىلىنغان بولسىمۇ ،
تارىخىي چىنلىق ۋە بەدىئىي چىنلىقى كۈچلۈك بىر-
لەشتۈرۈلمىگەن .

فىلىمدە ھازىرقى زامان تۇرمۇشىغا خاس تۇرمۇش
پۇراقلىرى ئوتتۇرا ئەسىر تۇرمۇش ئادەتلىرى ھەم
فولكلوردىن كۈچلۈك . تىلىنىڭ خاسلىقى روشەن ئە-
مەس . سىمۋوللۇق ئالامەتلەر ئاجىز بولۇپ ، بۇ فىلىم-
گە تارىخ ، فولكلور ، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىل جەھەتتىن
مەسلىھەتچى تەكلىپ قىلىنمىغانلىقنىڭ نەتىجىسى دې-
يىشكىمۇ بولىدۇ . بۇ ئەھۋاللار فىلىمنىڭ تارىخىي
ئاساسى ، ئىدىيىۋى قىممىتى ھەم ئىجتىمائىي تەسىر-
چانلىقىغا خېلى زور نۇقسان يەتكۈزگەن . مانا بۇ بىز-
نىڭ تارىخىي تېمىدىكى فىلىملەر ئىجادىيىتىدە ئىبرەت
ئېلىشقا تېگىشلىك بىر ساۋاق .

## 5 . زېمىن ۋە غايە

— ئامېرىكا ھېكايە فىلىمى «سارۋات» نى كۆرۈپ ئويلىغانلىرىم

قىسقىغىنا بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە كۆز ئالدىم-
دىن ئۆتۈۋاتقان ئاددىي ، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك ، ئېك-
ران كۆرۈنۈشلىرى ۋۇجۇدۇمغا ئىسسىق بىر ئېقىم
تاراتقاندەك ، خىيال قۇشۇمنى ئۇزاقتىن بېرى ئىزدەپ
يۈرگەن ئارزۇ بوستانىغا باشلاپ كەتتى .

ئېكراندىكى ئاددىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدە تە-
سىرلىك ، مۇكەممەل گەۋدىلەندۈرۈلگەن روھ ۋە غايە
دەل زېمىن ھوقۇقىنى ساقلاش ، مىللەت غايىسىنى
ئىزدەش ھەققىدىكى ئۇلۇغ پىكىر ئىدى . زېمىن —
ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقى ۋە كەلگۈسىنىڭ ئاساسى . بىر

شەخسكە نىسبەتەن ماكان ئۇنىڭ ھايات نىشانىسىلا ئە-
مەس ، بەلكى چوقۇم ئېرىشىشكە تېگىشلىك ھوقۇقى
ھېسابلىنىدۇ . شۇ مەنىدە ، بىر خەلقنىڭ زېمىن ئىگە-
دارچىلىقى شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ، گۈللىنىشى ،
پارلاق كېلەچىكىنىڭ بىردىنبىر ئاساسىدۇر . ئەكسىچە
قىلىپ ئېيتقاندا ، خۇددى «سارۋات» فىلىمىدىكىدەك
زېمىن ، ھوقۇق ئىگىدىن مەھرۇم قالغان مىللەت تارىخ
ئېقىمىدا يوقىلىۋاتقان خارابلاشقان ، كېلەچىكى خىرە-
لەشكەن مىللەت بولۇپ قالىدۇ ، خالاس .

ئوفىتسېرلىقتىن كەسىپنى ئالماشتۇرۇپ تىرىك-
چىلىك ئىزدەپ ئۆز يۇرتىغا كەلگەن يىگىت چارى
گېلىن ھە دېگەندىلا بىرمۇنچە ئىشلارغا چېتىلىپ قال-
دى .

ئۇ سەپەردە تونۇشقان يەرلىك تېرىقچىلار بىلەن
ھەمسۆھبەت بولۇپ بىرەر كۈن ئۆتمەيلا يەرلىك زورا-
ۋانلار بىلەن تېرىقچىلارنىڭ ئوت بىلەن سۇدەك زىددى-
يىتىنى بىلىپ يەتكەندى . ئۇ بۇ كىشىلەرنىڭ ۋەھ-
مىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن مەنبەنى ئويلاپ يەرلىك-
لەرنىڭ بىچارە ، چارىسىزلىقىغا ئېچىندى ، ئەمما ۋىج-
دان ، غۇرۇر ۋە ئىشەنچىسىنى ۋۇجۇدىغا يىغقان يىگىت
بۇ ئادەملەرنىڭ بىر مەقسەتتە ئۇيۇشۇپ تاجاۋۇزچى ،
پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا قارشى تەدبىر
قوللانماي ، بويۇن ئېگىپ دادلاپ ، يۇرتىنى تاشلاپ
كۆچۈپ كېتىشكە تەييار تۇرىدىغان ئىرادىسىز ، چېچى-
لاڭغۇ ، چۈشكۈن ، زەئىپلىكتىن نارازى بولدى . ئۇ-
لاردا بىر خىل ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ كەملىكىنى كۆر-
گەندە ئۆزى بىلەن بىۋاستە مەنپەئەت تۇقۇنۇشى بولمى-
غان ئۆتكۈر كۈرەشكە ئىختىيارسىزلا ئارىلىشىپ كەت-

تى . جەنۇب ـ شىمالنىڭ ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقار-
غان سوغۇق مۇناسىۋەتتىن پايدىلانغان بىر قىسىم قارا
نىيەت جازانىخورلار يەرلىك پاسىق ئەمەلدارلارنى ۋە
غالچىلارنى ياللاپ ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق يەرلىك
خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ، يەر ـ زېمىن ،
مال ـ مۈلۈك ، ئۆي ـ قورۇلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا
ھەقسىز ئىگىلىۋېلىشى چارى گېلىنىنى قاتتىق غەزەپ-
لەندۈرگەنىدى . ئۇ ئۆز تەقدىرىنى ، ھاياتىنى مۇشۇ
ئالدانغان ، خورلانغان بىچارە كىشىلەر بىلەن باغلاپ
قارىدى . شۇنىڭغىمۇ جازانىخورلار ، يەرلىك مۇناپىق
ئەمەلدارلارنىڭ ساختا ھۆججىتى بىلەن يېرىنى ئەرزان
سېتىپ ، باشقا جايلارغا كۆچۈشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقان
كىشىلەرگە قاراپ مۇنداق خىتاب قىلدى : «سىلەرنىڭ
زېمىنىڭلار ، ماكانىڭلار مۇشۇ . يەنە قەيەرگە بارماقچى-
سىلەر ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىڭلارنى
قوغدىشىڭلار ، ياتلار بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۆزۈڭلارغا
تەۋە يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ چىقىشىڭلار ، سىلەرگە
مەنسۇپ ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىشىڭلار كېرەك .
يۇرت ـ ماكانىڭلار سىلەرنىڭ غايەڭلەر ئەمەسمۇ ؟ تې-
ڭىرقىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە بۇ سۆز خۇددى زېمىن-
غا چېچىلغان نۇردەك سىڭىپ كىرىدۇ ـ دە ، بۇ ھايات
چاقىرىقى ئۇلارغا ئىشەنچ ، ئۈمىد ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت
بېغىشلايدۇ ، كۆچۈشكە تەييارلانغان كىشىلەر ئۆز يې-
رىدە قېلىپ دۈشمەنلىرى بىلەن ئېلىشىپ ئۇتۇق قازى-
نىدۇ . فىلىمنىڭ زىددىيەت توقۇنۇشىنىڭ يۇقىرى
پەللىسى دەل مۇشۇ يەردە گەۋدىلىنىدۇ . باش قەھرى-
مانىنىڭ چەبدەس ، باتۇر ، مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئوچۇق
خاراكتېرى ئارقىلىق فىلىمنىڭ يۇقىرى ئىدىيىۋىلىكى

ھەم ئېستېتىك قىممىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ .
شۇنداق ، تەڭرىنىڭ تەبىئەتتىكى سېھىرلىك مۆ-
جىزىلىرى ئارىسىدا ئەڭ دانىشمەن ، ئەقىللىق يارىتىل-
غان ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ تارىخى تېگى - تەكتىدىن
ئېيتقاندا ھاياتلىق زېمىنى يارىتىش ، ئىنسانىيلىق ھو-
قۇقىنى تونۇش ، قولغا كەلتۈرۈش ، ھاكىمىيىتى ، تە-
رەققىياتىغا باغلىق غايە - ئىستەكلەرنى ئورۇنداش تا-
رىخىدۇر . ئامېرىكا ھېكايە فىلىمى «سارۋات» تا ئادەت-
تىكى يېزا تۇرمۇشى ھەم كىچىك تۇرمۇش دېتالىدا
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدىيىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك .
بۈگۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچەك غايىسىنى نامايان
قىلىدىغان مەدەنىيەت ئىزلىرى ، سەنئەت ئىجادىيىتى
پۈتۈلگەن تارىخ ۋە قامۇسلار ، دۇنيانىڭ يېڭىچە تەرتى-
پىنى تۇرغۇزۇشقا تۈرتكە بولغان سىياسىي تۈزۈلمى-
لەر ، قانۇن - تەدبىرلەر ، ھەربىي ئىستراتېگىيىلەر
ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ يىراق قەدىمكى
ئەجدادلىرى بەرپا قىلغان زېمىنىنىڭ ھاياتلىق يولىنى
نۇرلاندۇرۇش ، ئاتا - بوۋىلار قان تەرىدە ياققان ھايات
چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن قىلغان ئىشلاردۇر ،
ئۇلار ھەممىسى زېمىن تۇيغۇسى قەلبىمىزدە ئويغانغان
ھوقۇق تەلىپى بىلەن تىكلەنگەن ئېتىقاد ۋە ئىرادىنىڭ
نەتىجىسى ، ئاخىر ! 3000 يىللار ئىلگىرىكى ياۋروپا-
لىقلار روھىدىن كۆتۈرۈلگەن خرىستوس ئەيسانىڭ قى-
يامەت يېقىنلاشقاندا زېمىنغا قايتا چۈشۈپ ئىسرائىلى-
يىنى قايتا قۇرۇشى بىلەن پەيغەمبەر مۇھەممەتنىڭ
ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ ئەرەب-
لەر ھوقۇقى ۋە غايىسىنى تىكلەپ بېرىشى ، ناپولېئون-
نىڭ شەرققە يۈرۈشى بىلەن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ

تۈركلەر سەلتەنىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشى ، ھۇن ـ تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ چىڭگىزخانغا ئورۇن بوشىتىشىدىن تارتىپ گېتلېر گېرمانىيىسىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش ئۈرۈشىغىچە ئەنە شۇ زېمىن ، ھوقۇق ۋە مىللەتنىڭ غايىسى ئۈچۈن ئىدى . مەيلى مەھكۇملۇق زەنجىرىنى ساختا ھەقىقەت چۈمپەردىسىگە ئوراپ نادانلارنىڭ گېـ لىغا سىرتماق سالغۇچى مۇستەملىكىچىلەر بولسۇن يا- كى سىياسىي ، ئىقتىسادىي ھوقۇقى ، خەلقلەر باراۋەر- لىكى ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن كۈچ سىناشقۇچىلار بولسۇن ھەممىسى ئۆزىگە كېرەكلىك زېمىن ئۈچۈن ! ھوقۇق ۋە غايىسى ئۈچۈن ! ئەمما بۇنداق غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا ئالۋاستى هامان ئەڭ چىرايلىق قىياپەتتە كىشىلەرگە كۆرۈنگەندەك رەقىبلەر ھېچقاچان ساختا ، ئالىيجانابلىق چۈمپەردىسى ئىچىدىن ئالۋاستى قىياپە- تىنى ئاشكارىلىمايدۇ . بۇ ھەقىقەت فىلىمدە تولۇق ئېچىپ بېرىلگەن . سىرتتىن كەلگەن جازانىخورلار پۇل ۋە يۈز ـ ئابرۇيغا تايىنىپ يەرلىك ھۆكۈمەت بى-- لەن ئەمەلدارلارنى ئالداپ ـ سىلاپ ، بوينىغا رەڭگا- رەڭ سۆز دۇردانىلىرىدىن سىرتماق ياساپ گۈلچەمبى- رەك سۈپىتىدە ئېسىپ قويۇشقان . شۇڭا ئىناقلىق ، يول قويۇش ، ھۆرمەتلەش ، باراۋەرلىك دېگەندەك سىر- لانغان گال ئورغاقتا كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم ۋە بەختسىز- لىكىنى ئەجىلىدىن بۇرۇن بەجا كەلتۈرۈشىدۇ . كىشى- لەرنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرى . ئەقەللىي ھوقۇقىنىمۇ دەپسەندە قىلىدۇ . ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتى ئۈ- چۈن سىياسەت ، پىلانلارنى يولغا قويىدۇ . يەرلىك خەلقلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدۇ . بۇنداق ئەھۋالغا چى- داپ تۇرالمىغان باش قەھرىمان ئوتتۇرىغا چىققاندا ئۇ-

نىڭغا يەنە ئۆزلىرىنىڭ سەپسەتىسىنى مۇنداق ئېيتىدۇ :
— بۇ بىزنىڭ يېرىمىزنىڭ ئىچكى ئىشى ، سەن
ياقا يۇرتلۇقنىڭ بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىشقا نېمە
ھەققىڭ !

يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆز خىزمىتىدىن ، ھوقۇقى-
دىن ، مال - مۈلكىدىن ، ساختا ئابرۇيىدىن ئايرىلىپ
قالماسلىق ئۈچۈن ئۆز خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرت ھوقۇ-
قىنى نومۇسسىزلارچە ياتلارغا ئېلىپ بېرىپ يەنە بو-
سۇنچاق قىلىپ بېرىدۇ . فىلىم مانا بۇ تەرەپلەرنى
تولىمۇ ئىنچىكە سۈرەتلەپ قاتتىق پاش قىلىدۇ ھەم
تەنقىد قىلىدۇ . كىشىلەرگە بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش
يولىنى ئۆگىتىدۇ .

زېمىن — بىزنىڭ ھاياتلىق مەقسىتىمىز ، كەل-
گۈسىمىز ، غايىمىز . ئۇ بىزنىڭ ھوقۇق ئېگىمىزغا
چەمبەرچاس باغلانغانچقا ، ئۇنىڭ خارابىلىكى ، چۆلسې-
رىشى — بىزنىڭ ھايات رىشتىمىزنىڭ ئۆلگىنىدۇر .
كىمكى بۇنى ئۆز ۋۇجۇدىدا يۇغۇرۇپ ، تاۋلاپ كەلگۈسى
ئۈچۈن بېغىشلىيالىسا شۇ خەلقنىڭ كېلەچىكى گويا
تۈن ئاسمىنىنى يورۇتقان ھىلال ئاي ۋە چاراقلىغان
يۇلتۇزلارغا ياكى شەرقتىن قان رەڭگىنى ئالغان سە-
ھەردە قۇياشنىڭ پارلىغانلىقىغا ئوخشاش يورۇيدۇ .

ئۇلۇغ ھەقىقەتلەر كۆپىنچە ئادەتتىكى سۆزلەر ئى-
چىگە يوشۇرۇنغاندەك ئاددىي تۇرمۇش دېتاللىرى بىلەن
سۈرەتلەنگەن فىلىم سۇژىتىنىڭ راۋاجى كىشىنى چوڭ-
قۇر ئويغا سالىدىغان چوڭ نازۇك مەسىلە بىلەن يۇقى-
رى چوققىغا كۆتۈرۈلگەن . فىلىم تېمىسى بىرەر رايون
ياكى بىرەر مىللەتكىلا تەۋە ئەمەس ، بەلكى ئاچچىق
سەرگۈزەشتىلەرگە ھەمراھ بارلىق خەلق ھەم ئۇلارنىڭ

ماكانىغا ئورتاق . يەنى ئۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ كۆز يې-
شىغا ئورتاقلىشالايدۇ . يۈرىكىنى جاراھەت قاپلاپ كەت-
كەن ، تېڭىرقاش ، چۈشكۈنلۈككە ئەسىر بولۇپ خا-
مۇش كۈن ئۆتكۈزىدىغان ، ئۆي - ماكانىغا ئىگە بو-
لالماي كىشىلەر ئىشىكىدە تەلمۈرۈپ يۈرۈيدىغان زە-
ئىپ - بىچارىلەرنى ئويلاندۇرىدۇ . ئۇلارنىڭمۇ ئۆز
ئائىلە ماكانىنى ، غايىسىنى ئىزدەپ تېپىۋېلىشىنى تە-
شەببۇس قىلىدۇ .

ئەگەر سەن ئۆز زېمىنىڭنى ، ئۆزۈڭنىڭ ئۈمىدىڭ
دەپ قارىساڭ ئۇنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىيالايسەن . ئۇ
چاغدا سېنىڭ غايەڭدىن بىر قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقى-
دۇ . فىلىمدىكى ئاددىي ئەمما تەسىرلىك چىن ھېسسى-
ياتلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىگە يوشۇرۇنغان ئۇلۇغ
بىر ھەقىقەتنىڭ يۈرىكىمنى تىترىتىشى مېنىڭ بۇ ھەق-
تە قولۇمغا قەلەم ئېلىشىمغا تۈرتكە بولدى .

## 6 . مەھكۇملۇق ۋە دوزاخ

— ھېكايە فىلىم «دوزاخ زادى نەچچە قەۋەت» ھەققىدە

ھەرقانداق ھۆكۈمران كۈچ ئۆز ھۆكۈمرانلىق
سىياسىتىدە ئۇنىڭغا بېقىندى بولغان كۈچنى ئۆزىگە
بويسۇندۇرغانلىقىنى ، مەھكۇم قىلغانلىقىنى ئېتىراپ
قىلمايدۇ . بېقىندى خەلق ئۆز مەھكۇملۇقىنى ماھىيەت
جەھەتتىن ھېس قىلىپ ھەم چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن
چېغىدىلا بۇ مۇھىتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاكتىپ ھە-
رىكەتلىنىدۇ . مانا بۇ مەن كۆرۈۋاتقان فىلىمدىكى ھە-
قىقەت . ئۇ مەھكۇملۇق بىلەن مەھكۇملۇققا قارشى كۈ-
رەش ، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدا
ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانغان سېلىشتۇرما كۆرۈنۈشى-
دىن ئىبارەت .

كىنونى كۆرۈۋېتىپ ئويلىنىپ قالدىم ، مەھكۇم قىلغۇچى ، تاجاۋۇزچى بىلەن بېقىندى بولۇپ ياشاۋاتقان مەھكۇم خەلقنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇلۇغ مىللىي روھ بىلەن زىممىسىگە يۈكلەنگەن بۇرچ-نى ئادا قىلغۇچىلار . بىرسى ئۆز زېمىنىنىڭ تاجاۋۇز-چى كۈچلەر تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىنىپ ، دەپ-سەندە قىلىنىشى ، قۇل قىلىنىشىغا قارشى تۇرىدۇ ، ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ، تولۇق ئىقتى-سادىي ، سىياسىي ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەشكۈچىلەر ، يەنە بىر تەرەپ يىراق ئوكياندىن ئۆتۈپ ئۆز تەسىرىنى قورال ھەيۋىسى ، قانلىق ئۇرۇش ئارقىلىق كېڭەيتكۈ-چىلەر ، ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئۆز مىللىتى-نىڭ پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولىدىغانلىقىنى ، مىسلىسىز قۇدرىتىنى جاكارلاش . بۇ ۋەزىپىنى ئۇرۇشنىڭ بىرىن-چى سېپىدە ساموراي ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان جەڭچى-دىن تارتىپ ئارقا سەپتە ئۇلارنىڭ «مەنىۋى» ئېھتىيا-جىغا ماسلاشقان ھەمراھ بولغۇچى ئاياللار قوشۇنىغىچە ئۆز ئۈستىگە ئالغان . لېكىن ئۇرۇش ، قىرغىنچىلىق مەيلى غالىبىيەتچى ئۈچۈن بولسۇن ياكى مەغلۇبىيەتچى ئۈچۈن بولسۇن ئىنتايىن ئېچىنارلىق بالايىئاپەت . مە-لۇم مەنىدە مەھكۇملۇقتا قالغان خەلقنىڭ جەمئىيىتى بىر دوزاخقا ئوخشايدۇ ، پەقەت ئۇ ئۆزىنى تازىلاش ، يېڭىلاش ، كۈچەيتىش ئارقىلىق بۇ دوزاخنى يوقىتىشى كېرەك . ئۇنداقتا دوزاخ زادى نەچچە قەۋەت ؟ «دوزاخ زادى نەچچە قەۋەت» فىلىمدە مانا بۇ سوئالغا مىللەت-نىڭ ، دۆلەتنىڭ ۋە شەخسنىڭ ئېچىنىشلىق تراگېدى-يىسى يوشۇرۇنغاندى . فىلىمدىكى بۇ قىز ياپونىيە-نىڭ چەت بازىرىدىن زورلۇق بىلەن ياپون ئارمىيىسى-

نىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ ئۇلارغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن
ساموراي پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جۇڭگونىڭ
شەرقىي شىمالىغا ئېلىپ كېلىنگەن بەختسىز قىز ـ
ئاياللارنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى . ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ
كېتىپ يۇرتتا قالغان ئىنىسى ئۈچۈن ئۇ باشقىلارغا
ئوخشاش جەڭ مەيدانلىرىدا ياپون ئارمىيىسى نەگە بار-
سا شۇ يەرگە بېرىپ ئۇلارنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى
قاندۇراتتى . بىر كۈندە نەچچە ئونلىغان ياپون قوشۇن-
نىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ ئۇلار بەرگەن ئازغىنە پۇلنى
يىغىپ ئۇرۇش بالدۇرراق ئاياغلاشسا ياپونىيىگە قايتىپ
ئىنىسى بىلەن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرمەكچىدى .
ئەپسۇس ، ئۇ ئاچچىق تراگېدىيىگە دۇچ كەلدى . ئۇ
ئۆزى قوبۇل قىلغان ئاشۇ جەڭچىلەر ئارىسىدا ئۆز
ئىنىسىنىڭ بارلىقىنى نەدىن بىلسۇن ؟ ئىنىسى ئۆز
ئاچىسىنىڭ بۇ يەردە پاھىشىگە ئايلانغانلىقىنى ، يەنە
كېلىپ ئۆز ئاچىسى بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قىلىدىغى-
نىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى . ئىش تۈگىگەندىن كېيىن
ئۇ پاراڭ ئارىلىقىدا بۇ پاھىشىنىڭ دەل نەچچە يىللار
ئىلگىرى ياپونىيىدىن كەتكەن ئاچىسى ئىكەنلىكىنى بى-
لىدۇ ـ دە ، ئار ـ نومۇسقا چىدىماي ئاچا ـ ئۇكا
بىرلىكتە ئۆزلىرىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈۋالىدۇ . غەرب-
تە ئودىپوس تراگېدىيىسىدە يېڭى پادىشاھلىققا تەيىن-
لەنگەن يىگىتنىڭ ئۆز ئانىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ ئۇنىڭ-
دىن پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ سەۋە-
بىنى چۈشىنىپ يەتكەندە كۆزىگە ياغاچ سانجىپ باياۋانغا
چىقىپ كەتكەنلىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ جاھىل-
يەت ، نادانلىق ، ئاڭسىزلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىد-
دى . ئەمما 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ھەقىقىي

دوزاخنىڭ قىياپىتى تەسۋىرلەپ بېرىلگەن «دوزاخ زا-
دى نەچچە قەۋەت» فىلىمىدىكى تراگېدىيە مەدەنىيەت-
لىك، ئاڭلىق، يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان
ئىنسانلىنىڭ قىلمىشى پەيدا قىلغان تراگېدىيىدۇر. مۇد-
داق پاجىئەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يېزىپ قالدۇر-
غان مۇخبىر قىزمۇ ئاقىۋەتتە مۇشۇ تراگېدىيىنىڭ بىر
قاتناشقۇچىسى ئىدى. ئۇ ئۆمرىنى پاجىئە بىلەن ئاخىر-
لاشتۇردى. ئۆزى قاتناشقان رېئاللىق ۋە بارلىق ياپون-
يە قىز - ئاياللىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان
ۋەھشىي ئۇسۇللاردا ئوخشىمىغان پاجىئەلەرگە يولۇ-
قۇش، ھاياتىنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئاخىرلاشتۇرۇشى
ئەلۋەتتە ئۇلار ياشىغان رېئال دوزاختا كۆيۈشتىن دې-
رەك بېرەتتى. ئۇلار بۇ رەزىل ئۇرۇشنىڭ ئۆزىگىمۇ
مىسلىسىز زور بالايىئاپەت، ھالاكەت ۋە ئۆلۈم ئېلىپ
كەلگەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىپ يەتكەن. شۇڭا ئۆزلى-
رىنى دوزاخقا مەھكۇم قىلغان بۇ ئۇرۇشتىن، ئۇرۇش-
نى قوزغىغان تاجاۋۇزچىلاردىن بىزار بولدى، نەپرەت-
لەندى. ئادەملەر «تەڭرى» ئوبرازىنى تەسەۋۋۇر قى-
لىپ ئۇنىڭ تەلىماتىنى شەرھلىگەندە ئىلاھ كۈچ -
قۇدرىتىنىڭ ۋە ئىلاھىي تەقدىرىنىڭ بەلگىسى قىلىپ
«جەننەت» بىلەن «دوزاخ» نى ياراتتى. دەرۋەقە، بۇ
قاراش ئوتتۇرىغا چىققان قەدىمكى مىسىردىن گرېتسى-
يە، رىمغىچە، شەرقتە ھىندىستاندىن غەربتە ئەرەب
يېرىم ئارىلى، پارسلارغىچە «جەننەت» ياخشىلىق قىل-
غان ھەققانىيەت كۈچلىرىنىڭ ئۇ دۇنيادىكى مەڭگۈلۈك
پاراغەت دۇنياسى دەپ، «دوزاخ» يامانلىق قىلغۇچى
گۇناھكار بەندىلەرنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن سوراققا تار-
تىلىپ مەڭگۈ جازالىنىدىغان ماكانى دەپ تەسەۋۋۇر

قىلىنغانىدى . ئۇ پەقەت ياخشىلىق ، گۈزەللىك بىلەن يامانلىق ، خۇنۇكلۇكنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى . ئەمما قىلمىدىكى دوزاخ قانداقتۇر غايىۋى ئۇ دۇنيادىكى ئازاب دەرگاھى بولماستىن بەلكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچمۇ ، قىلىنغۇچمۇ ئۆزلىرى ئۇچراۋاتقان رېئال ھاياتنىڭ ئېغىر تەھدىتى ، بېسىمى ، خورلۇق دوزىخى ئىدى . ئىنسانىيەت بۇ بىر ئەسىردىن بېرى دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ چېنىقتى . ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئىنسانىيەتنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېغىر خارابلاشتۇرۇۋەتكەن ئىككى قېتىملىق دوزاختا كۆيۈشنىڭ پاكىتى ئىدى . ھەربىر رايوندىكى مىللەتلەر بىلەن دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش جەريانىمۇ دوزاختا تاۋلىنىش ئىدى . ئۇلار سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش ۋە قۇرۇش ، مىللىي ئىگىلىك ھەم كىشىلىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت پارلاق مەنزىلگە — كىشىلىك دۇنياسىدىكى «جەننەت» كە يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى . قان كېچىپ جەڭ قىلىپ ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق جەننىتىنى قۇرۇپ چىقتى . مەيلى غەرب دۇنياسىدا ياكى شەرقتە بولمىسۇن بۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە نۇرغۇن ئەل ۋە خەلقلەر ئومۇمەن قۇل ئورنىدا ياشاپ تاجاۋۇز قىلىنىشقا ئۇچراپ مەھكۇملۇق ، بېقىندىلىقتا ياشىدى . 2000 مىڭ يىللىق فېئوداللىق پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاستىدا خارلانغان ، ئېزىلگەن جۇڭگولۇقلار بۇ ئەسىردىن بېرى بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇش ، بۇ دوزاخنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ ئۇنى جەننەتكە ئايلاندۇرۇش يولىدا 30 نەچچە يىل قان كېچىپ كۈرەش قىلغانىدى .

جۇڭگو خەلقى مۇستەھكەم كۈرەش ئىرادىسى، كۈچ-
لۈك مىللىي ئاڭ بىلەن قوراللىنىپ دۈشمەنلەر بىلەن
تىغمۇتىغ ئېلىشىپ مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ، مۇستە-
قىل تولۇق ئىگىلىك ھوقۇققا ئىگە مىللىي دۆلەتنى
قۇردى. رەڭلىك ھېكايە فىلىم «دوزاخ زادى نەچچە
قەۋەت؟» ناملىق بۇ فىلىم ئاشۇنداق قانلىق تارىخ-
نىڭ، ئۇزاق مىللىي ئىنقىلابنىڭ ئەڭ كەسكىن بىر
دەۋرىنى، قۇللۇق، بېقىندىلىق ئىلكىدە بۇ دۇنيادا
تەڭسىز، باراۋەرسىز ئورۇندا دوزاخ ئازابىنى تارتقان
ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان خەلقنىڭ قىياپىتىنى جانلىق
ھەم تەسىرلىك يورۇتۇپ بېرەلىگەن. ئۇرۇشنىڭ ئىن-
سانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان بالايىئاپەتلىرى بىلەن
ئەركىسىزلىك، بېقىندىلىق ھاياتنىڭ قانچىلىق قاراڭغۇ
ۋە زۇلمەتلىك ھايات ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ
بېرەلىگەن.

ھەقىقەتەنمۇ «جەننەت» ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى-
نىڭ جەننىتى. ئۇ شۇنىڭغا مەنسۇپ. دوزاخ — ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىنغۇچىنىڭ ئاجىز، زەئىپ كۈچىنىڭ
دوزىخىدۇر، «جەننەت» قانچە يورۇق، ئازادە، پار-
لاق، راھەت - پاراغەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە
«دوزاخ» شۇنچە ۋەھىمىلىك، سىرلىق، زۇلمەتلىك
ۋە ئازابلىق بولىدۇ. جەننەتكە كىرىش ھەممە ئادەمنىڭ
ئارزۇسى بولسىمۇ دوزاخقا ئىنتىلىدىغانلار يوق. لې-
كىن، رېئال دۇنيادا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تونۇ-
غان، ئېتىراپ قىلغان ھەرقانداق بىر ئادەم ياكى خەلق
ئۆزلىرىنىڭ جەننىتىنى يارىتىشنى، دوزاخنى يوقى-
تىشنى ئارزۇ قىلماي قالمىسا كېرەك. ئۇنداقتا دوزاخ
نەچچە قەۋەت؟ ئۆزىنىڭ مەھكۇملۇق، بېقىندىلىقى قاى-

چىلىك ئېغىر بولسا ئۇنىڭ دوزىخى شۇنچە قەۋەت ،
پەقەتلا گەپ ئۇنى بىز ئۆزىمىزنىڭ قانچىلىك ئېغىرلى-
تىۋېتىشىمىز ياكى يوقىتالىشىمىزدا ، بۇنىڭ ئاساسى
دەۋر قويىنىدا ياشاپ ، ئۇنىڭ تەلىپىنى ھېس قىلغان
ئۇلۇغ ئادەملىرىنىڭ نىيەت قىلىشىدىلا ئەمەس بەلكى
ھاياتنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىشىدا .

## 7 . زىيالىيلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ئويلىنىش

—— «پاي چېكى مەستانىلىرى» فىلىمىنىڭ ئىجتىمائىي ،
تەربىيىۋى ئەھمىيىتى

ھاياتلىق ۋە تۇرمۇش — كۆپ خىل كاپالەتكە
موھتاج . ئۇ ئىنساننى ئۆزىدە بار ئىقتىدارغا تايىنىپ
جەمئىيەتتە قىممەت يارىتىش يولىدا ھەرىكەت قىلىشقا
ھەمدە بارلىق پايدىلىق ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇشقا
ئۇندەيدۇ . ئەمما ، ھايات ئېرىشكىنىگە يەنە يېڭى كاپا-
لەت تەلەپ قىلىدۇ . رازى بولماسلىق ، قولغا كەلتۈر-
گىنىگە «تويماسلىق» ئىنساننىڭ تەبىئىتى . ئازابلىق
كەيپىيات ، خورسىنىش ، قايغۇ ھەتتا ئۆلۈم ئەنە شۇ
«تويماسلىق»نىڭ بىر خىل ئىنكاسى . مۇبادا ، ئىنسان-
لار ھايات مۇساپىسىدىكى موھتاجلىقتىن ، يەنى ئوزۇق-
لىنىش ، ئۆي - تۇرالغۇ ، خىزمەت ، ئىش ھەققى قا-
تارلىق تەرەپلەردە موھتاجلىقتىن خالىي بولغان بولسا ،
ئۇلارنىڭ ھاياتتىكى ئاچچىق كۆز يېشى ، ھاياتتىن بى-
زارلىق تۇيغۇسىمۇ بولمايتتى . دەۋردىن ، جەمئىيەت-
تىن ئاغرىنىش ، ئاكتىپ تەدبىردىن پاسسىپ ئىنكاسقا
ئۆتۈشنىڭ يىلتىزى ئىنسان ھاياتىغا زۆرۈر ماددىي ھەم
روھىي موھتاجلىقتىندۇر . ئۇ شەخسنىڭ ئازاب - قاي-
غۇسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە ، شەخس ئېڭىدا داۋال-
غۇش پەيدا قىلىپ ھەتتا بەزىدە ئادەمنىڭ پۈتۈن ھايات

يولىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.
كىشىلەر ئېغىر كۆچلۈك رىقابەت ئىچىدە مۇرەك-كەپلىشىپ ئىجتىمائىي قىممەت قارىشىدا زور ئۆزگى-رىش بولۇۋاتقان بۈگۈنكى مۇھىتتا سىياسىي ئىقتىسا-دىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ كىشىلەر ئېڭىدا جىددىي تەۋرى-نىش قوزغىغانلىقى سەنئەتنىڭ ھەربىر تارمىقىدا ئۆز ئەكسىنى تاپماقتا. جۇملىدىن كىنودىمۇ ئىپادىلەنمەك-تە. جۇڭگونىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىكى ئەڭ تېز، جىد-دىي داۋاملىشىدىغان ئاسان بېيىغىلى بولىدىغان كەسىپ سۈپىتىدە خەلق تۇرمۇشىنى داۋالغۇتۇۋەتكەن بىر خىل ئىجتىمائىي تارقىلىشچان كېسەل — «پاي چېكى كې-سىلى» دىكى ئازابلىق خورسىنىش ھېكايە فىلىم «پاي چېكى مەستانىسى» دە مەركەزلىك سۈرەتلەنگەن. فى-لىمدە ھەيۋەتلىك، زور ۋەقەلەر يوق، پەقەت كىشى-لەرنىڭ تۇرمۇشىدا مەۋجۇت ئادەتتىكى ۋەقە، نورمال كۈندىلىك خىزمەتتىن ئىبارەت. ئەمما تۇرمۇش تراگې-دىيىسى ئاشۇ ئادەتتىكى ۋەقەلەردىن پەيدا بولىدۇ. فىلىمدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش بېكىتىنىڭ بېلەت ساتقۇچىسى لى لى پاي چېكى سودىسىدىن ئىبارەت بۇ خەتەرلىك ئازابلىق قايىنامغا كىرىپ كەتكەن شەخس ئىدى. بەزى كىشىلەرنىڭ بىر-دىنلا مىليونېرغا ئايلىنىپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان كۆپ پۇلغا ئېرىشىپ جەمئىيەتتە «ئېسىللار» قاتارىغا ئۆتۈپ شۆھرەت قازىنىشى نۇرغۇن كىشىنىڭ قانلىرى-نى ئۇرغۇتۇپ، گويا ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتاتتى. ئە-مەلىيەتتە ئاتالمىش «ئاسان» بېيىدىغان كەسىپ بول-غان پاي چېكى سودىسىدا مىليونېرلار بىردىنلا ھەممە نەرسىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىپ تۈگىشەتتى. ئەمما شۇ-

نىڭغا قارىماستىن ، لى لىغا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەر
بۇ ئىشقا ھەۋەس قىلاتتى . گەرچە ئۇ ئېرى ھەم قىزى
بىلەن ئۆيى تارلىقىغا باقماي بەختلىك ، خاتىرجەم يا-
شاپ ، ئۆزىنىڭ ئاددىي خىزمىتىنى ياقتۇرسىمۇ ، ئەمما
قەلبىنىڭ تەكتىدە ئۆز تۇرمۇشىدىن نارازى . كۆڭلىدە
باشقىلاردەك كەڭ ، ئازادە ، چىرايلىق بېزەلگەن ئۆي-
لەردە ئولتۇرۇشنى ، ئىش ھەققىنىڭ يۇقىرى بولۇشى-
نى ئارزۇ قىلىدۇ . پۇل ۋە يۇقىرى تۇرمۇشقا ئىنتى-
لىش ئۇنى ئويلىمىغان يەردىن پاي چېكى قايىنىمىغا
سۆرەپ كىرىدۇ . شياڭگاڭلىق بىر سودىگەرگە ۋاكالى-
تەن پاي چېكى سېتىۋېلىشقا ئۆز قوشنىلىرىنى ئۆچە-
رەتتە تۇرغۇزۇپ ئارىدىن خېلى جىق پايدا ئالغانلىقى
ئۇنىڭ قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى . چۈنكى ، با-
زار ۋە قىممەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئىقتىسادىي سەۋىيىسى
تېخى يېتىشەلمەيۋاتقان خەلقنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى
جەمئىيەتنىڭ يېڭىچە قىممەت ئۆلچىمىنىڭ خىرىسى ۋە
تەھدىتىگە ئۇچرىتىپ خىزمەت ، تۇرمۇش ، ئائىلە ھايا-
تىنى جىددىيلەشتۇرۇپ قويغانىدى . شۇنىڭ بىلەن لى
لى ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىغا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەر
تۆۋەن سەۋىيىدە ھايات كەچۈرۈپ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ،
ئادەمگەرچىلىك پەزىلىتىنى جارى قىلىپ كەلگەن ئۆز-
لىرى بىلەن يۇقىرى سەۋىيىدە ئالاھىدە ھايات كەچۈرۈ-
ۋاتقانلار ئارىسىدىكى ئارىلىقنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئا-
زابلانغان ھالدا تەۋەككۇل دەرياسىغا ئۆزىنى ئېتىپ «يا
سايرامدىن يا قايىنامدىن» چىقماقچى بولۇشقانىدى . ھۆ-
كۈمەت خىزمەتچىلىرى ئاددىي خىزمەت بىلەن تاپقان
ئازغىنە مائاش بىلەن ياخشى كۈن ئۆتكۈزۈش تەسلىكى-
نى ، تىجارەتچىلەر ئۇششاق تىجارىتىدە پايدا تاپالمىغانى-

لىقىنى ئويلىغاندا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەپ يۈرگەندە «پاي چېكى» دىن ئىبارەت ۋەھىمە، تەشۋىش، ئازاب، بەختسىزلىك، كۆز يېشى تولغان كېسەلگە ئۇچراپ قېلىشتى. ئۇلار قوللىرىدا لىق تۇتام - تۇتام پۇل ساناپ چۈش كۆرەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ پاي چېكى سودىسىدىكى «خۇمار بولۇش كېسىلى» نى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. شۇڭىمۇ لى لى خىزمەت، ئائىلىسىنى تاشلاپ پاي چېكى بازىرىغا كىرىپ كەتكەندى. نەتىجىدە، ئىناق ئائىلىۋى مۇناسىۋەت يىرىكلەشىپ ئېرى ئاجرىشىش تەلىپىنى قويۇش دەرىجىسىگە يەتتى. لى لى شىياڭگاڭلىق سودىگەرنىڭ ئۆزىگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىشىنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياردىمىنىڭ ھەققى دەپ قارىسىمۇ ئېرى ئەنئەنىۋى ئەخلاق نۇقتىسىدىن بۇنى سىغدۇرالمايتتى. ئايالى بولسا پەقەت ئۇنىڭغا تايىنىپ پۇل تېپىپ كەڭرەك ئۆي سېتىۋالماقچىدى. بۇنى ئېرى چۈشەنمەيتتى. پاي چېكى بازىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بېيىش ياكى ۋەيران بولۇش قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش. شۇنداق تۇرۇقلۇق لى لىنى ئاخىرغىچە مەجبۇر قىلغان نەرسە نېمە؟ ئۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا موھتاجلىق. ئەنئەنىۋى كىشىلىك قاراش ئۆلچەملىرىنى ئۆزگەرتكەن نەرسىمۇ پۇل. چۈنكى، پۇل بولسا مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي ئورۇن، تۇرمۇش، ھەممە ياخشىلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھازىرقى ئىپادىلەۋاتقان «تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتى» پۇلنىڭ يەنە ئادەمنى ياللاپ ئىشقا سالالايدىغان كارامىتىمۇ بار. لېكىن «پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» ئاددىيسى پۇلى، بايلىقى بولمىسا قوشنىسىنىڭمۇ قىزغىن

مۇئامىلىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ . فىلىم ئاخىردا لى لى
پۇتۇنلەي زىيان تارتقاندا ئۇنىڭغا يېلىنىپ ياردەم تىلە-
گەن قوشنىلارمۇ ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشتى .
دېمەك ، ئاخىردا ئۇ كۆز يېشى بىلەن ئاخىرلاشتى .
پۇلنى شەرت قىلغان قىممەت قارىشى ۋە جۇڭگو كىشى-
لىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ياخشى ئەخلاق - پەزىلىتى ، ئادەم-
گەرچىلىكى ھەم قىممەت ئۆلچىمىنى زور دەرىجىدە
خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتتى . فىلىمدە مۇشۇ تەرەپ ئالاھىدە
ئاشكارىلانغان ھەم تەنقىد قىلىنغان .
بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ زىيالىيلار قاتلىمى
شۇ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ پەن مەدەنىيەت يۈكسىلىشىدى-
كى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ . ئۇلاردا يۈكسەك مىللىي
مەسئۇلىيەت ، بۇرچ ھەم ئۆزىنى بېغىشلاش تۇيغۇسى
بار . جەمئىيەت ئۇچۇن ئۇلار يارىتىپ بېرىدىغان ھەم
ھەرىكىتىدە ئىپادىلەيدىغان قىممەتنى ھەر قانچە كۆپ
پۇل بىلەنمۇ ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ئۇلار
جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى تەرىپىدىن قوغدى-
لىش ، قەدىرلەش ، ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك . لېكىن
موھتاجلىق ، نامراتلىق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ تىنچ
ھايات كاپالىتىگە ئېرىشەلمىسا ئۇ چاغدا نېمىگە مەج-
بۇرلىنىدۇ ؛ فىلىمدىكى ئۈچ جان ياشايدىغان كىچىك-
كىنە بىر ئېغىز ئۆيىنىمۇ ھۆكۈمەت ئېتىبار قىلىپ
بەرگەن . ئايالىنىڭ مۇنداق مۇشكۈل مۇھىتتىن قۇتۇ-
لۇش يولى ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەر بولغۇچى
ۋىجدانى ئازابلانماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟ پۇل تېپىپ ئائى-
لىسىنى بېقىش ئۇچۇن خىزمەتنى تاشلاپ تەۋەككۇلچى-
لىك قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟ ئەگەر مەغلۇپ بولسا ،
ئۆزىنىڭ ئەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلالمىغانلىقىدىن ئۇ-

لۇۋېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى جازالىماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ ياق، ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. فىلىمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈ-شىگە يوشۇرۇنغان تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك مەسىلە جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئازابلىق، مۇشكۇللۇكى ھەققىدىكى ئاچچىق خورسىنىش.

فىلىمدىكى لى لىنىڭ يولدىشى بىر تەتقىقات خادى-مى، ئەمما ئۇنى ئۆلۈۋېلىشقا نېمە مەجبۇر قىلدى؟ توغرا، ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ بار ئىدىغۇ؟ گەپ بۇلارنىڭ بولۇشىدا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ مەۋجۇت ھاياتنىڭ يې-تەرلىك كاپالەتكە ئىگە بولالماسلىقىدا. ئۇ ئايالىنىڭ بىر ئۆي سېتىۋېلىپ ئولتۇرماقچى بولۇپ يات بىر ئەر بىلەن قىزغىن ھەمكارلىشىپ تەۋەككۇل قىلىۋاتقانلى-قىنى بىلگەندە ئۆزىنىڭ يارامسىز ئەرلىكىدىن، بىر ئائىلىنى باقالمايۋاتقانلىقىدىن ئازابلىنىدۇ، غەزەپلىنى-دۇ. ئەرلىك غۇرۇرى قاراپ تۇرۇشقا يول قويمايدۇ، شۇڭا دوستىدىن نۇرغۇن پۇل قەرز ئېلىپ پاي چېكى سېتىۋالىدۇ. ئەمما ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمىگەچكە بىر-دەمدىلا ھەممە پۇلدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ـ دە، بۇ توگىمەس ھەسرەت ئۇنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ ئۆلۈم يو-لىغا مەجبۇرلايدۇ. دەل شۇ چاغدا ئايالىمۇ نۇرغۇن پۇلنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ بۇنى ئاز دېگەندەك قىزى جىددىي ئاغرىپ قالىدۇ. دوختۇرخانىغا بېرىش يولىدا ئېرىنىڭ ئۆزىگە يازغان خېتىدىن ئېرىنىڭ بىنادىن ئۆزىنى تاش-لىماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ دەرھال پاي چېكى بىنا-سىغا بارىدۇ. يۈز بېرىش ئالدىدىكى بىر پاجىئەنى ئائىد-لە، پەرزەنتىنىڭ چىن مۇھەببىتى توسۇپ قالىدۇ. ئېرى ئەنە شۇنداق مەغلۇبىيەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەر بولۇش سالاھىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ھاياتى-

نى ئاخىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى ئاقلىماقچى بو-
لىدۇ. بۇ مەردانىلىك، قەھرىمانلىق ھەم قەدىرلىك
ئۆلۈم بولاتتى. شۇ چاغدىلا بۇ زىيالىيلار تۇرمۇش
ئەھۋالى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېچىنىشلىق تراگېدىيە
بولاتتى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ تار بىر ئېغىز
ئۆي، ئۈستىگە كىتابلار قات - قات تىزىلغان، ئۈستەل
ئالدىدا قىسىلىپ مۇكچىيىپ ماتېرىيال كۆرىدىغان تەت-
قىقاتچى، كىشىلەر تىل - ئاھانىتىنى ئىشىتىپ كۆ-
نۈپ كەتكەن بېلەت ساتقۇچىنىڭ ئازغىنە مائاش بىلەن
ئاددىي - ساددا ئوزۇقلىنىش، يەنە سوغۇق ئىچىملىك
ئۈچۈن كېرەكسىز كونسېرۋا قۇتىلىرىنى سېتىش ئاد-
دىي ھالەتتەك كۆرۈنسىمۇ ئۇنىڭدىن بىر مەنە، پىكىر
كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدى-
مىزدىن كەتمەيدۇ. شۇ چاغدا يەنە كۆز ئالدىمىزدا
قىممەت باھالىق زامانىۋى سۆزلىشىش ئاپپاراتى كۆتۈ-
رۈۋېلىپ، پۇلى ۋە ئازغىنە شۆھرىتى بىلەن ئادەملەر
ئارىسىغا سىغمايدىغان شۆھرەتپەرەس مەنمەنچىلەر «ئې-
سىللار» پەيدا بولىدۇ. بۇ جۇڭگو زىيالىيلىرى تۇرمۇ-
شى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما، «پاي چېكى مەستاند-
سى» فىلىمىدە دەل مۇشۇ پەرقنى زورايتىۋەتكەن كى-
شىلەر ئېڭىدىكى ئادەم ۋە ھايات قىممەت ھەققىدىكى
ئىككى خىل قىممەت ئۆلچىمى ھەمدە بارغانسېرى غۇۋا-
لىشىپ كېتىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي ئاڭ ۋە ئادەم-
گەرچىلىك قارىشىنى مەسخىرە قىلىدۇ.

## 8. شىنجاڭ مىللىي كىنوچىلىقىنىڭ كۆزنىكى

—— «تەڭرىتاغ ئېكرانى»نىڭ 200 سان نەشر قىلىنغانلىق خاتىرى-
سىگە

بۇ يىل دۇنيا كىنوچىلىقىنىڭ 100 يىللىق خاتى-

رەيلى. بىر ئەسىرلىك تارىخىي مۇساپە داۋامىدا ئۈز-
لۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئىنسانىيەت روھىنىڭ مۇ-
رەككەپ ئىچكى قاتلاملىرى بىلەن مىللىي پسىخىك
يۈزلىنىشلىرىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن بۇ
ياش، قىران، جازىبىدارلىقى كۈچلۈك سەنئەت پۈت-
كۈل دۇنيانىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكلىرىنى
سۈرەتلەش بىلەن بىللە ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ئىرق-
لارنىڭ ئۆزىنى تونۇش، چۈشىنىش، ئۆز مەدەنىيىتى-
نىڭ يىراق ئەنئەنىسىنى، چوڭقۇر يىلتىزىنى ئىزلەش-
تىن ئىبارەت تۈپ مەنىۋى بۇرچى ھەققىدە ئىزلىنىپ
كەلدى. كىنو ۋە كىنو ئىجادىيىتىنىڭ كۆپ خىل
قاتلاملار، ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلەر بويىچە راۋاجلى-
نىپ بۈگۈنكىدەك يۇقىرى سېھرىي كۈچكە ئىگە بولال-
شىدا بىۋاستە تۈرتكە بولغۇچى ئامىل دەل بۇ ھەقتىكى
ئىزلىنىش، مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش بەدىئىي زوق بىلەن
تەنقىد ئوبزورچىلىقىنى ئەينەك قىلىشتىن ئىبارەت.

بىز بۈگۈن شىنجاڭنىڭ كىنو ئىشلىرى ساھەسى-
دىكى بىردىنبىر نەشر ئەپكارى — «تەڭرىتاغ ئېكرا-
نى» نىڭ 200 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى خاتىرىلەۋاتى-
مىز. ئۇ تۈرلۈك بوران - چاپقۇن ئىچىدە 40 يىلنى
ئۆتكۈزۈپ خېلى چېنىقتى، شىنجاڭ كىنوچىلىقى سەن-
ئىتى ئەزەلدىن «تەڭرىتاغ ئېكرانى» بىلەن تەڭ قەدەم-
دە ماڭدى. كىنوچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى، يېڭىلى-
قى سەلبىي ناچار تەرەپلىرى، كىنوچىلىقىمىزنىڭ
ئىلگىرىلەش - چېكىنىش ئەھۋالىمۇ بۇ مۇنبەردە سۆز-
لەندى. ئۇنىڭ ئۆتكەنكى 200 سان سەھىپىلىرىنى
ئەسلىگىنىمىزدە «تەڭرىتاغ ئېكرانى» دىن ئۇيغۇر كى-
نوچىلىقىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىگە يۈز-

لىنىشىگە نەزەر سېلىش ئىستىكى ئويغىنىدۇ .
ئېكراندا ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ تەسۋىرلىنىشى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان سەنئىتىنىڭ يېقىنقى 40 يىللىق تەرەققىياتىدىكى سىناق ، ئىزلىنىش ئارقىلىق مۇيەسسەر بولغان گەۋدىلىك ئۇتۇقتۇر . ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياۋروپا سەنئىتى بېغىدا بىخ سۈرۈپ ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ ياش سەنئەت مايىسى 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە يەر شارىنى قاپلاپ كىشىلەر قەلبىنى مەپتۇن قىلغان بولسا ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنى ئۇيغۇر خەلقىمۇ شۇنچە تېز قوبۇل قىلغان ھەم ئۇنىڭدىن لەززەت ئالغانىدى . ئۇلار كىنونى چۈشەنگەندىن باشلاپ ئۇنى ئۇيغۇر سەنئەت گۈلزارىدا ئۆستۈرۈش ئىستىكىدە ئەھمىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بېرىپ قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ، تارىخى ، مەدەنىيىتىنى رېئال تۇرمۇشنى سۈرەتلەپ مۇئەييەن ئېستېتىك قىممەت ياراتتى .
چۆچەكلەردە ئېيتىلىدىغان «جاھاننەما ئەينىكى» رېئاللىققا ئايلىنىپ ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قايتا كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولغاندا بۇ ئېكران ھاياتىنىڭ ساپلىق دەرىجىسى ئېستېتىك قىممىتى يەنە بىر تەپەككۇر روجىكىدە ئۆلچىنىدۇ . ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە «تەڭرىتاغ ئېكرانى» نىڭ 200 سانى باشتىن - ئاخىر ئەينەك بولۇش رولىنى ئوينىدى . ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 40 يىل مۇقەددەم دۇنياغا كېلىشى قانداقتۇر نوقۇل ھالدىكى كىنو تەشۋىقاتىنىڭ كانىيى بولۇش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ھەقىقىي مەنىسىدە ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا جۇش ئۇرغان سىمفونىك ھايات كۈيلىرىگە

تولغان يىراق تارىخ مۇساپىلىرىنىڭ ئېغىر خورسىنغان
تىۋىشلىرىنى ئاڭلىتىپ ، يېڭى تاڭ قۇياشىمىزنىڭ غا-
لىبىيىتىنى سۈرەتلەشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئىدى .
گەرچە ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
سەھنىدىن قىسقارتىلغان ، ھەجمى كىچىكلىگەن گې-
زىتكە ئايلاندۇرۇلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆزىدە ئۇيغۇر
كىنوچىلىقى بىلەن دۇنيا كىنوچىلىقىنى تۇتاشتۇ-
رۇش ، ئۇيغۇر كىنوچىلىقىغا باھا بېرىش ، يېتەكلەش
مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى يەنىلا ئۇنتۇپ قالغىنى يوق .
ئۇنىڭ سەھىپىسى ئەزەلدىن بېرى شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ
كىنو سەنئىتى ھەققىدىكى بىردىنبىر نەشر ئەپكارى
ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ بېيىتىل-
دى ، رەڭدارلىققا تولدى ، كىنوچىلىقىمىزنىڭ تەقدى-
رى ، كەلگۈسى ھەققىدىكى قاراشلار قىممەتلىك تەك-
لىپلەر گەرچە داۋاملىق قوبۇل قىلىنىپ تۈزىتىلمىگەن
بولسىمۇ ئەمما سەنئەت ساھەسىدە كىشىلەرنى ئويلى-
نىشقا مەجبۇر قىلدى . ئومۇمەن «تەڭرىتاغ ئېكرانى»
كىنوچىلىق سەنئىتىمىزنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈ-
چۈن مەنىۋى يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىدى . كىنوچى-
لىقىمىزنىڭ 40 يىللىق ئۆتمۈشىدىكى ئېرىشكەن ئۇ-
تۇقلىرى بۇ مەنىۋى ئېكرانىڭمۇ ئۇتۇقى ھېسابلىنىشى
كېرەك ، ئەلۋەتتە .
يېڭىلىق يارىتىش ــــ بارلىق سەنئەتنىڭ تۈپ
مەقسىتى ، سەنئەتكارنىڭ ئارزۇسىدۇر . ئۇيغۇر كىنو-
چىلىقىدا يېڭىلىق يارىتىش روھى بارمۇ - يوقمۇ ؟
ئەگەر بار دېسە ئۇ زادى نېمە ؟ روشەنكى ، ھېچقانداق
بىر سەنئەت ئۆزىگە چېتىشلىق باشقا سەنئەت شەكىللى-
رىدىن ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش سەنئىتىدىن

ئېستېتىك زوق ئالماي ، تەسىرلەنمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدا
بىر خىل يېڭىچە تەلپۈنۈش تۇغۇلمايدۇ . ئۇيغۇر كىنو-
چىلىقىدا يېڭىلىق يارىتىش دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە ئۇي-
غۇرنى ، ئۇيغۇرنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى ئۇنىڭ تارى-
خى ، مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى تەكلىما-
كاندىكى قەدىمكى ھاياتىنىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى
تولۇق نامايان قىلىش دېگەنلىكتۇر . شۇنىڭ بىلەن بىل-
لە ئۇلارنىڭ زامانىۋىلىققا بۇرۇلۇشىنى ، رېئال تۇرمۇ-
شىنى ئىنچىكە ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر . بۇنىڭ ئۈچۈن
باشقا رايون ، دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئېكران سەنئىتى-
دىكى ئىجابىي ئۇتۇقلىرىنى ئۆرنەك قىلىش ، ئۆگىنىش
شۇ ئاساستا ئىزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ . مانا بۇ دۇنيا
كىنوچىلىق گۈلزارىدىكى رەڭگارەڭ گۈللەردىن ئو-
زۇق ئېلىپ ئىجادىي ئىزلىنىش بەدىلىگە ، ئۇيغۇر كى-
نوچىلىقىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت . بۇ جەھەتتە
يېتەكچىلىك قىلىش ھەم كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئويناپ
كەلگەن بىردىنبىر نەشر ئەپكارى — يەنىلا «تەڭرىتاغ
ئېكرانى» دۇر . بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ ئاساسى شۇ-
كى ، مەيلى چەت ئەلنىڭ ياكى جۇڭگونىڭ فىلىملىرى
بولسۇن كىشىلەر پەقەت «تەڭرىتاغ ئېكرانى» ئارقى-
لىقلا تونۇشۇپ كەلدى ۋە چۈشەندى . بۇلاردىن تاشقى-
رى بۇ خىل ئۆرنەكلىك فىلىملەر ھەققىدە قىزغىن
مۇھاكىمە - مۇنازىرە قانات يايدۇرۇلغانلىقتىن ، كىنو
ئىجادىيەتچىلىرى ، سەنئەتچىلىرى ۋە نەزەرىيىچىلىرىمۇ
ئۆز ساھەسىدە تېخىمۇ يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن تىرى-
شىدۇ . دەرۋەقە ، خېلى ئۇزاقتىن بۇيان يېڭىلىق يارى-
تىشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىمىز . بىزنىڭ سېنارىست ،
رېژىسسورلىرىمىز ، ئۇيغۇر كىنوچىلىقىدىكى ساقلى-

نىۋاتقان ھەر خىل مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قاق-
شاپ كەلدى . بۇ ئەلۋەتتە بىر قىسىم رېژىسسورلىرى-
مىزنىڭ «ھەممىنى بەلگىلەش» ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ
ئۆز نەزىرىدىكى «يېڭىلىق» قا يەتمەكچى بولغانلىقى-
نىڭ نەتىجىسى ئىدى . مۇنداق ساختا ، غەيرىي «يېڭى-
لىق يارىتىش» ئېڭىنىڭ بىمەنە ، قاتماللىقى كۆپ قې-
تىم تەكىتلەندى ، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇئەللىپمۇ
ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا
كىنوچىلىقتىكى ئوبرازلاردا ساقلانغان ئېغىر مەسىلى-
لەرنى تەكىتلىگەنىدى . ئوبزورچىلارنىڭ شۇنچە كۆپ
پىكىرلىرى ھېچقانچە رول ئوينىمىدى . چۈنكى ئۇلار
كىنوچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر
كۆرسىتىدىغان مەنىۋى يېتەكچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى
ئانچە بىلىپ كەتمىدى .

بازار ئەركىن رىقابىتى كىنوچىلىقنى خىرىسقا
دۇچ كەلتۈرگەن نۆۋەتتىكى شارائىتتا ، خۇددى جۇڭگو
كىنوچىلىقىغا ئوخشاشلا شىنجاڭ ئۇيغۇر كىنوچىلىقى-
مۇ داۋالغۇپ تۇرماقتا . كىنونىڭ ئىقتىسادىي قىممەت
يارىتىش مەقسىتى ئىجتىمائىي قىممەت يارىتىش مەق-
سىتىدىن ئۈستۈن قويۇلغاچقا ، ھازىر ھەجۋىي ، كومې-
دىيىلىك فىلىم ئىشلەش ئەۋج ئالدى . شۇنىڭ نەتىجى-
سىدە ئۇيغۇر كىنوچىلىقىدا بىر قاتار بىمەنە ، تېتىق-
سىز ، خاراكتېرى ، مىللىيلىكى ئېنىق بولمىغان ئارى-
لاشما ئوبرازلار مەيدانغا چىقىپ ئۇيغۇر كىنوچىلىقى-
نىڭ تەقدىرى ، كەلگۈسى يۈزلىنىشى ھەققىدە كىشىنى
ئويغا سېلىپ قويدى . ئەمەلىيەت خەلقىمىزنىڭ مۇنداق
بىر مەزگىللىك ئىقتىساد مەقسەت قىلىنغان چاكىنا
كىنونى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ، ئەكسىچە ئۆز مىللىتى-

نىڭ ئەينى قىياپىتىنى توغرا ، ھەقىقىي ۋە چوڭقۇر
كۆرۈشكە تەشنا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . شۇنداق ئى-
كەن بازار قايىنمىدا داۋالغۇشقا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر
كىنوچىلىقىنى ئۆز ئىزىغا سېلىش ، يولىنى توغرى-
لاش ، ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىشتە ئالدى
بىلەن «تەگرىتاغ ئېكرانى» غا ئوخشاش ۋاستىلەردىن
پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ . بىر ياقتىن ئۇيغۇر كىنو-
چىلىقىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ، رېئال ئەھمىيىتىنى تونۇ-
تۇپ شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ كەڭ ساھەسى-
نى ، ئائىلى ، يېزا سەھرا تۇرمۇشى ، ئىشچىلار تۇرمۇ-
شى ، زىيالىيلار تۇرمۇشى ، بالىلار تۇرمۇشى قاتارلىق
كۆپ تەرەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بۇنىڭ ھەم-
مىسىنى بىر جەھەتتىن «تەگرىتاغ ئېكرانى» نىڭ سە-
ھىپىلىرى ئارقىلىق ئىزچىل تەۋسىيە قىلىش ، تەشۋىق
قىلىش ۋە ئېكران مۇھاكىمىلىرى ئارقىلىق كىنوچى-
لىق ئىجادىيىتىگە تۈرتكە قىلىش ئىنتايىن مۇھىم .
مۇھاكىمە مۇنبىرى بىلەن كىنو ئىجادىيىتى ئەمەلىيى-
تى بىر - بىرىدىن زادىلا ئايرىلمايدۇ .

بىز «تەگرىتاغ ئېكرانى» نىڭ 200 سانىنى ۋا-
راقلىغان چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ
تەقدىرىگە تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ كېلەچى-
كى ، راۋاجلىنىشىنى ئۆزىنىڭ ئۈمىدى قىلىپ كەلگەن-
لىكىنى ھېس قىلىمىز . «تەگرىتاغ ئېكرانى» نىڭ
كەلگۈسى ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ كېلەچەك يولىغا
باغلانغان .

## 9 . ئۇلۇغ روھقا ئوقۇلغان مەدھىيە

— «جۇئېنلەي» فىلىمگە باھا

ھەرقانداق بىر سەنئەت ئەسىرى ئۆز دەۋرى ئىج-

تىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى شۇنداقلا مىللىي روھ-
نىڭ يارقىن ئىپادىلىنىشىدۇر . سەنئەت ئەسىرىدە بىر
دەۋر تەقەززاسى بارلىققا كەلتۇرگەن قەھرىمانىنىڭ ئو-
لۇغۋار خاراكتېر روھى نامايان قىلىنىش ئارقىلىق
جەمئىيەت كىشىلەرگە مىللىي روھ ۋە مىللىي ئىپتى-
خارلىق ، مىللىي غۇرۇر ھېسسىياتىنى تەۋسىيە قىلى-
دۇ ، شۇ ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققى-
ياتىغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ .
مەلۇمكى ، تارىخىي تەرجىمىھال فىلىملىرىدە تا-
رىختىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھايات پائالىيىتى بەدى-
ئىي ئۇسۇلدا تىپىكلەشتۈرۈلۈپ قايتا ئىجاد قىلىنىپ ،
ئۇلار ياشىغان دەۋرنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدە-
نىي قىياپىتى ھەم بۇ تارىخىي قەھرىمانلارنىڭ بۇيۇك
تۆھپىسى خاتىرىلىنىدۇ . ئالىيجاناب خىسلىتى سىڭدى-
نىش ئىچىدە ئەسلىنىدۇ . چۈنكى ماركس ئېيتقاندەك :
«ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان كىشى-
لەرنى تارىخ ئۇلۇغ كىشىلەر دەپ ھېسابلايدۇ » گەرچە
ھايات ئېقىنىدىكى ئىنسانلار ئۆز بەختى ئۈچۈن رىيازەت-
لىك داۋانلاردىن ئېشىشقا رازى بولسىمۇ ، ئەمما ، ئۆ-
زىنىڭ تەقدىرىنى ۋەتەن ، خەلق تەقدىرى بىلەن چەم-
بەرچاس باغلاپ ، خەلققە بەخت يارىتىپ ، ئۆز روھىنى
ئەل قەلبىگە سىڭدۈرەلەيدىغان ئۇلۇغ پەزىلەت ئىگىلى-
رى تولىمۇ ئاز . شۇنىڭغىمۇ ئۇلار خەلقنىڭ قەلب
تۆرىدىن ئورۇن ئالالىغان .
گۇاڭشى كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن تارىخىي
داستان خاراكتېرلىك ھېكايە فىلىمى «جۇئېنلەي»
مىليونلىغان خەلقنىڭ كۆزلىرىدە سېغىنىش ياشلىرىنى
پەيدا قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇمىدۋارلىق ، خەلق-

پەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئالىيجاناب روھىنى ئويغىتىدىغان ياخشى فىلىمدۇر.

ئىلگىرىكى «جاۋيۇلۇ» فىلىمىدە ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئەڭ ئېغىر بولغان 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى ناھىيە شۇجىسى جاۋ يۇلۇنىڭ لەنكاۋ ناھىيىسىنىڭ نامرات ھالىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا جان ـ دىلى بىلەن ئىشلەش روھىغا مەدھىيە ئوقۇلغان بولسا، «جۇئېنلەي» فىلىمىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى، يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خەلقنىڭ ئەركىن باياشات يېڭى ھاياتى ئۈچۈن ئاخىرقى تىنىقىغىچە جان كۆيدۈرگەن جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدىكى جىددىي، خاتىرجەمسىز ئۆتكەن ھاياتى، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ئىللىق سىيماسى، ئېسىل پەزىلەتتى ناھايىتى تەسىرلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. جۇئېنلەي زۇڭلى پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ئارقىلىق 1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلىغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدىكى ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قىياپىتى تارىخىي داستان تۈسىدە ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا دۆلەتنىڭ تىنچلىقى، ئەلنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئۇلۇغ خەلق رەھبىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلانغان ئالىيجاناب روھى ھەر تەرەپلىمە، ئىنچىكە ئېچىپ بېرىلگەن.

تارىختىن ئايانكى، ئۇزاق ئىنقىلابىي كۈرەشتە مىليونلىغان قەھرىمانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە قۇرۇلغان يېڭى جۇڭگو دەسلەپكى قەدەمدىلا تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ سىناقلىرى ھەم قاراڭغۇلۇق-

نىڭ خىرە تۇمانلىرىغا دۇچ كەلدى . يېڭى ھاياتنىڭ
نۇرلىرى چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا قىلغان مېھنەتكەش
خەلق ھاياتى ، بۇ زىددىيەت تۇمانلىرى ئىچىدە يەنە
خارابلاشتى . «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئوخشاش
ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەي-
دىغان قۇرۇق شوئارلار جۇڭگو ئىقتىسادىنى تۆۋەنلەت-
تى . ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى داۋالغۇش ۋە تەكشى-
سىزلىك ئىجتىمائىي ھايات ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىگە-
مۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى . «جۇئېنلەي» فىلىمى
بۇ رېئال ھادىسىلەردىن تارتىپ تاكى «مەدەنىيەت ئىن-
قىلابى» جەريانىدىكى «سىنىپىي كۈرەش» تەتۈر قويۇ-
نى ئاياغلاشقۇچە بولغان كەڭ تارىخىي كۆرۈنۈشنى سۇ-
ژىت ئاساسى قىلغان . بۇ مۇدھىش يىللاردىكى قالايمى-
قانچىلىقنى دەل شۇ مەزگىلدىكى پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى ئىچىدىكى زىددىيەت كەسكىن ئىدىيىۋى كۈ-
رەش ، سىياسىي بۆلگۈنچىلىكتىن ئايرىپ قارىغىلى
بولمايتتى . بۇ چاغدا جياڭ چىڭ ، لىن بياۋ گۇرۇھى
مەركىزىي كومىتېتتا ھوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستى-
نى پىلانلاپ بىرمۇنچە پېشقەدەم دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە
كادىرلارغا تۆھمەت چاپلاپ ھاياتىغا زىيانكەشلىك قىل-
غان . ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىل-
گەن ، دۆلەت ئىچى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى . مۇن-
داق بىر ۋەزىيەتتە خەلقنى توغرا يۆنىلىشكە باشلاپ ،
دۆلەت ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە گۈللەندۈ-
رۈش ئۈچۈن جۇئېنلەي قاتارلىق رەھبەرلەر ئۆزىنى
ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ ، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنى
جېنىنىڭ بارىچە قوغدىدى ۋە ئاقلىدى . مەركىزىي كو-
مىتېتنىڭ بىرلىكىنى ، پارتىيىنىڭ يۈكسەك ئىناۋىتى-

نى قوغداپ ، سوٚيىقەستچىلەرگە ھەر ۋاقىت ئەستايى-
دىل ، سەزگۈر پوزىتسىيە تۇتتى . فىلىمدە بۇ تەرەپلەر
چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا ئىگە ھالدا سۈرەتلىنىپ ، بۇ
ئۇلۇغ خەلق رەھبىرىنىڭ بۈيۈك توٚھپىسى ، شانلىق
ھايات مۇساپىسى تەسىرلىك ، ئەترابلىق بايان قىلىن-
غان . مەركەزدىن يەرلىككىچە داۋاملاشقان بۇ سىياسىي
قالايمىقانچىلىقنىڭ ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلىرى يە-
كۈنلەپ بېرىلگەن .

جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە زور يېڭىلىق
ۋە يۈكسىلىشلەر بارلىققا كېلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە ،
جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ھالىتىدىلا ئەمەس ، بەلكى
ئادەملەرنىڭ بۇرۇنقى ئەخلاق ، سەمىمىيەت ، بۇرچ ۋە
گۈزەللىك قىممەت كۆزقاراشلىرىمۇ ئۆزگەرمەكتە ،
شۇنىڭ تەسىرىدە ھازىرقى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى
قىسمەن كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىدە چې-
رىكلىشىشى ، بۇيرۇقۋازلىق ، مەنپەئەتپەرەسلىك ،
ھوقۇقىنى شەخسىي مەقسەت ئۈچۈن ھۆكۈمەت نامىدا
يۈرگۈزۈپ ، كىشىلەرگە بېسىم ، تەشۋىش ئېلىپ كې-
لىش ھېسابىغا يۈز - ئابرۇي قوغلىشىشتەك بولمىغۇر
ئىللەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا . بۇ كىشىلەر ئېڭىدا
يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلق سۆيەرلىك ، بۇرچ ،
ۋىجدان قارىشىنى تۇرغۇزۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇت-
تى . شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، «جۇئېنلەي» فىلىمىدى-
كى زۇڭلىنىڭ شانلىق ئوبرازى بۈگۈنكى دەۋردىكى
يۇقىرى قاتلام بىلەن توۋەن قاتلامنىڭ ، رەھبەرلەر
بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىدە جانلىق ، ئەمەلىي تەربىيە
ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى رولىنى ئوينايدۇ .
خەلقنىڭ رەھبىرىي ۋە پارتىيە ئەزاسىغا خاس بۇرچ ،

مەسئۇلىيەتنىڭ نېمىلىكىنى كىشىلەرگە ھېس قىلدۇ-
رىدۇ . ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا رەھبەرلىك ئىستىلى ،
كادىرلارنىڭ روھىي ساغلاملىقى ، مەسئۇلىيەتچانلىق
قارىشىنى تىكلەشتە بىر قېتىملىق ئەمەلىي دەرس بولا-
لايدۇ .

بىر فىلىمنىڭ يۇقىرى ئىجتىمائىي قىممىتى شۇ
فىلىمنىڭ يالغۇز سەنئەت نۇقتىسىدىنلا ئەمەس ، مۇ-
ھىمى بىر دەۋر تۇرمۇشى ۋە ئادەملەرنىڭ روھىنىڭ
ئۆزگىرىش جەريانىنى تىپىك ئوبراز ، تىپىك مۇھىتتا
گەۋدىلەندۇرۇپ چىن تەسىرلىك خاراكتېر يارىتىپ شۇ
ئارقىلىق جەمئىيەت ۋە خەلقنىڭ غايە ، ئارزۇ - ئىس-
تەكلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشىدە «جۇئىنلەي» فىلىمى-
دىكى سۇژىت ۋە ئوبرازنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ
ماسلىشىشى ئارقىلىق ياراتقان ئېستېتىك تەسىرچانلىق
ھەم ئويغىتىشچانلىقى بىلەنمۇ بۇگۈنكى كىشىلەرگە
ئىلھاملاندۇرۇش ، تەربىيىلەش قىممىتىگە ئىگە .

## 10 . خەلق قەلبىنى تىترەتكەن ئوبراز

— «جاۋيۇلۇ» فىلىمى ھەققىدە

خەلقنىڭ بەختلىك گۈزەل تۇرمۇشى ئۇچۇن ۋۇ-
جۇدىدا يالقۇنجاپ تۇرغان چىن سۆيگۈ ، پاك ئەقىدىسى
بىلەن بەختسىز قىسمەت ، مۇشەققەتلىك سىناقلار ئال-
دىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ ، يېڭىلىق يارىتالىغان
ئىنسان مەيلى قايسى دەۋر ، قانداق شارائىتتا بولمى-
سۇن ئەلنىڭ قەلب سەھنىسىدە گېگانت ئابىدە تىكلەپ
ئەبەدىي يادلىنىدۇ .

پۇتۇن مەملىكەتتە كۈچلۈك داغدۇغا قوزغىغان
تەرجىمىھال خاراكتېرلىك رەڭلىك ھېكايە فىلىم
«جاۋيۇلۇ» ئېلىمىز كىنوچىلىق ساھەسىدە پۇتۇن ھايا-

تىنى دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن بېغىشلىغان
قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىشتا قازانغان زور ئۇتۇق .
شۇنداقلا بۇگۈنكى دەۋر ئۈچۈن كۆچلۈك رېئال تەربى-
يىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە فىلىمدۇر . بۇ فىلىمنىڭ كاتتا
شۆھرەتكە ئېرىشىپ ، كىشىلەرنىڭ قەلب تارىنى تىت-
رىتەلىگۈدەك زور ئىجتىمائىي قىممىتى قەيەردە ؟ بۇ
مەزكۇر فىلىمنىڭ خەلق قەلبىدە پارلىغان يۇلتۇز ——
جاۋيولۇنىڭ ئۇلۇغ روھى ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرۇلگەن
ئىدىيىۋى مەزمۇنىدا .

ھەممىمىزگە مەلۇم 1960 - يىللاردا ئېلىمىزنىڭ
ئىقتىسادى ۋە خەلق تۇرمۇشىدا بەزى ياخشىلىنىشلار
بولسىمۇ 1961 - ، 1962 - يىللىرىدىكى ئاچارچى-
لىق ، تەبىئىي ئاپەت ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قىيىن-
چىلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھال كىشىلەرنى ئەنسىزچىلىك-
كە سالغان . بەزى كادىر ، رەھبەرىي خادىملار ئارىسىدا
دوگماتىزملىق ، قېلىپبازلىق خىزمەت ئىستىلى باش
كۆتۈرگەن . نوقۇل پرىنسىپ تەكىتلىنىپ خەلق تۇر-
مۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنىدى . ۋۇ شۇجىدەك
«سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان» كادىرلار
ئاز ئەمەس ئىدى .

فىلىمدە لەنكاۋ ناھىيىسى شۇجىسى جاۋيولۇنىڭ
خىزمەتتىكى كەسكىنلىكى ، ئەمەلىي قول سېلىپ ئىش-
لەش روھى ، جاپادىن باش تارتمايدىغان ئالىيجاناب
خىسلىتى ، ھەقىقىي جان كۆيەر خەلق كادىرى بولۇش-
تەك تىپىك ئوبرازى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن .

فىلىمدىكى ئاساسىي پېرسوناژ جاۋيولۇنىڭ خا-
راكتېرى ۋۇ شۇجى بىلەن قىلغان سۆھبەتتە ئۆز
ئىپادىسىنى تاپىدۇ . ۋۇ شۇجىنىڭ سۆزىگە قارىتا ئۇ

مۇنداق دەيدۇ :
«مېنىڭچە كوممۇنىستىك پارتىيە — پرولېتارد-
ياتنىڭ پارتىيىسى . ئۇنىڭ خىزمەت قىلىش نىشانى
خەلق ، شۇڭلاشقا خەلق رازى بولسا ئاندىن پارتىيە
رازى بولىدۇ . خەلقنىڭ قورسىقى ، كىيىمى ھەل بول-
مىسا ، پارتىيە پرىنسىپىنى قانداق تەكىتلىگىلى بول-
سۇن ؟ »

جاۋيۇلۇنىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭ ئوبرازىغا مۇكەممەل-
لىك قوشقان . لەنكاۋ ناھىيىسىنىڭ خارابىگە ئوخشاي-
دىغان نامرات كۆرۈنۈشى ، جۇل - جۇل كىيىملەر
ئىچىدە ئاچلىق ، يالىڭاچلىقتىن تىلەمچىدەك قوللىرد-
نى سوزۇپ تۇرغان بالىلار ناھىيىگە ئەمدىلا كەلگەن
يېڭى شۇجىنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ئەلەم ئىچىدە ئۆرتى-
سە ، بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلارمۇ
چوڭقۇر سۇكۇتكە چۆمىدۇ . جاۋيۇلۇ ناھىيىگە كېلىپلا
خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ ، دەرد - ھەس-
رىتىنى ، يوقسۇللۇق تۇرمۇشىنى قانچە چۈشەنگەنسې-
رى ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ بەكمۇ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلى-
دۇ . كېچە - كۈندۈز دېھقانلار بىلەن ھەمنە-
پەس ، مۇڭداش بولىدۇ . ناھىيە قىياپىتىنى ئۆزگەر-
تىش ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن ئىشلەيدۇ . ئۇنىڭ
كۆزلىرىدە خەلق ھالىغا ئېچىنىش ۋە ھېسداشلىق ياش
تامچىسى پەيدا بولغاندا ، تاماشىبىنلارمۇ ئەنە شۇ كۆز
يېشىغا ئىختىيارسىز ھالدا ئەگىشىدۇ . چۈنكى ، جاۋ-
يۇلۇدىكى خەلقچىللىق روھ بۈگۈنكى كىشىلىرىمىز
ئىنتىلىۋاتقان ، تەشنا بولۇۋاتقان روھ ئەمەسمۇ ؟ قۇم
بورانلىرى ئۇچۇپ تۇرغان سېرىق توپىلىق دۆڭلۈك-
لەر ، قاقاس يەرلەردە قالدۇرغان ئاياغ ئىزلىرى ، قات-

تىق يامغۇرلاردا دېھقانلارنىڭ ئادەتتە كەپسىدە ئولارغا مەدەت بېرىشى ، بۇ ئادەتتە ھەم ئۇلۇغ پەزىلەت ئىگىسى-نىڭ خىسلىتىنى نۇر چاچقۇزغان ۋە يۈكسەك كوممۇ-نىستىك ئاڭغا ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە كومپار-تىيە ئەزاسىنىڭ خىسلىتىنى كۆرسىتىدۇ .

بۈگۈنكى دەۋر دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد پەن – تېخنىكا ، يېزا ئىگىلىك ۋە خەلق ئىگىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەل-تۈرگەن ئىسلاھات دەۋرى . مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە جاۋيۇلۇ ئوبرازىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋەزىيەت-نىڭ تەقەززاسىدۇر .

جاۋيۇلۇ ئوبرازى بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنى دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن جان – دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ، خەلقنىڭ ھەقىقىي چاكىرى بو-لۇشقا يېتەكلەيدىغان جانلىق ئۈلگە .

**11 . ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى قۇدرەت تاپقۇزۇش**

— ھېكايە فىلىم «يالغۇز قىز ھەققىدە ھېكايە»نى كۆرگەندىن كې-يىن

ھەربىر كىشى ئۆز ھايات سەپىرىدە مۇھەببەت ، نىكاھ ۋە ئائىلە چەمبىرىكى ئىچىدە ياشاپ ھەم پەرزەنت قالدۇرۇپ ھاياتىغا يېڭى مەنە ئىزدەيدۇ ، شۇنىڭغىمۇ پەرزەنتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مەقسەت ، غايە ئىنتىلىشلى-رىنى يۈكلەيدۇ ، ئەۋلادلار ئەجدادلار ئىزىدىن بېسىپ ئۆز بۇرچى ئارقىلىق ھاياتىي كۈچىنى يارىتىپ بۇ دۇن-يادا مەۋجۇتلۇق كاپالىتىگە ئېرىشىدۇ . پەرزەنت مەلۇم مەنىدە مۇھەببەتنىڭ يالدامىسىلا ئەمەس ، بەلكى ئەج-دادلار ئالەمنىڭ كەلگۈسىگە ئاتا قىلغان ئۇلۇغ مەسئۇ-

لىيەتتۇر . مۇشۇ روھ بولغاچقىلا ئۇلارنى تەربىيىلەپ
جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈش ، ئىقتىدار ئىگىسى قىلىپ
يېتىلدۈرۈش بۇرچى ئاتا ـ ئانا زىممىسىگە يۈكلەنگەن ،
پەرزەنتتە بولسا ئۆزىنى يورۇق دۇنياغا تۇغقان بۇ ئۇ-
لۇغ سېيمانى ئۆز يۆلەنچۈكى ، مەنىۋى تۈۋرۈك ۋە
مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى دەپ تونۇيدىغان ئېتىقاد بولى-
دۇ .

كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى دەل بۇ خىل
مېھرى ـ مۇھەببەتلىك نازۇك مۇناسىۋەت «يالغۇز
قىزنىڭ ھېكايىسى» فىلىمىدە ئىنتايىن تەسىرلىك يو-
رۇتۇپ بېرىلگەن .

ھەممەيلەننىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە
تىترىتىپ ، ئىختىيارسىز ھالدا تۆكۈلگەن كۆز ياشلى-
رىمىز بىلەن باش قەھرىمان تەقدىرىگە ئېچىندۇرۇپ ،
ھېسداشلىق قوزغىغان بۇ ھېكايە فىلىمىدە ، بۇ ئائىلىدە
يۈز بەرگەن بەختسىزلىكلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ، ئەم-
دىلا ئون ياشقا كىرگەن دادىسىدىن يېتىم قالغان بىر
قىزنىڭ ئانىسى جىددىي يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈم
گىردابىدا تۇرغان شارائىتتا ، تەقدىرگە باش ئەگمەي ،
بەختسىزلىكلەر ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي ، ئۈ-
مىدۋار روھ بىلەن بىر ئائىلىنىڭ بارلىق يۈكىنى زىم-
مىسىدە كۆتۈرۈپمۇ يەنە تىرىشىپ ئەلا ئوقۇشتەك
تەسىرلىك ئىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بۇ ئار-
قىلىق ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر مۇناسىۋىتى بالى-
لارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى يېتىلدۈرۈش ، قۇدرەت تاپقۇزۇ-
شى ، بولۇپمۇ بۈگۈنكى دەۋردىكى بىر ئەۋلاد قىز ـ
ئوغۇللارنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا پىشىپ يېتىلىش ،
ئۆزىنى يېتەكلەش ، مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگىنىش ،

ئاتا ـ ئانىنى قەدىرلەش ، بالىلىق بۇرچىنى ئورۇنلاش قاتارلىق ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان .
فىلىمدىكى يالغۇز قىزنىڭ كۆز يېشى مۇنداق باشلىنىدۇ : «ئائىلىدە كىچىك مەلىكە» دەپ ئەتىۋار- لىنىپ غەم ـ قايغۇسىز ھاياتنىڭ ئونىنچى باھارىنى كۇتۇۋالغان يالغۇز قىز بىردىنلا دادىسىدىن يېتىم قالدى- دۇ . بۇ تاسادىپىي پاجىئە كەلتۈرگەن ئېغىر ماتەم ، مۇسىبەت قايغۇسى ئانا ـ بالىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاقتىن بېرى يۈرەك كېسىلىدىن ھالسىزلىنىپ ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتقان ئانىنىڭ كۈن بويى كۆزىدىن ياش قۇرۇماي گويا روھى ۋە ئىشەنچىد- سىنى ئېرى بىراقلا ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتكەندەك ، جەسەت كۈلى قۇتىسىنى قۇچاقلاپ مۇگدىلىنىپ ئولتۇ- راتتى . قىزچاق ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان ئازابلىق يىغىسىنى يوشۇرۇپ ، ئانىسىغا سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىشنى ، ئارتۇقچە قايغۇرماسلىقنى ئېيتىپ تەسەللى بېرەتتى . شۇنىڭدىن تارتىپ يالغۇز قىزنىڭ ئازابلىق كۆز يېشىغا تولغان بالىلىق كۈنلىرى باشلىنىدۇ . ئۇ ھەر كۈنى غېرىبسىنغان ھالدا مەكتەپكە بارىدۇ . باش- قىلار خۇشال ئوينىسا ، ئۇ پارتىسىدىن قوزغالماي مۈگدىگىنىچە چۆكىدۇ . ھەتتا ئانىسى ئوقۇش پۇلىنى بېرەلمەد- سە ئۆزى يىغقان پارچە ـ پۇرات پۇلىنى يىغىپ ئوقۇت- قۇچىغا ئايرىم يەردە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ . ماغ- دۇرسىز ياتقان ئانىسىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ، مەك- تەپتىن كېلىپلا شۇ كەمگىچە يېقىنلىشىپ باقمىغان بىر ساھەگە ـــ ئاشخانا ئىشلىرىغا كىرىشىدۇ . تاماق ئېتىش ، كىر يۇيۇش ، ئۆي يىغىشتۇرۇش ، يەنە ئاند- سىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ دەرس تەكرارلاش قاتار-

لىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ كىچىككىنە قىزنىڭ زىممىسىگە
يۈكلەنگەندى . ئۇ ئەمدى ئىلگىرىكىدەك سىرتلاردا با-
لىلار بىلەن ئوينىيالمايتتى . دەرستە چېكىنىپ كەت-
مەسلىك ئۈچۈن ، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەنبىھ سۆزلىرى-
نى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ دەرس تەكرارلايدۇ . ئۇ دادى-
سىنى سېغىنىپ كۈندىلىك خاتىرىسىگە يازغان كۆڭۈل
سۆزلىرىنى ئانىسىنىڭ ئوقۇغانلىقىنى بىلگەندە ، خاتى-
رىسىنى بىر ۋاراق - بىر ۋاراقتىن كۆيدۈرۈۋېتىپ
دادىسىغا بولغان سېغىنىشىنى قەلبىدە ساقلىماقچى بو-
لىدۇ . ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن
پايپېتەك بولىدۇ . بەدەنلىرىنى ، قول - پۇتلىرىنى
تۇتىدۇ . بەزىدە يالغانمۇ سۆزلەيدۇ بۇ نېمە ئۈچۈن ؟
چۈنكى ئۆزى تۇپەيلىدىن ئانىسىنىڭ ئارتۇقچە ئازابلى-
نىپ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالماسلىقىنى تىلەيت-
تى . ئۇ ئانىنىڭ دۇنيادا بىردىنبىر ھىمايىچى ، تەربى-
يىچى ئىكەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ ئۈمىد ، ئىشەنچ تۈۋرۈ-
كى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنەتتى . ئانىسىنىڭ كې-
سىلى تۇيۇقسىز ئېغىرلىشىپ بالنىستتا يېتىپ قالى-
دۇ . بۇ چاغدا قىز مەكتەپتىن قايتىپلا بازاردىن باھاسى
ئەرزان كۆكتاتلارنى سېتىۋېلىپ تاماق تەييارلاپ دوخ-
تۇرخانىغا ئاپىرىدۇ . كېچىلىرى دەرسلىرىنى دوختۇر-
خانا كارىۋىتىدا تەييارلاپ شۇ يەردە تۈنەيدۇ . گويا ئۇ
ئۆز يېشىدىن بىراقلا بىرنەچچە ياش چوڭىيىپ كەتكەن-
دەك خىيالچان ، ئېغىر - بېسىق ، كەم سۆز بولۇپ
قالىدۇ ، يەنە تېخى كىچىك «ئائىلە باشلىقى»مۇ بولۇپ
قالىدۇ . شۇنداق قىلىپ ئۇ تۇرمۇشقا ، رېئاللىققا جەڭ
ئېلان قىلىپ ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلى-
دۇ . . .

مانا بۇ مەملىكەت بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ئۆسمۈر-
نىڭ بىرى دۇ ياۋياۋنىڭ ئىش ئىزلىرى تېما قىلىنغان
ھالدا چاڭچۇن كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن ياپما ئەد-
لىك رەڭلىك ھېكايە فىلىم «يالغۇز قىز ھەققىدە ھې-
كايە» فىلىمىدىكى تەسىرلىك، چىن كۆرۈنۈشلەر-
دۇر. فىلىمدىكى ھەربىر تۇرمۇش دېتالى ئون ياشلىق
باش قەھرىمان جاڭ مىڭ مىڭ خاراكتېرىنىڭ يارىتىلى-
شى ئۈچۈن زور رول ئوينىغان ھەم مۇۋاپىق تاللانغان.
فىلىم شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلى-
دىكى، ۋەقە، كۆرۈنۈش دېتاللىرى ئاددىي ھەم تۇر-
مۇش پۇرىقى كۈچلۈك، ئوبرازلار جانلىق ھەم يارقىن،
ھېسسىيات بىلەن پىكىر زىچ يۇغۇرۇۋېتىلگەن. ھېس-
سىيات چىن ھەم كۈچلۈك بولۇپ بۇ فىلىمنىڭ چىن-
لىق، بەدىئىي تەسىرچانلىقى ئېستېتىك ۋە ئىجتىمائىي
ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان.

فىلىم ۋەقەلىكى ئائىلە، مەكتەپ، دوختۇرخانىغا
مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئاددىي ۋەقەلىك ئىچىدە
ئاتا - ئانا، پەرزەنت - جەمئىيەت مۇناسىۋىتىدىكى
ئىنتايىن مۇھىم پىكىر ئالغا سۈرۈلىدۇ. ئۇنداقتا فى-
لىمدىكى تەكىتلەنگەن ئاساسىي پىكىر زادى نېمە؟ ئۇ
بولسىمۇ ھەربىر ياشلار - ئۆسمۈرنىڭ كىچىكىدىن
تارتىپ ئۆزىگە خاس قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇش،
ئۆزىنى - ئۆزى يېتىلدۈرۈش، قۇدرەت تاپقۇزۇش،
تۇرمۇش، ئوڭۇشسىزلىقلىرىغا جەڭ ئېلان قىلالايدىغان
مۇستەقىل ياشاش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبا-
رەت.

ياپونلۇقلار ئەزەلدىن ئۆز پەرزەنتلىرىنى كىچىكى-
دىن باشلاپ ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش، جەمئىيەت

ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا يېتەكلەپ مۇستەقىل ياشاش، ئۆز كۈچىگە تايىنىشقا رىغبەتلەندۈرسە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيىلىكلەر پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدىن تارتىپلا مۇستەقىل ئىش قىلىش، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا يېتەكلەپ ئۆزىنى بالدۇر يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا بالىلار باشلانغۇچتىن باشلاپلا كۈندىلىك خىراجىتىنى ئۆزى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل ئىشلارنى دەرستىن سىرت قىلىدۇ. ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن خىراجەتنى پۈتۈنلەي ياكى كۆپ قىسمىنى ئۆزى ئىشلەپ ھەل قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق كەسىپدە تېخىمۇ پۇختا ئاساس تۇرغۇزىدۇ. مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش رىقابەت تۇيغۇسى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

«يالغۇز قىز ھەققىدە ھېكايە» فىلىمىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ تۇرمۇشتىكى رېئال مەسىلىنى تىپىكلەشتۈرۈپ بەدىئىي زامان - ماكان بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، دەۋرىمىز ياشلار - ئۆسمۈرلىرىنىڭ تۇپ مەجبۇرىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئەمگەكنى سۆيىدىغان، مۇشەققەت - توسقۇنلۇقلار ئىچىدە مۇستەقىل ياشاش روھىنى چېنىقتۇرۇشقا چاقىرغان.

## 12. تارىخنىڭ ئەينەن تەسۋىرى

— «چوڭچىلىك سۆھبىتى» فىلىمى

بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ ئۆز تارىخى سەرگۈزەشتلىرى بىلەن مىللىي قەھرىمانلارنىڭ روھىنى مەدھىيىلەش، تەشەببۇس قىلىش ۋە خەلق ئېڭىدىن ئورۇن ئالدۇرۇش ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جۈملىدىن

كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىنىڭمۇ يۈكسەك بۇرچى، شۇنداقلا شەرەپلىك مەسئۇلىيىتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، جىددىي بازار ئىقتىسادى رىقابەت سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ روھىنى كرىزىسقا ئۇچرىتىشى تۈپەيلىدىن، جۇڭگو كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئىجادىيەتچىلىرىمۇ ئۆزىنىڭ بۇرچى ئالدىدا بىر مەزگىل تېڭىرقاپ قالغانىدى.

مەدەنىيەت ساھەسىدە تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تارىخىي تېمىدىكى كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى — دۆلىتىمىز كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئىجادىيىتىنىڭ بىر مەزگىللىك تېڭىرقاش ۋە ئويلىنىشتىن كېيىن ئۆز مەقسىتى ھەم بۇرچىنى قايتا تونۇغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى بولۇپ قالدى. جۇڭگو ھازىرقى زامان تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ چوڭ ۋەقە ھەم مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بەرگەن «چوڭچىلىك سۆھبىتى» ناملىق فىلىم جۇڭگونىڭ تارىخىي فىلىم ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتىدۇر.

1945 ـ يىلى فاشىزمنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىنىشى ۋە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇشى بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ۋەيران بولغان دۇنيا خەلقى تىنچلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى. يېڭى خەلقئارا ۋەزىيەتتە جۇڭگونىڭ تەقدىرى ۋە يۆنىلىشى جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، جياڭ جيېشى ۋەكىللىكىدىكى گومىنداڭ پارتىيىسى بىلەن ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستىك پارتى-

يىنىڭ تىنچلىق كېڭىشى — چۇڭچىڭ سۆھبىتى ئې-
لىپ بېرىلدى . ماۋزېدۇڭ ھەقىقىي پرولېتارىيات ئىن-
قىلابچىسىغا خاس مەردانىلىكى ، شىجائىتى بىلەن
چۇڭچىڭدا جىياڭ جېيشى بىلەن ئۇچرىشىپ ، «تىنچ-
لىق ، دېموكراتىيە ، ئىتتىپاقلىشىش» شوئارى ئاسا-
سىدا سۆھبەتلىشىپ ، گومىنداڭ تارقاتقان «كوممۇ-
نىستىك پارتىيە تىنچلىقنى خالىمايدۇ» دېگەن ئاغدۇر-
مىچىلىق تەشۋىقاتىنى بىتچىت قىلدى . 43 كۈنلۈك
جىددىي سۆھبەت ئارقىلىق ئىككى پارتىيە «قوش ئون
ماددىلىق كېلىشىم»گە قول قويدى . گومىنداڭ بىلەن
كومپارتىيىنىڭ بىرلىشىپ دۆلەت قۇرۇشى ئۇچۇن ئا-
ساس سالدى . سۆھبەتتە كوممۇنىستلار تەشەببۇسكار-
لىق بىلەن ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتتى . بۇنداق مۇرەككەپ
ۋە كۆپ كۆرۈنۈشلۈك ۋەقەنى مەركەزلىك ، ئىخچام
كۆرۈنۈش ، تىپىك دېتاللار ئارقىلىق ئېكراندا قايتا
يارىتىش سېنارىست ، رېژىسسور ، ئارتىسلاردىن يۇقى-
رى بەدىئىي ماھارەت ۋە تەسەۋۋۇر كۈچ تەلەپ قىلى-
دۇ .

تارىخىي تېمىدىكى كىنو فىلىمىنىڭ گەۋدىلىك
بىر ئالاھىدىلىكى ، بۇنىڭ كۈچلۈك تارىخىي ماتېرىيال-
لىققا ۋە تەزكىرىچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشىدىن
ئىبارەت . تارىخىي داستان فىلىمى — تارىختىكى مەش-
ھۇر تارىخىي شەخس ، مىللىي قەھرىمانلار ۋە ئۇلارنىڭ
ھاياتى ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئاساسلىق تېما ۋە سۇ-
ژىت قىلىپ ، تىپىك سۇژىت دېتاللىرى ۋە كۆرۈنۈش-
لىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ، سىيا-
سىي ، ئىجتىمائىي ھاياتى ، تارىختىكى تۆھپىسى ، ئوي-
نىغان رولى قاتارلىقلار مەلۇم دەرىجىدە توقۇلما ئارقى-

لىق بەدىئىي تىپىكلەشتۈرۈلۈپ مىللىي روھ ۋە قەھ-
رىمانلىقنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەش ۋە بۇ ئۈلگە ئارقىلىق
خەلقنى ئۈيۈشتۈرۈش ، تەسىرلەندۈرۈش ، قوزغىتىش-
تىن ئىبارەت .

چاڭچۇن كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن رەڭلىك
ھېكايە فىلىم — «چۇڭچىڭ سۆھبىتى» نىڭ گەۋدىلىك
مۇۋەپپەقىيىتى فىلىمنىڭ سۇژىت ، كۆرۈنۈشلىرىنىڭ
ئىخچاملىقى ۋە مەركەزلەشكەنلىكى ، تەزكىرىچانلىق
بىلەن ئىجادىي توقۇلمىنىڭ ، تارىخىي چىنلىق بىلەن
بەدىئىي گۈزەللىكنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يوغۇرۇۋې-
تىلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ . فىلىمدە تارىخىي شەخس-
لەرنىڭ روھىي ھالىتى ، سۆز ھەرىكىتى ئۆز خاسلىقى
بويىچە ئىپادىلەنگەن ، جياڭ جيېشىنىڭ ماۋزېدۇڭنى
چۇڭچىڭغا تەكلىپ قىلىشىدىن پارتىيە ماۋزېدۇڭنىڭ
سۆھبەتكە بېرىشىنى قارار قىلىشىغىچە ، چوڭچىڭ
تىنچلىق سۆھبىتى باشلانغاندىن تا «كېلىشىم» تۈزۈل-
گۈچە بولغان ئىنتايىن ئەگرى - توقاي ، مۇرەككەپ
جەريانلار جانلىق ، تەسىرلىك سۈرەتلەنگەن . تارىخ ھەم
سەنئەتنىڭ ئېستېتىك گۈزەللىك نۇقتىسىدىن تارىخىي
رېئاللىق تىپىكلەشتۈرۈلۈپ ، شەخسلەر ئوبرازلاشتۇ-
رۇلۇپ فىلىمنىڭ بەدىئىيلىكى ھەم تارىخىيلىقى كۆ-
چەيتىلگەن . سۆھبەت جەريانىدىكى نۇتۇقلار ۋە بىر
قىسىم كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئەسلىي ماتېرىيال ۋە يىغىن
خاتىرىسىدىن ئېلىنغانلىقى فىلىمنىڭ چىنلىق تۈسى ،
ئىشەنچلىكلىكىنى ئاشۇرغان .

تارىخىي تېمىدىكى فىلىمنىڭ تارىخىي ئاساسى بو-
لۇش بىلەن بىللە ، يەنە ئۇنىڭدا زۆرۈر بەدىئىي توقۇل-
مىمۇ بولىدۇ . ھېچقانداق توقۇلما بولمىغان تارىخىي

فىلىمنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئاجىز بولۇپ قالىدۇ. «چۇڭچىڭ سۆھبىتى» فىلىمى بەدىئىي ئەسەر بولۇش سۈپىتىدە تارىختىن چەتنىمىگەن ھالدا بەزى توقۇلمىغىمۇ يول قويغان. ماۋزېدۇڭ چۇڭچىڭغا كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى سەھەردە جياڭ جيېشى بىلەن لىنيۈەن باغچىسىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغانلىقى رېئال ۋەقە، ئىككىيلەننىڭ قىسقا سۆھبىتى توقۇلما. ماۋزېدۇڭنىڭ ياپونغا قارشى قەھرىمان، گومىنداڭ ئوفىتسېرى جياڭ جىجۇڭنىڭ ئانىسىنى ئالايىتەن يوقلاپ بېرىشى ۋە «مەركەز گېزىتى»نىڭ ئايال مۇخبىرى ئوبرازى پۈتۈنلەي توقۇلما. لېكىن بۇ دېتاللار ماۋزېدۇڭنىڭ دانا، كەمتەر، سەمىمىي پەزىلىتى، ئەقىل - پاراسىتى ۋە كومپارتىيىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

ماۋزېدۇڭ — جۇڭگو خەلقىنىڭ كېلەچىكىگە ئۇل سالغان، دەۋر ھالقىغان شەخس. ئۇ قەدىمكى، ھازىرقى، دۇنيادىكى شۇنداقلا جۇڭگو تارىخىدىكى بارلىق قەھرىمانلارغا ئوخشاشلا يۈرىكى خەلق ئۈچۈن سوققان ئۇلۇغ قەھرىمان، ھەربىي ستراتېگىيىچى ۋە سىياسەتچى. ئۇ جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېپيېڭى يولىنى ئاچتى. ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشلەنگەن «چۇڭچىڭ سۆھبىتى» فىلىمىدە ئۇنىڭ ئاجايىپ پەم - پاراسىتى، يىراقنى كۆرەرلىكى، «سىلىق، ئەمما كەسكىن، مۇستەھكەم پوزىتسىيە»سى جانلىق ئىپادىلەنگەن.

ماۋزېدۇڭ، جياڭ جيېشى، جۇئېنلەي، جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار جۇڭگو تارىخىدىكى مۇھىم تارىخىي

ئەربابلار . تارىختا ئۇلار ئوخشىمىغان ئىزلارنى قالدۇر-
غان ، خاراكتېرى بىر - بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ .
فىلىمدە ئۇلارنىڭ ئىچكى - تاشقى خاراكتېر ، مىجەز
ئالاھىدىلىكى ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئېچىپ بېرىل-
گەن . گەرچە جياڭ جيېشى سۆھبەت ئۇستىلىدە «بىر-
لىككە كەلگەن دۆلەت ، بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمەت ۋە
ھەربىي ھوقۇق»تىن ئىبارەت ئېغىر شەرت ئارقىلىق
ماۋزېدۇڭنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنسى-
مۇ ، ماۋزېدۇڭ دۆلەت ھەم خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتى
ئۈچۈن زور دەرىجىدە يول قويۇپ ئاخىر تىنچلىق پۇر-
ستىنى قولغا كەلتۈرىدۇ . فىلىمدە جياڭ جيېشىنىڭ
تىنچلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاستىرتىن كومپار-
تىيىگە ھۇجۇم قىلىشتەك ساختىلىقى دېڭ شياۋپىڭ ،
ليۇ بوچېڭ قوشۇنلىرى بىلەن گومىنداڭ 19 - كورپۇ-
سىنىڭ جەڭ مەيدانىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىش ئارقى-
لىق پاش قىلىنغان . فىلىمدە جياڭ جيېشىنىڭ روھىي
دۇنياسىدىكى زىددىيەت ، توقۇنۇش ھەم ئۇنىڭ پسىخىك
ھالىتىمۇ تەبىئىي ئەتراپلىق تەسۋىرلەنگەن .

يىغىپ ئېيتقاندا ، بۇ فىلىم تارىخ ۋە رېئاللىق
نۇقتىنەزىرىدە تۇرۇپ ، تارىخىي شەخسلەرنى سەنئەت-
نىڭ بەدىئىي چىنلىق ۋە گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە
تەسۋىرلەپ ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار داھىيانە ئوبرازىنى ناما-
يان قىلىپ بەرگەن . بۇنداق تارىخىي ئوبرازىنى يورۇت-
قان فىلىملەر بىزگە ئۆزىمىزنىڭ قەدىمىي ئۆتمۈشتى-
كى تالاي قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى كىنو ئېكرا-
نىدا كۆرۈش تەشنالىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتمەكتە .

# يەتتىنچى باب ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ ئېستېتىك يۈزلىنىشى ۋە مىللىي مەدەنىيەت مائارىپىدا تۇتقان ئورنى

## 1 . يېڭى ئەسىردىكى خىرىس ۋە تاللاش : رەقەم تېخنىكىسى دەۋرىدە كىنو ئېستېتىكىسىنىڭ تارىخىي بۇرۇلۇشى ۋە ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ چىقىش يولى

زامانىۋى يۇقىرى يېڭى تېخنىكىنى كىنودا قوللىنىش دۇنيا كىنوچىلىقىنىڭ قىزغىن يۈزلىنىشىگە ئايلانغان بۈگۈنكى دەۋردە ، كىنونىڭ ئەنئەنىۋى نەزەرىيىسى ۋە ئېستېتىكىسى رەقەم ۋە ئۇچۇر تورى تېخنىكىسىنىڭ كۈچلۈك خىرىس ۋە رىقابىتىگە دۇچ كەلمەكتە .

هازىرقى كىنو فىلىملىرىنىڭ ھەقىقىيلىقى بىلەن توقۇلمىلىقى ، رېئال ئاساسى بىلەن خىيالىي تۇيغۇلۇقى ، ئىدىيىۋى خاھىش بىلەن ئويۇن خاراكتېرى گىرەلىشىپ كەتكەنلىكتىن بۇرۇندىن تارتىپ كىنو نەزەرىيىسى ۋە كىنو ئېستېتىكىسىدا دەپ كېلىۋاتقان كىنونىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ، قانۇنىيىتى ، ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچە ، قاراشلار ، ئۆلچەم - پرىنسىپلار هازىرقى مۇرەككەپ كىنو ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ، شۇنداقلا 21 - ئەسىردىكى كىنو ئىجادىيىتىنىڭ تېخنىكىلىق يېڭىلىنىشىغا ماس-

لىشالمايدىغان بولۇپ قالدى . دۇنيادىكى ھەربىر قې-
تىملىق تېخنىكا دولقۇنى كىنوچىلىق ۋە ئۇنىڭ نەزە-
رىيىلىرىدە بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا
قىلغاندى . كىنو — غەرب يېقىنقى زامان پەن -
تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ تۇرتكىسىدە پەيدا بولۇپلا قال-
ماي ، نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىك
جەھەتتىمۇ غەربنىڭ ئەنئەنىۋى تەقلىدچىلىك ئېستېتى-
كىسىغا تايىنىپ مەيدانغا كەلگەن . ياۋروپا كلاسسىك
رەسسامچىلىقى غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئادەم ، تەبىئەت ھا-
ياتلىق مەسىلىسىنى رەسسامنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى
ئارقىلىق رەڭ ، سىزىق ۋە ماتېرىياللاردا ئىپادە قىلغان
بولسا ، رەسىم تارتىش تېخنىكىسىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى
ئەنئەنىۋى ماي بوياق رەسىم ئېستېتىكىسىنى بوھرانغا
دۇچ كەلتۈردى . كىنو تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلى-
نىشى بىلەن ماي بوياق ۋە فوتو رەسىمچىلىكىنىڭ
ئوبراز يارىتىش تەقلىدچىلىك سەنئەت ئۇسلۇبى كىنو
ئىجادىيىتىگە تەرەققىي قىلدى . كىنو يېڭى پەيدا بول-
غان چاغلاردا ھەرىكەتلىك رەسىم ( Moving
Picture ) دەپ ئاتالغان . ئاۋاز تېخنىكىسى پەيدا بول-
غاندىن كېيىن ئاۋازسىز كىنوغا تەقلىدىي ئاۋاز كى-
رىشتۈرۈلۈپ جانلىق ، ئوبرازلىق كىنو تىلىغا ئىگە
بولدى . بۇرۇن ئېكران رەڭسىز پارچە - پۇرات رەسىم
كۆرۈنۈشلەر ئىدى . كېيىن ئەدەبىيات ۋە سەنئەت شە-
كىللىرىدىن خىلمۇخىل تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ
ئىپادىلەش قۇدرىتىگە ئىگە سەنئەتكە ئايلاندى . ئاۋاز ،
رەڭ ، ئېكران ، كۆرۈنۈش جەھەتتە تەبىئەت دۇنياسى-
دىن ئادەمنىڭ ئەڭ نازۇك ھېسسىيات قاتلاملىرىغىچە
جانلىق ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى . ئەنئەنىۋى

كىنو نەزەرىيىسى ۋە ئېستېتىكىسى كىنونىڭ تارىخى ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەندى . ئەمما رەقەم ۋە ئۇچۇر تورى تېخنىكىسى ئاۋازسىز كىنونىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىنو نەزەرىيىسى ۋە ئېستېتىكىسىغا تېخىمۇ كەسكىن جەڭ ئېلان قىلدى ھەمدە كىنو ئېستېتىكىسىدا زور بۇرۇلۇش پەيدا قىلدى .

1974 - يىلى ئامېرىكىدا تەقلىدىي رەقەم تېخنىكىسى ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن ، كىنو ئېستېتىكىسىدا ئەزەلدىن تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان مونتاژ ۋە رېئالىزم ئاساسىدا ھەقىقىي ئادەم ، ھەقىقىي ئىشلارنى ئىپادىلەش كېرەك ، دېگەن نەزەرىيىۋى چۈشەنچە تەۋرىنىپ قالدى . كىنو ئىجادىيەتچىلىرى يېڭى تېخنىكىنىڭ كىنودىكى ئەمەلىي قوللىنىشچانلىق قىممىتىنى چوڭقۇرلاپ تونۇغانسېرى ، كومپيۇتېر ۋە رەقەم تېخنىكىسى كىنودا بىرلەشتۈرۈلۈپ كىنو سەنئىتى بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئالاقىسىنى كۆپ سۇسلاشتۇرۇۋەتتى . ئۇچۇر دەۋرىدىكى كىشىلەر ئېلېكترون ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە دەخلىسىز سەيلە - ساياھەت ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالايدىغان ۋە ئەڭ يېڭى ئۇچۇر - خەۋەرلەرنى بىلەلەيدىغان بولدى . رەقەم ۋە ئۇچۇر ھەقىقەتەن بۈگۈنكى يەر شارىدىكى ھەرقايسى قىتئەلەرنىڭ ئارىلىقىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىۋەتتى . دۇنيادا يۈز بەرگەن ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار ، ۋەقە - ھادىسىلەر ، يېڭى خەۋەر ھېكايىلەر ، ھەر خىل ئىرقتىكى ئادەملەر ، شەكلى ئاجايىپ - غارايىپ ھايۋان ۋە ئەپسانىۋى مەخلۇقلار قاتارلىقلارنى كىشىلەر مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن بىر جايغا

توپلاپ ، تېخنىكىلىق ئۇسۇلدا قۇراشتۇرۇپ ياكى قايتا لايىھىلەپ ، بۇ كۆرۈنۈشلەرنى بەزىدە تېز ، بەزىدە ئاستا ھەرىكەتلەندۇرۇپ ، بەزىدە قاتۇرۇپ قويۇپ ، غايىب قىلىۋېتىپ ياكى باشقا شەكىلگە كىرگۈزۈپ ئۆز قىزىقىشى ۋە ئىدىيىسىگە لايىقلاشتۇرۇپ پايدىلىنىدىغان بولدى . بۇ . كىنو ئىجادىيەتلىرىنىڭ ئەركىن ، ئىجادىي خىيال ـ تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ كىنودىكى كۆرۈنۈش ، ئوبراز ، سۈرەت ، ئاۋاز ۋە ھادىسىلەرنى زامان ـ ماكاندىن ھالقىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ تۈستە لايىھىلەپ بىز ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ، ئاڭلاپ باقمىغان ئەپسانىۋى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ توقۇلما (سۈنئىي ) رېئاللىقى ۋە ئۇنىڭ ئېستېتىك سېھرىي جەلپ كۈچىنى ياراتتى . 20 ـ ئەسىر دۇنيا كىنوچىلىقىنىڭ ئېسىل كلاسسىك نەمۇنىلىرى بولغان «خاسىيەتلىك ئادەم» ، «خاسىيەتلىك ئايال» ، «قىتئەلەر ئارا قىرغىنچىلىق» ، «تىتانىك ناملىق پاراخوت» ، «قارا قۇيۇن» ، «يەر تەۋرەش» ، «جان ئالغۇچى» ، «قاپ يۈرەكلەر ئويۇنى» ، «كەلگۈسىدىكى سۇ دۇنياسى» قاتارلىق فىلىملەردىكى نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەر ، ئاۋاز ، ئوبرازلار ۋە ۋەھىملىك ھادىسىلەر تۇرمۇش رېئاللىقىغا تايانماي ، دېكوراتسىيە ، كارتون (قونچاق ) رەقەم ۋە كومپيۇتېر تېخنىكىسى ئارقىلىق ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ياسالغان . بۇ كىنولاردىكى يەر تەۋرەش ، كەلكۈن ، بوران ، چاقماق چېقىش ، قورقۇنچلۇق مەخلۇقلار ، رەقەملىك دىنوزاۋر ، سۈنئىي دېڭىز ، پاراخوتنىڭ دېڭىزغا غەرق بولۇشى قاتارلىق ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ، يالغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ راستتەك تۇيۇلىدىغان ، سۈرلۈك ، ۋەھىملىك ،

ئاجايىپ ـ غارايىپ تەسۋىر ۋە كۆرۈنۈشلەر تاماشىبىن-
لارنى قاتتىق ھالڭ ـ تالڭ قالدۇردى ۋە ئىختىيارسىز
قايىل قىلدى .
ئىلگىرى كىنودىكى مۈرەككەپ ، قىيىن ھەرىكەت-
لەرنى ئالاھىدە ماھارەت ئارتىسلىرى ئورۇنداپ كەل-
گەن ، تاماشىبىنلار بۇنداق ھەقىقىي تۇرمۇش رېئاللى-
قى ئاساس بولغان فىلىملەردىن باتۇرلۇق ، جاسارەت ،
ھەيۋەتلىك كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى چىن
ۋە ئەينەن ھېس قىلاتتى . ئەنئەنىۋى كىنو نەزەرىيىسى
ۋە ئېستېتىكىسى خىيالىي تەسەۋۋۇر بىلەن رېئاللىقنى
مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرمىسىمۇ ،
ئەمما كىنودا ۋەقە ـ ھادىسىلەر ، شەيئىلەر ، ئاۋاز ،
ئوبرازنى تۇرمۇش رېئاللىقىدىن تاللاشنى تەشەببۇس
قىلغان ، شۇڭا كىنو سەنئىتى نەزەرىيىچىلىرى كىنو
كۆرۈنۈش ۋە پېرسوناژ ئوبرازى مەنتىققە بەك ئۇيغۇن
بولۇپ كەتمىسىمۇ ، مەنبە جەھەتتىن چوقۇم ئوبيېك-
تىپ تۇرمۇشتىن چىقىپ كەتمەسلىك مۇھىم ئىجادى-
يەت پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى . لېكىن ، رەقەم
ۋە تور تېخنىكىسى كىنونىڭ ھەقىقىيلىقى رېئال مەنبە-
سى بىلەن تەسەۋۋۇر خىيالىيلىقى ، توقۇلمىلىقى ئوت-
تۇرىسىدىكى پەرقنى غۇۋالاشتۇرۇۋەتتى . كىنونىڭ ما-
كان ـ زامان جەھەتتىكى ئارىلىق بوشلۇقىنى كىچىك-
لىتىۋەتتى . «راستىقا ئايلانغان ئالدامچىلىق» ،
«ھالاكەتچى» ، «گىلادىياتور» ، «كەلگۈسى سۇ دۇنيا-
سى» قاتارلىق رەقەملىك يۇقىرى تېخنىكا فىلىملىرى-
نىڭ رېئاللىقتىن ھالقىغان خىيالىي كۆڭۈل ئېچىش
ۋاستىسىگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى بۇرۇنقى ئېستېتىكا
نەزەرىيىسى ۋە كىنو چۈشەنچىلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە

قايتا قۇرۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى . ئەنئە-
نىۋى كىنو نەزەرىيىسىدە فىلىم لېنتىسى كىنو-
نىڭ بىردىنبىر ماتېرىيالى دەپ قارالغان . ئەمما
«ھەسەن ـ ھۈسەن» ، «پلانېتىلار ئارا قىرغىنچىلىق»
قا ئوخشاش پۈتۈن رەقەملىك كومپيۇتېرلىق كىنو فى-
لىمىنىڭ ئىشلىنىشى بۇ قاراشنىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلى-
دى . رەقەملەشتۈرۈش تېخنىكىسى كىنونى ئىشلەش ۋە
قويۇش جەريانىدىكى ئەسۋاب ـ سايمانلارنى ئىشلەتمەي
كومپيۇتېر ئارقىلىق قۇراشتۇرۇپ كىنونى لېنتىسىز
ئىشلەشتەك قۇلايلىق شارائىتنى ياراتتى . دۆلەت ئىچى-
دە تۇنجى پۈتۈن رەقەملىك تور تېخنىكىسى قوللىنىل-
غان «پەرىشتىنىڭ قانىتى» فىلىمىنىڭ ئىشلىنىشى
جۇڭگو كىنوچىلىقىنىڭمۇ مۇشۇ تەرەپكە يۈزلىنىشى-
نىڭ بىر ئىپادىسى . پۈتۈن رەقەملىك كىنو فىلىملى-
رىنىڭ ئىشلىنىشى ۋە تارقىلىش سۈرئىتى تېز ، كەڭ
دائىرىلىك ، ساقلىنىشقا ئەپلىك ، تەننەرخى تۆۋەن بو-
لۇشتەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن كىنو ئىجادىيىتىنىڭ
كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات يولىدىن بېشارەت بەردى .
بۇرۇن كىنو ئېستېتىكىسى چۈشەنچىسىدە كىنو كىنوخانى-
دا كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدىغان ئاممىۋى سەنئەت دەپ قا-
رالغان . كىشىلەر كىنوخانىنىڭ قاراڭغۇ جىمجىت مۇ-
ھىتىدا ئېكرانغا تىكىلىپ تىپتىنچ ئولتۇرۇپ كىنو
كۆرگەندە كىنودىن ھەقىقىي ھۇزۇر ئالالايدۇ . خېلى
كۆپ ئادەملەرنىڭ ھېلىمۇ كىنوخانىلاردا كىنو كۆرۈش-
نى ياخشى كۆرۈشى كىنونىڭ تېلېۋىزوردىن ئارتۇقچى-
لىقى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ . ئەمما ھازىرقى ئېستېتىك
زوقلىنىش ئادىتىنىڭ يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا ، بال-
دۇرقىدەك چوڭ كىنوخانىلاردا كىنو كۆرۈشنى ئانچە

خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. چوڭ كىنوخانىلارمۇ بار-
غانسېرى كىشىلەر چاي ئىچكەچ سىردىشىدىغان كىنو
كۆرۈش «ھۇجرىسى» غا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا.
بۇنداق ئائىلە كىنوخانىسى شەكلىدىكى كىچىك ئېكراز-
لىق سورۇن رەقەملىك كومپيۇتېر فىلىمىنىڭ ئەمە-
لىي قوللىنىشچانلىقىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇردى. دۇنيا
كىنوچىلىقىنىڭ 21 - ئەسىردىكى بۇ يۈزلىنىشى جۇڭ-
گو كىنوچىلىق ئىجادىيىتىگە رىقابەت ۋە خىرىس ئې-
لىپ كېلىۋاتقان بۇ چاغدا، كىنونىڭ ئىجادىيەت قانۇ-
نىيىتى ۋە پرىنسىپلىرى جەھەتتىن رەقەملەشتۈرۈشكە
يۈزلىنىشنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ رەقەملەش-
تۈرۈش بىلەن كىنونىڭ مىللىيلىك ۋە ئېستېتىكىلىق-
نىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنە قانداق تونۇش كېرەك؟ بۇ
ھازىر كىنو نەزەرىيىچىلىرى، ئىجادىيەتچىلىرى ۋە
تەنقىد ساھەسىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر مەسىلە. دۇن-
يا كىنوچىلىقىنىڭ 100 يىللىق مۇساپىسىدە، غەرب
كىنو سەنئىتى باشلانغان جاي شۇنداقلا كىنو - تېلېۋى-
زىيە تەرەققىياتىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ-
نىڭ نەزەرىيە ۋە ئېستېتىكىسىمۇ مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇش جەريانىدا باشقا ئەل - خەلقلەر تەرىپى-
دىن قوبۇل قىلىنغان، شۇڭا كىنو نەزەرىيىسى ۋە
ئېستېتىكىسىنىمۇ بىز غەربتىن قوبۇل قىلدۇق. لې-
كىن ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا كىرگەندە ئۆزىمىزنىڭ
مىللىي تۇرمۇش مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى-
مىز بىلەن بىرلىشىپ تەدرىجىي مىللىي كىنو - تېلې-
ۋىزىيە سەنئىتىگە ئايلاندى. بەزىلەر كىنو - تېلېۋىزى-
يە ئەسلىدىلا غەربنىڭ سەنئىتى، بىر خىل ئۇچۇر
ۋاستىسى، ئۇنىڭدا مىللىيلىك بولۇش - بولماسلىق-

نىڭ كارايىتى چاغلىق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىنو بارغانسېرى دۇنياۋى ئورتاقلىققا قاراپ كېتىۋاتقان سەنئەت . شۇڭا مىللىيلىكنى تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دېيىشى مۇمكىن . مېنىڭچە ، ئۇچۇر تورى ۋە رەقەملىك كىنو نەزەرىيىسىدە بۇرۇلۇش پەيدا قىلىۋاتقان چاغدا ، ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيىچىلىكىنىڭ مىللىي ئېستېتىك يۈزلىنىشىنى تەكىتلىمىسەك ئۇ چاغدا كىنو - تېلېۋىزىيىنى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئوبرازىنى دۇنياغا تونۇشتۇرىدىغان تەشۋىق قىلىدىغان مەدەنىيەت ئەلچىسىگە ئايلاندۇرالمىغان بولىمىز . مۇبادا ، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىمىز جارى قىلدۇرمىساق ئۇنى باشقىلار قانداقمۇ قەدىرلىسۇن ؟

كىنو - تېلېۋىزىيىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئېستېتىكا جەھەتتىن يۇقىرى تېخنىكىنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلگەنلىكى ھەرگىزمۇ مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىكىلىققا ئىگە بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . غەرب كىنولىرى ياۋروپا تۇرمۇشى ۋە ئەنئەنىسىنى ئىپادىلەپ بازار تاپقاندەك ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيىلىرىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مىللىي ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلالىسا ئاندىن ئالقىشقا ئېرىشەلەيدۇ . ئۆتكەن 20 يىلدا شىنجاڭ كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئىجادىيىتىدە گۈلچەن چۈنلەن ، تۇيغۇن ئەخمىدى ، خۇرشىدە غوپۇر ، ئۆمەر سايىم ، پىردەۋس ئەزىزى ، بەختى ياقۇپ قاتارلىق مىللىي رېژىسسور ۋە ئوپېراتورلار كۈچلۈك يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن بىر قىسىم مۇنەۋۋەر كىنو ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى تاماشىبىنلارنىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا سۇندى . خەلقىمىزنىڭ ئالقىشىغا ئېرىش-

كەن بۇ فىلىملەر خۇددى بىز بۇ ھەقتە مەخسۇس تەھ-
لىل قىلىپ ئۆتكەندەك تارىخ ، مەدەنىيەت ، ئەنئەنە ۋە
بۈگۈنكى ھاياتنى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ ئۇيغۇر
كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ مىللىيلىككە يۈزلىنىد-
شىنى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى تولۇق نامايان قىلدى .

يېڭى ئەسىردە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى دۇنيادا
پۇت تىرەپ تۇرالامدۇ - يوق ؟ بۇنى شۇ مىللەتنىڭ
زامانىۋى پەن - تېخنىكىسى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت
سەنئىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ھەم قىممىتى بەلگىلەيدۇ .
ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئۆز مىللىي مەدە-
نىيىتىنىڭ قىممىتىنى مىللىي ئېستېتىك جەھەتتىن
يورۇتۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئوبرازىنى دۇنياغا
تونۇتالىسا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي يوسۇندا ئۇيغۇر مەدەنى-
يىتىنىڭ بىر تەركىبىگە ئايلانغان ، ئۆز بۇرچىنى ئادا
قىلغان بولىدۇ .

مېنىڭچە ، كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى بىزنىڭ
قەلبىمىزدە مەلۇم روھ ، ئېتىقاد ، ئۈمىد پەيدا قىلىپ
كېلەچەككە ، يورۇق بىر نۇقتىغا — مىللەتنىڭ مەۋ-
جۇتلۇقى ۋە تەرەققىيات يولىنى تېپىشىغا ئاڭلىق يې-
تەكلىسە شۇ چاغدا ئۇ بىزنىڭ ھاياتلىق سۈپىتىمىزنى
يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولالايدۇ . شۇڭا مىللىي-
لىك ۋە ئېستېتىكىلىق جەھەتتە ئىزدىنىش ئۇيغۇر مە-
دەنىيىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئىجادىيەتچىلىرى جۈملىدىن كىنو - تېلېۋىزىيە
خادىملىرى ئورتاق ئويلىنىدىغان مەسىلىدۇر .

**2 . «كىنو - تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى» ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات نىشانى**

بىرنەچچە يىللاردىن بىرى ، دۆلەت ئىچىدىكى كى-

نو ـ تېلېۋىزىيە تەتقىقاتى ساھەسىدە «كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى» دېگەن يېڭى پەن ئاتالغۇسى بارغانسېرى بۇ ساھەدىكى كىشىلەرنى قىزىقتۇرغان تېما بولۇپ قالدى. بۇرۇن كىنو بىلەن تېلېۋىزىيىنى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئەمما مۇستەقىل ئىككى ساھە دەپ قارىغاچقا، بەزى كىنو نەزەرىيىچىلىرى كىنو ئېستېتىكىسىغا ئوخشاش تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسىنىمۇ ئايرىم بىر پەن قىلىپ تىكلەش ئۈچۈن ئىزدىنىپ بەزى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغانىدى. ئەمما بۇ تەتقىقاتلار تېلېۋىزىيە نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ ئېستېتىك قانۇنىيەتلىرىنى ئىزاھلاپ ۋە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكتىن تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى ئېتىراپ قىلىنمىدى. مۇنداق شارائىتتا كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر، ئورتاقلىقلار ۋە نەزەرىيە قانۇنىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىشقا بولامدۇ ـ يوق؟ ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇلارنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ دەل مۇشۇنداق ئوي بىلەن بەزىلەر يېڭىدىن «كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى»نى تەشەببۇس قىلماقتا. گەرچە بەزىلەر كىنو ئېستېتىكىسى بىلەن تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ بۇرۇنقىدەك ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىشنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، ھازىرقى تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن قارىغاندا زور كۆپچىلىك كىشىلەر «كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى»نىڭ ئىلمىي ئورنى، قىممىتى، ئىجادىيلىقى ۋە ئىستىقبالىنى تونۇپ يەتمەكتە ھەم ئۇنى قوللىماقتا. ئۇنداقتا، كىنو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى، ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۇنىڭ ئېستېتىك ھادىسىلىرى ۋە قانۇنىيىتىنى بىر

پۇتۇنلۇك ئىچىدە بايان قىلىشنىڭ ئاساسى ۋە ئىمكانى-
يىتى زادى قانچىلىك؟
مېنىڭچە، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسىمۇ
خۇددى كىنو ئېستېتىكىسىدەك سەنئەت ئېستېتىكىسى-
نىڭ بىر تارمىقى. ئۇ كىنو ـ تېلېۋىزىيە نەزەرىيىسى
بىلەن سەنئەت پەلسەپىسى ئۇستىگە قۇرۇلغان پەن.
بولۇپمۇ، ئىجادىيەت ئېقىمى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتە غەرب-
نىڭ يېڭى رېئالىزم، تەبىئەتچىلىك، روھىي ئانالىز-
چىلىق، ئاڭ ئېقىمى قاتارلىق پەلسەپە ئېقىملىرى بى-
لەن بىرلىشىپ بىر يۈرۈش نەزەرىيە ئاساسىنى يارات-
قان. ئۇچۇر تورى ۋە يۇقىرى يېڭى تېخنىكا دەۋرىدىكى
كىنو بارغانسېرى نۇرغۇن تەرەپلەردە تېلېۋىزىيە سەن-
ئىتى بىلەن ئورتاقلىقنى ھاسىل قىلماقتا. مۇنداق
شارائىتتا «كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى» چۈشەن-
چىسىنى ئوتتۇرىسىغا قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىزاھ-
لاشنىڭ تولۇق ئاساسى ۋە ئىمكانىيىتى بار. كىنو ـ
تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كىنو
ئېستېتىكىسى ياكى تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسىنىڭ مەز-
مۇن دائىرىسىدىن چوڭ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كىنو ـ
ئېستېتىكىسىنىڭ نۇرغۇن قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى تې-
لېۋىزىيە سەنئىتىگە باب كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى-
سىلا تېلېۋىزىيىگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە مەسىلىنى يو-
رۇتۇپ بېرەلمەيدۇ شۇنداق بولغانلىقتىن، كىنو ـ
تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسىنى تىكلەش ئىنتايىن زۆرۈر.
ئەمما شۇنىمۇ ئىزاھلاش زۆرۈركى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە
ئېستېتىكىسى كىنو ئېستېتىكىسى بىلەن تېلېۋىزىيە
ئېستېتىكىسىنى ئاددىيلا قوشۇپ قويۇش ئەمەس، بەل-

كى بۇ ئىككىسىنىڭ ئورتاق ۋە ئايرىم قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا كىنو - تېلېۋىزىيە ئۇقۇمى، چۈشەنچىسى، ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى رامكىسىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كېيىن، كىنو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ پەرقى ئازىيىپ، ئەكسىچە ئورتاقلىقى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. ئالايلى، كارخانا شەكلى، تاۋارلىق خۇسۇسىيىتى، يۇقىرى يېڭى تېخنىكىغا تايىنىشچانلىق، هازىرقى مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىك تەلەپ، تاماشىبىنلارنىڭ گۈزەللىك پسىخىكىسى جەھەتتىن ئورتاق. هەر ئىككىلىسى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىسى، هەر ئىككىلىسىنىڭ لايىھىلەش، ئىشلەش جەريانى ئوخشاپ كېتىدۇ. شەكىل جەھەتتىن، هېكايە فىلىم بىلەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى، كىنو خەۋىرى، هۆججەتلىك فىلىم، تېلېۋىزىيە خەۋىرى قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقمۇ گەۋدىلىك. بەزىدە بۇ ئىككىسىنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشمۇ تەس. شۇڭلاشقا «كىنو - تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى» كىنو ئېستېتىكىسىنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا سىستېمىلاشقان نەزەرىيىلەرنى تېلېۋىزىيىدە قوللىنىپ تېلېۋىزىيىنىڭ ئېستېتىكا جەھەتتىكى كەمتۈكلۈك ۋە يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلايدۇ. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ ئىزچىل يېڭىلىنىش، كۆپ خىللىشىشىغا ئۆز نۆۋىتىدە يېڭىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

كىنو - تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى هەر خىل كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئەت تۈرلىرىنىڭ شەكىللىنىش، تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانى، ئۆزئارا مۇناسى-

ۋىتى ، سەنئەت ئەسەرلىرى ھەم تەرەققىيات ئىستىقبا-
لى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىدۇ ، ھۆكۈم قىلىدۇ .
ئېستېتىك باھا بېرىدۇ ۋە تەنقىد قىلىدۇ . كىنو ۋە
تېلېۋىزىيە كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئارقىلىق سەنئەتنىڭ
كۆپ خىل شەكىللىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇنىۋېرسال
سەنئەت بولغاچقا ئۇ مەلۇم مەدەنىيەت ۋە گۈزەللىكنىڭ
تارىخىلىقى ، دەۋرچانلىقى ھەم تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇ-
ناسىۋەتلىك . شۇنىڭ بىللە يەنە يۇقىرى پەن -
تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە قوللىنىلىشى بىلەنمۇ زىچ
باغلىنىشلىق . بۇ جەھەتتىن كىنو - تېلېۋىزىيە ئېس-
تېتىكىسى سەنئەت بىلەن تېخنىكا بىرلەشتۈرۈلگەن
ئېستېتىكا بولۇپ ، ئۇ كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ
ھەرىكەت شەكلى ، قانۇنىيىتى ۋە تېخنىكىسى ئاساسىدا
ئۇنىڭ پەلسەپىۋىلىكىنى ئىزدىنىدۇ . تېخنىكا ، ئاۋاز ،
سۈرەت ، زامان - ماكان قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىدە مە-
دەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئارقىلىق ئېستېتىك ئالاھى-
دىلىكلەرنى ئىپادىلەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن كىنو - تېلې-
ۋىزىيە ئېستېتىكىسىنى تەتقىق قىلغاندا ، ئىلگىرىكى
ئېستېتىكا تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە
ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مىللىي كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجا-
دىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ كىنو - تېلې-
ۋىزىيە سەنئىتىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەتتىكى ئورنىنى
تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەم دۇنياغا يۈزلەنگەن ،
ھەم كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كىنو -
تېلېۋىزىيە سەنئىتىنى بەرپا قىلىش يولىدا ئىز-
دىنىش كىنو - تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى تەتقىقاتى-
نىڭ ئاخىرقى نىشانىدۇر .

## 3. كىنو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ئەخلاقىي ئېستېتىك تەلىم ـ تەربىيە

گۈزەللىك تەربىيىسى — سەنئەت مائارىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى شۇنداقلا ئاساسىي نىشانى . ئۇ يېڭى دەۋردىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ساپا مائارىپىدا بارغانسېرى مۇھىم ئورۇن تۇتماقتا . سەنئەت ئىنسانىيەتنىڭ ئېستېتىك پائالىيىتىدىكى ئەڭ يادرولۇق تەربىيە شەكلى سۈپىتىدە مەنىۋى جەھەتتە ئادەمنىڭ ھېسسىيات ، كەيپىيات پەزىلىتىنى ساپلاشتۇرىدۇ ۋە چېنىقتۇرىدۇ . كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك زوق ۋە ئىجادچانلىق ئىقتىدارىغا تۈرتكە بولۇش بىلەن تەڭ ئەقلىي ، ئەخلاقىي ، جىسمانىي جەھەتتىن ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئاكتىپ تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ . سەنئەت مائارىپىدا ئەخلاقىي ، ئېستېتىك تەلىم تەربىيىسىنى ، ئەڭ جانلىق ئېلىپ بارىدىغان شەكىلنىڭ بىرى — كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىدۇر .

رېئال ھاياتنى ئوبرازلىق ، تەسىرلىك سۈرەتلەپ بېرىدىغان كىنو زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلەن ھەرقايسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈرلىرى بىرلەشكەن ئۇنىۋېرسال ، قىزىقارلىق ، سەنئەت ، ئۇ ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھاياتلىق مەسىلىلىرىدىن ، ھەر قايسى ئەل ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئەنئەنىسىنى ، ئەخلاقىي ئېستېتىك قاراشلارنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى تەسىرلىك ۋە كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . رېئاللىقتىكى تۈرلۈك زىددىيەت كۈرەشلەر ھەم كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىشلىرىنى تىپىكلەشتۈرۈپ سۈرەتلەش ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتتىكى چىنلىق ، ياخشىلىق ، گۈزەللىكنى مەدھىيىلەپ توغرا دۇنيا قاراش ، كىشىلىك

قاراش ۋە مەدەنىيەت قىممەت قارىشىنى تىكلەشتە يې-
تەكلەش ، قوزغىتىش ۋە تەربىيىلەش رولىنى ئۆتەي-
دۇ .
گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ مەقسىتى ۋە ئوبيېكتى-
دىن قارىغاندا ، سەنئەت ئەسىرى ئادەمنىڭ ئېستېتىك
ئېھتىياجى ، قىزىقىشى ۋە ھېسسىياتىنى چىقىش قى-
لىپ ، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتى-
دارى ، جىسمانىي ۋە روھىنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرى-
دۇ . ساغلام ئىلمىي قىممەت قارىشى ، گۈزەللىك قارى-
شى ۋە ئەخلاق قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ ئادەمنىڭ ئۆز
ئەتراپىدىكى مۇھىتىغا ماسلىشىش ئىقتىدارى ۋە مۇ-
ھىتنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسى ، ئەقىل - پاراستىنى
ئىلگىرى سۈرىدۇ . بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئەخلاق
ئېستېتىك تەربىيە رولى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەر-
دىن ئىپادىلىنىدۇ : بىرىنچىدىن ، كىنو ئىنسانىيەتنىڭ
ئورتاق ئېستېتىك تەلپۈنۈشى ، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆ-
زىگە خاس ئالاھىدىلىكى ، مەنىۋى ئىنتىلىشىنى ئەكس
ئەتتۈرىدۇ ۋە ئادەمنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ، ياشاش
مەنتىقىسى ھەمدە گۈزەل ھاياتقا تەلپۈنۈشىدەك ئورتاق
تەلپىنى ئىپادىلەيدۇ . جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز ھالدا
تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا ، بىر مىللەت-
نىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىمۇ جەمئىيەت قەدىمىگە
ماسلىشىپ ئۆزگىرىدۇ ۋە يېڭىلىنىدۇ . تۇرمۇش ئۆز-
گەرگەندىن كېيىن ، ئادەمنىڭ ئېستېتىك زوقىمۇ ئۆز-
گىرىدۇ . شۇڭا بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە
ئۇنىڭ يېڭىلىنىش تەقەززاسى ئېكراندىكى كونكرېت
ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن ، «مە-
ھەممەت ھەققىدە پاراڭ» فىلىمىدىكى يېڭى ، قايناق

هايات ئىچىدىكى مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنىڭ ئېستېتىك مۇجەسسەملىنىشى بۇ دەۋردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭىچە تۇرمۇشى ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەش بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مۇئەييەن ئىدىيىۋى تەربىيە قوبۇل قىلغۇچى تاماشىبىنىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە تۇرمۇشىغا تەسىر قىلىپ، دەۋر يۈندىلىشىگە ماس كېلىدىغان يېڭى ئىلىم - پەن، تېخنىكا ئامىللىرىنى، مەدەنىيەت يېڭىلىقىنى تونۇشتۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە بىر مىللەتنى ئىدىيىۋى بىرلىككە ئىگە قىلغان ئالاھىدىلىك تۇراقلىق بولسىمۇ، مىللىي تۇرمۇشتىكى مەدەنىيەتكە تەئەللۇق تەرەپلەر دەۋر تەقەززاسىدا يېڭى ئىلىم - پەن، تېخنىكا بىلىملىرىنى، ئىلغار قاراشلارنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىدۇ. كىنو سەنئىتى بولسا سىرتقى قىياپىتىدىن ئىچكى دۇنياسىغىچە تەسىرلىك، لىرىك ھېسسىياتقا باي ئوبراز ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ «خاسىيەتلىك ئادەم»، «خاسىيەتلىك ئايال» فىلىمىدىكى تېخنىكىلىق يېڭىلىقلار كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. كىشىلەر خۇددى شۇ مۇھىتتا ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. بەزىلەر شۇنىڭ تەسىرىدە ئۆز تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق، كېيىنكى ئىجادىيەت، كەشپىياتىغا ئاساس سالىدۇ. مانا بۇ فىلىمنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىدە تەربىيە ئارقىلىق بىلىمنىڭ كۈچىنى تونۇتىدىغان ئىجتىمائىي رولىدۇر. ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقى ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى شارائىتنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. بۇ جەرياندا ئادەمنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىس-

مانىي گۈزەللىك ۋە ھەرىكەت ساپاسى ئادەمنىڭ ئۇند-
ۋېرسال ساپاسى ۋە ئىقتىدارىنى تەشكىللەيدۇ . سەنئەت
بولسا ئادەمنىڭ يۇقىرىقى ئىقتىدارىنىڭ تىپىك ئېستې-
تىك پائالىيەتتىكى ئىنكاسى . گۈزەللىك تەربى -
يىسى — ئادەمنىڭ ئەخلاقىي ئېستېتىك قىزىقىشى
گۈزەللىك ۋە ئىجادىيەتتىكى گۈزەللىك ئىقتىدارىنى
تەربىيىلەيدىغان ئېستېتىك تەجرىبىلىرىنى ، گۈزەل-
لىكنى چۈشىنىش ، سۆيۈش ۋە يارىتىش ئېڭىنى تەربى-
يىلەيدۇ . نەزەر دائىرىسىنى ئېچىپ بىلىمىنى كۆپەي-
تىدۇ ، مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ، توغرا كۆزىتىش ،
باھا بېرىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلى-
دۇ . ئۇچىنچىدىن ، مەيلى قانداق دۆلەت خەلقى ۋە
مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، مۇئەييەن فىلىم يەت-
كۈزگەن مەدەنىيەت يېڭىلىقى ، تۇرمۇش تەجرىبىسى
رادىئو ، گېزىت تەشۋىقاتىدىن ئۈنۈملۈك بولۇپ ، ئۇنى
كۆرگەن ، زوقلانغان كىشىنىڭ شەخسىي تەجرىبىسى ،
سەرگۈزەشتىسى ھەم تەربىيىلىنىشى بىلەن بىرلىشىپ ،
يېڭى قاراشنى تۇرغۇزۇشتا رول ئوينايدۇ . مەسىلەن ،
ھىندىستاننىڭ «سەرگەردان» ، پاكىستاننىڭ «كىشى-
لىك دۇنيا» ، «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» ، ئېلىمىزنىڭ
«ئادەم ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە» ، «نۇرنىسا» قاتارلىق
فىلىملەر ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈرىدىغان رېئال
ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەرقانداق سىياسىي تەشۋى-
قاتتىن چوڭقۇر كۆرسىتىپ ، تۇرمۇش ساۋىقىغا ئىگە
قىلىدۇ .

ھەربىر فىلىمگە قارىتا ئاممىنىڭ قىزىقىشى ، تە-
سىرلىنىشى شۇ فىلىمدىكى زىددىيەتنى راۋاجلاندۇرى-
دىغان ئوبراز پائالىيىتى ۋە مەركىزىي ئىدىيىدىن كې-

لىدۇ. ئېكران تۇرمۇشىدىكى ئادەملەرنىڭ مۇرەك-
كەپ، نازۇك ھېسسىياتىنىڭ يۈكسەك جەلپدارلىقى
قەلبلەرگە چەكسىز ھاياجان، لەززەت بەخش ئېتىدۇ.
بىرەر تەسىرلىك فىلىم، مەيلى قەيەرگىلا تەئەللۇق
بولسۇن، ھامان كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.
ئەخلاقىي تەربىيە جەھەتتە غايەت زور ئىجتىمائىي رولغا
ئىگە بولىدۇ.

كىنونىڭ سەلبىي نەتىجىسى، ئاساسىي نۇقتىدىن
قارىغاندا، كىنو فىلىم تەرىپىدىن ئەمەس، ئەكسىچە
تاماشىبىنىنىڭ چۈشىنىش نۇقتىسى تەرىپىدىن بەلگى-
لەنگەن. چەت ئەلنىڭ ناچار دەپ قارالغان بەزى تۇر-
مۇش ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرى كىنو ئارقىلىق سىڭىپ
كىرىپ، كىشىلىك قارىشى مۇكەممەل بولمىغان
ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر قىلىدۇ.
غەرب كاپىتالىزمى دۇنياسىنىڭ چۈشكۈن، چىرىك
تۇرمۇش مۇھىتىدىن ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك فى-
لىملەرمۇ بەزى ياشلار تەرىپىدىن ئاڭسىز قوبۇل قىلى-
نىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى بۇلغاشقا سەۋەب بولدى.
بۇنىڭ بىلەن بىللە ئايرىم كىشىلەردە كىنو - تېلېۋىزى-
يىدىن زارلاپ، ئۇنى مىللىي ئەنئەنە ۋە ئەخلاقنى بۇ-
زۇپ، ئادەملەرنى چىرىتىدىغان، ئۆرپ - ئادەتنى مەنى-
سىتمەيدىغان ھەتتا بۇزۇقچىلىق ئۆگىتىدىغان مەنبە
دەيدىغان بىر تەرەپلىمە ۋە خاتا چۈشەنچىنى كەلتۈرۈپ
چىقاردى. شۇڭا خەلقىمىز ياقتۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ
روھىي دۇنياسىغا ئىجابىي ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەلەي-
دىغان فىلىملەرنى ئىشلەش ۋە قويۇش، مەدەنىيەت
ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كىنو - تېلېۋىزىيە ئارقىلىق مىل-
لەتكە گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسىي

تەلىپى .

### 4 . ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى

— كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە مائارىپىدا تۇتقان ئورنى ھەم قىممىتى

مىللەتنى مائارىپ ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇشتا ساپا مائارىپىنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە ، سەنئەت مائارىپى — بىر دۆلەت ۋە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم مائارىپ شەكلىگە ئايلانماقتا . ئىلگىرى سەنئەت مائارىپى دېسە كىشىلەر ناخشا - مۇزىكا ، ئۇسسۇل ۋە رەسساملىق كەسىپلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ كەلگەن . ئەمما 21 - ئەسىردىكى سەنئەت مائارىپىنىڭ يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا ، كىنو - تېلېۋىزىيە مائارىپى سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر تەربىيە شەكلى بولۇپ قالىدۇ . ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا گېزىت - ژۇرنال ، كىتاب ئوقۇمايدىغان ياكى تىياتىر ، مۇزىكا كېچىلىكىگە قىزىقمايدىغان ئادەم بار بولسىمۇ ، ئەمما كىنو - تېلېۋىزىيە كۆرمەيدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر CD ، VCD ھەم DVD قاتارلىقلار ئائىلىلەردە ئومۇملىششقا باشلىغاندىن كېيىن كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئۆز ئېشتىياقىغا قاراپ تاللاپ كۆرۈشكە يۈزلىنىش كىنو - تېلېۋىزىيىنىڭ مائارىپ تەلىم - تەربىيە بىلەن مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى . ھازىر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئېڭىغا بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە ئەڭ كۈچلۈك ، بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئىجتىمائىي ئامىل دەل كىنو - تېلېۋىزىيىدۇر . ئۇ

نۆۋەتتىكى تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، تەسىرى ئەڭ تېز ۋە چوڭقۇر بولغان كۆرۈش - ئاڭلاش، زامان - ماكان، سەنئەت ۋە يۇقىرى تېخنىكا بىرلەشكەن ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكى بىلەن 20 - ئەسىردىكى «يەتتىنچى سەنئەت» دەپ تەرىپلەنگەن سېھرىي كۈچكە تولغان سەنئەتتۇر. كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرى، بەدىئىي فىلىملەر، تېلېۋىزىيە بەدىئىي ئېلانى، MTV، CD ياكى DVD فىلىملىرى بولسۇن، ئۇ ئوخشىمىغان ياش قۇرام، ئوخشىمىغان جىنس ۋە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكى كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولدى. ئېسىل ۋە سۈپەتلىك كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى ياخشى ئىقتىسادىي پايدا يارىتىپلا قالماي، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، باشقىلار ئالدىدىكى ئېسىل ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق بۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىك گۈزەللىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ھەمدە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مائارىپ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىدىيە مەزمۇنى ساغلام بولمىغان ناچار كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرى بولۇپمۇ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، تېررورلۇق، ئەر - ئاياللارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى، ئائىلە ۋە نىكاھىدىكى ئاشنىدارچىلىق، شەھۋانىيلىق كۆرۈنۈشلىرى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەندە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بۇلغاش، خۇنۇكلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئەخلاقىي ئاڭ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە قائىدە - يوسۇن قاتارلىقلاردىن ياتلاشتۇرىدۇ. بۇ-

نىڭ يامان تەسىرىنى ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ . ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقىدەك مەزمۇندىكى تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرگەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئۇنى قارىغۇلارچە دوراپ بىرمۇنچە يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ ، ئالايلۇق ، 80 - يىللاردا ھىندىستاننىڭ «سەرگەردان» فىلىمى قويۇلغاندىن كېيىن نۇرغۇن باللار «ئاباراگۇم» ناخشىسىنى توۋلاپ يانچۇقچىلىق قىلىشنى دوراپ باققان بولسا ، پاكىستاننىڭ «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا خەمىت ۋە رۇخسارىنى دوراپ مۇھەببەتلىشىش مودا بولغانىدى . «شاۋلىن ئىبادەتخانىسى» ، «غەرىبكە ساياھەت» فىلىملىرى قويۇلغاندا بولسا بەزى باللار فىلىمدىكى كۆرۈنۈشنى دورايمىز دەپ دەرەخ ۋە تامدىن سەكرەپ ئۆزلىرىنى زەخىملەندۈرۈۋالغان . ھەتتا بەزى جايلاردا يارىلىنىش - ئۆلۈش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلدى . بەزىلىرى مۇھەببەت ، نىكاھ دېلوسى تېما قىلىنغان كىنولارنى كۆرگەندىن كېيىن كېچىلىرى يول توسۇپ قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلغان بولسا ، توي قىلىش يېشىدىكى ياكى يېڭى ئائىلە قۇرغان بەزى كىشىلەر ئاشىنىدارچىلىققا بىردىنلا قىزىقىپ كېتىشتى··· مۇنداق ئېغىر پاجىئە ۋە ئائىلە تراگېدىيىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ، ئەسلىدە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ ھازىر «مودا» غا ئايلىنىپ قالغان كىنو - تېلېۋىزىيە «ئۆلگىسى» ئاز ئەمەس ، شۇڭلاشقا دەۋر رېئاللىقىنىڭ تەقەززاسى كىنو - تېلېۋىزىيىنى چوقۇم بىر خىل مەدەنىيەت ۋە مائارىپنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىپ چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلماقتا .

1982 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دۆلەتلىك مائارىپ كومى-
تېتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بېيجىڭ كىنو ئىنستىتۇ-
تى ، جۇڭگو كىنوچىلار جەمئىيىتى ، جۇڭگو ھازىرقى
زامان ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق
ئورۇنلار بىرلىشىپ بېيجىڭدا 1 ـ قېتىملىق «مەملى-
كەتلىك ئالىي مەكتەپلەر كىنو دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى
تەربىيىلەش كۇرسى» نى ئېچىپ دۆلەت ئىچىدىكى ئا-
لىي مەكتەپلەر كىنو ـ تېلېۋىزىيە مائارىپىنىڭ يېڭى
مەزگىلىنى باشلىغانىدى . شۇنىڭدىن كېيىن
جۇڭگو كىنو ـ تېلېۋىزىيە مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى
بارغانسېرى كۆلەملىشىشكە ، ماسلىشىشقا ، سىستېمى-
لىشىشقا قاراپ راۋاجلاندى .

دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ بىۋاستە رەھبەر-
لىكى ۋە قوللىشى ھەمدە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردى-
كى كىنو ـ تېلېۋىزىيە مائارىپچىلىرىنىڭ ئىزدىنىش
نەتىجىسىدە ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە دەرسلىكلىرى يالغۇز
كىنو ئىنستىتۇتىدا ئۆتۈلۈشتىن پۈتۈن مەملىكەتكە
كېڭەيدى . ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى 300 دىن ئار-
تۇق ئالىي مەكتەپتە كىنو ـ تېلېۋىزىيىگە ئائىت
كىنو ـ تېلېۋىزىيىدىن زوقلىنىش ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە
ئەدەبىياتى ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە پسىخولوگىيىسى ، كى-
نو ـ تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە
ئىجادىيىتى ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىنسانشۇناسلىقى قا-
تارلىق كۆپ خىل دەرس تۈرلىرى تەسىس قىلىندى .
بۇ ئارقىلىق كىنو ـ تېلېۋىزىيە نەزەرىيىسى ئىجادىيى-
تى تەرەققىياتىغا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئويناپ يېڭى
دەۋردىكى مەدەنىيەت مائارىپ قۇرۇلۇشىدا ئىلگىرى
سۈرۈش رولىنى ئوينىدى . 1995 ـ يىلى جاڭ

زېمىن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە تىرىشىپ چىڭ
تۇتۇشنى تەكىتلىگەن ئۈچ چوڭ ئىشنىڭ بىرسى
دەل كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىدۇر. پۈتۈن مەملىكەت-
تىكى ئالىي مەكتەپلەردە كىنو - تېلېۋىزىيە مائارىپ
كەسىپ قۇرۇلۇشى مەخسۇسلىشىۋاتقان چاغدا
شىنجاڭدا كىنو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنى مىللىي مە-
دەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى دەپ تو-
نۇپ، ئۇنى مەخسۇس تەتقىق قىلىش ۋە تىكلەش تېخى
ئىنتايىن تۆۋەن سەۋىيىدە، ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماق-
تا. پەن مەسىلىلىرىنى ئىلمىي نەزەرىيىۋى تەتقىق
قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ مۇنبىرى بىزنىڭ كىنو -
تېلېۋىزىيىنىڭ ئىلمىي ئورنىنى ئەتراپلىق چوڭقۇر تو-
نۇشىمىز، ئېتىراپ قىلىشىمىزنى شۇنداقلا كىنو -
تېلېۋىزىيە مائارىپىنى شىنجاڭدىكى مىللىي مائارىپنىڭ
بىر ھالقىسى دەپ تىكلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

كىنو - تېلېۋىزىيە — ماكان ۋە زاماندىن
ۋە تىل - يېزىقتىن ھالقىغان ئۇچۇرلۇق قىممىتى
يۇقىرى، كۆپ تەرەپلىمىلىك تەسىرلىك، ئوبرازلىق،
كىشىنى ھاياجانلاندۇرالايدىغان جانلىق مەدەنىيەت
دەرسلىكى، كىنو - تېلېۋىزىيە دۇنياغا كەلگىنىگە
ئۇزاق بولمىدى. ئەمما، كىشىلەر كىنو - تېلېۋىزىيە-
دىن ئىنسانىيەتنىڭ بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ھەتتا
نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى تارىخىي كۆرۈنۈشنى، تۇر-
مۇشنى، قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازىنى كۆرەلەيدۇ. ئۆت-
مۈش تارىخنى دەرسلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بى-
لەن ئەدەبىي ۋە نەزەرىيىۋى كىتابلار يېزىق ۋە تەسۋىر
ئارقىلىق ئابستراكت، مەۋھۇم چۈشەنچىلەر، بايان ۋە-
قەلىكلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنى ئوقۇپ،

چۈشىنىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت ، زېھنىي قۇۋۋەت ،
بەلگىلىك يېزىق ساۋاتى ۋە مەدەنىيەت بىلىم بول-
مىسا بولمايدۇ . ئەمما كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمى
بولسا تارىختىكى مۇرەككەپ ۋەقە - ھادىسىلەر ۋە ئا-
دەملەرنىڭ پائالىيىتىنى كۆز ئالدىمىزدا يىغىنچاق ،
جانلىق ، تەسىرلىك نامايان قىلىپ بىزنى قىسقا ۋاقىت
ئىچىدە چوڭ بىر تارىخىي دەۋر ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋا-
لىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ . بىزنى
تارىختىن خەۋەردار قىلىش بىلەن بىللە مەدەنىيەت ،
ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەخلاقىي قاراشلارنى تىكلىشىمىزگە
تۈرتكە بولىدۇ . بۇ جۈملىدىن ئالغاندا كىنو - تېلې-
ۋىزىيە تارىخ ئەنئەنە تەربىيىسى ، ئىلىم - پەن ،
تېخنىكا تەربىيىسى ، مىللىي مەدەنىيەت تەربىيىسى ،
قانۇن - ئەخلاق ۋە بۇرچ تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان
ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مىللەتپەرۋەرلىك ، قەھرىمانلىق ئى-
دىيىسىنى تىكلەيدىغان جانلىق دەرس .

ئەپسۇسكى ، كىنو - تېلېۋىزىيە مائارىپىنى رەس-
مىي تىكلەش ۋە ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرۇش ئاسانمۇ
ئەمەس . بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەبىنىڭ بىرسى ئۇيغۇر-
لار كىنو - تېلېۋىزىيىنىڭ مائارىپ تەلىم - تەربىيە
قىممىتى ۋە ئورنىنى تولۇق تونۇپ كەتكىنى يوق .
كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىجاد
قىلىنىدىغانلىقىنى ، فىلىمدىكى خىلمۇخىل تۇرمۇش
ھادىسىلىرىنىڭ نېمە مەقسەتتە تەسۋىرلەنگەنلىكىنى
ئاڭلىق ھېس قىلماي ئۇنى نوقۇل ئويۇن دەپ قاراپ
توغرىسى بىلەن خاتاسىنى پەرق ئەتمەي قارىقويۇق قو-
بۇل قىلىۋالىدىغان خاھىش ئېغىر . سەۋەبىنىڭ ئىككىن-
چىسى شۇكى ، ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەردە كەسىپ

قۇرۇلۇش تۇتۇۋاتقانلارنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيىنىڭ مائارىپتىكى ئورنىغا بولغان تونۇشى بىر تەرەپلىمە ۋە يېتەرسىز. ئۇلار كىنو - تېلېۋىزىيىنى يەنىلا كۆپىنچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئويۇن شەكلى، بولسىمۇ - بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسە دەپ قارايدۇ. ئۆزلىرى كىنو - تېلېۋىزىيىنى ياقتۇرسىمۇ لېكىن ئۇنى ئالىي مەكتەپلەر سەنئەت مائارىپى ۋە فىلولوگىيە مائارىپىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىپ مەخسۇس پەنگە ئايلاندۇرۇشقا نىسبەتەن تونۇش ئېنىق ئەمەس، ئابستراكت ئۇقۇم، چۈشەنچە ۋە نەزەرىيىلەر ئىچىدە ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىلا ھەممىدىن ئۇلۇغۋار قىممىتى يۇقىرى ئىش دەپ قارايدىغان بىلىم ئەھلىلىرى كىنو - تېلېۋىزىيىنىڭمۇ مەخسۇس بىر ئىلىم ئىكەنلىكىنى ئانچە ھېس قىلالمايدۇ.

شىنجاڭدا كىنو - تېلېۋىزىيە مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم بەك ئاز. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن زوقلاندۇرۇش ئارقىلىق تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئاساسەن بىر بوشلۇق.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردە «كىنو ئەدەبىياتى»، «كىنودىن زوقلىنىش» ياكى «كىنو - تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى» دەيدىغان دەرسلەر تەسىس قىلىندى. ئەمەلىيەتتە پەقەت كىنو ئەدەبىياتى تارىخىنى ياكى «كىنو - تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى» نامىدا كىنو ئەدەبىياتى مەزمۇنلىرى سۆزلىنىپ تېلېۋىزىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدى. ئېستېتىكىلىق مەزمۇنلار سۆزلەنمىدى. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەردىكى كىنو - تېلېۋىزىيە دەرسلىرىدە بىرمۇن-

چە مۇجەمەللىك ۋە ئۇقۇمدا ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئەھۋالى
مەۋجۇت . كىنو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ تەرەققىيات يۈزلى-
نىشىدىن قارىغاندا ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ
«كىنو - تېلېۋىزىيە ئىلمى» ، «كىنو - تېلېۋىزىيە
ئېستېتىكىسى» ياكى «كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلى-
كى» نى تىكلەش ئەقلىغا مۇۋاپىق بولسىمۇ لېكىن «كى-
نو ئەدەبىياتى» بىلەن «كىنو - تېلېۋىزىيە ئىلمى»
ياكى «ئېستېتىكىسى» ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق
بار . «كىنو ئەدەبىياتى» كىنونى ئەدەبىيات نۇقتىسى-
دىن چۈشىنىشكە قارىتىلغان بولۇپ ، ئۇ پەقەت كى-
نونى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىنلا ئىزاھلىيالايدۇ . ئەمما
كىنونىڭ ئىچكى مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ .
«كىنو - تېلېۋىزىيە ئىلمى» ياكى «كىنو - تېلېۋىزىيە
ئېستېتىكىسى» بولسا كىنونى ئەدەبىيات نوقتىسىدىن
ئەمەس ، بەلكى كىنو - تېلېۋىزىيىنى تۇرمۇشنى ئۆزى-
گە خاس يول بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇستەقىل
سەنئەت دەپ قاراپ ئۇنىڭ ئىجادىيەت قانۇنىيىتى ، نە-
زەرىيە سىستېمىسى ، ئېستېتىك پرىنسىپ ، ئۆلچەم ،
قۇرۇلمىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ، تاماشىبىنلارنىڭ
زوقلىنىش جەريانى بىلەن فىلىمنىڭ ئېستېتىك قىم-
مىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ . شۇڭا كىنو ئەدە-
بىياتىنى «كىنو - تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى» نىڭ
ئورنىغا دەسسىتىش بۇ پەننىڭ قانۇنىيىتىگە تۈپتىن
خىلاپ . بۇ بىزنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيىنىڭ ئۆزىدىكى
مەسىلىلەر بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ،
كىنو - تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى بىلەن تەنقىدنى بىر
تەرەپلىمە ھەتتا پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىپ كەلگەنلىكى-
مىزنى چۈشەندۈرىدۇ . كىنو - تېلېۋىزىيە ئىلمىنى

«ئەدەبىياتلاشتۇرۇش» ياكى كىنو ئەدەبىياتىنى «ئېس-تېتىكىلاشتۇرۇش» قارىماققا كەسىپلىشىپ كەتكەن-دەك تۇيغۇ بەرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كىنو - تېلېۋىزىيە ئىلمىنى كەسىپ نۇقتىسىدىن ھەققىي چۈشىنىش، كە-سىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىسىز. شۇنداقلا كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى مائارىپىنى ئالىي مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلاندۇ-رۇپ كەلگۈسىدىكى خادىملارنى توغرا نىشان بىلەن سىستېمىلىق، ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە نىسبەتەن چوڭ توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن زوقلىنىش دەرسى يوق ھېسابتا، نەزەرىيە قۇرۇلۇشى ئاجىز، بۇ نەزەرىيە ۋە چۈشەنچىلەر كونا، قاتمال، ئەمەلىيەتچانلىقى ئىگە ئەمەس، يەنى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ نادىر فىلىم-لىرى بىلەن دۆلەت ئىچىدە ئىشلەنگەن مىللىي تېمىدى-كى فىلىملەرنى تاللاپ، نىشانلىق ھالدا كۆرسىتىپ، تەھلىل قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئىنتايىن كەم.

ئەگەر كىنو - تېلېۋىزىيە ئىلمىنى بۇنىڭدىن كې-يىن شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات ۋە سەنئەت كەسىپلىرىدە، ھەرقايسى رادىئو - تېلېۋىزىيە كەسپىي مەكتەپلىرىدە ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىن-سانشۇناسلىق تەربىيىسى ۋە ساپا مائارىپىنىڭ جانلىق شەكلىگە ئايلاندۇرىمىز دېسەك، ئۇ چاغدا بۇنى سىستې-مىلىق، مۇستەقىل بىر پەن سۈپىتىدە ئۆز قانۇنىيەت-لىرى بويىچە پەن قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ھەقىقىي كىنو - تېلېۋىزى-يە سەنئىتى ئېڭى بىلەن كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدى

ۋە ئېستېتىكىسىدىن تەركىب تاپقان كىنو - تېلېۋىزىيە مائارىپىنى تىكلەش قىممىتى زور ئەمما ئىنتايىن مۇشكۇل جەرياندۇر . بۇ شىنجاڭدىكى ھەر- قايسى ئالىي مەكتەپلەردىكى سەنئەت ساپا مائارىپى ، فىلولوگىيە مائارىپىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىسى .

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەكبەر ئېلى
زەمىرە پىدائىي
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات تاجى

# ئۇيغۇرلاردا كىنو - تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى

ئاپتورى: ئىقبال تۇرسۇن
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1/32 850×1168 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 7.25
2005 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىلى 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 2500 — 1
ISBN 7—228—09488—3
باھاسى: 12.00 يۈەن

ئەدەبىياتىدىن ھېكمەت ئۈنچىلە-
رى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىن-
غان. ھازىرغىچە «ئۇيغۇر كلاسسىك
شېئىرىيىتى ھەققىدە تەتقىقات»،
« < قۇتادغۇبىلىك > ۋە ئۇيغۇر
ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات مائارىپى» قا-
تارلىق دۆلەت ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك
تۆت تەتقىقات تېمىسىنى مۇستە-
قىل ئىشلىگەن ۋە ئىشلەشكە قاتـ-
ناشقان. دۆلەت ئىچىدىكى خەنزۇ ۋە
ئۇيغۇر تىلىدىكى نوپۇزلۇق مەتبۇ-
ئاتلاردا ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى،
مەدەنىيەت ، مائارىپ، ئېستېتىكا ۋە
كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىگە ئا-
ئىت 60 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي
ماقالە ۋە ئوبزور ئېلان قىلغان.
ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە رو-
ھىيەت تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان
«ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا
ئازاب ئېڭى ۋە ھايات ئۆلۈم قاراش-
لىرى»، «بىر ئەسىرلىك ئازاب ۋە
قارشىلىق»، «ئۇيغۇر قەدىمكى دەپ-
نە ۋە ئۆلۈم مەدەنىيىتى» قاتارلىق
بىر يۈرۈش ئەسەرلىرىنى يېزىپ
پۈتتۈردى.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات تاجى




ISBN 7-228-09488-3

9 787228 094882 >

ISBN 7 - 228 - 09488 - 3

（民文） 定价: 12.00 元